# كېرىيە تارىخ ماتېرىياللىرى

## (2)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى كېرىيە
ناھىيىلىك كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى
ئىشخانىسى تۈزدى

2002. 9

# «كېرىيە تارىخ ماتېرىياللىرى» تەھرىر ھەيئەت ئەزالار ئىسملىكى

**تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى:** ئەيسا توختى

**مۇئاۋىن تەھرىر ھەيئەت مۇدىرلىرى:** جاۋ شىجيەن، رەھىم نىياز، نۇرى ئىمىن، ئابدىراخمان يۈسۈپ، لى چىڭخۇا، جۇرئەت داۋۇت

**تەھرىر ھەيئەتلەر:** ئابدۇقادىر تۇرسۇن، ئابدۇرشات مۇساجان، ئابدىكېرىم قاسىم، مەتتىمىن ئوسمان، مەتتىمىن ھاشىم، مەھەممەتئەيسا قۇربان، جۇرئەت داۋۇت، مەتتۇرسۇن سۇلايمان، مەتتۇرسۇن ئوبۇلقاسىم، مەتتىمىن مەتسىدىق.

**باش مۇھەررىر:** ئەيسا توختى

**مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:** نۇرى ئىمىن، جۇرئەت داۋۇت، مەھەممەتئەيسا قۇربان

**مەسئۇل مۇھەررىر:** مەتتۇرسۇن ئوبۇلقاسىم

**مۇھەررىرلەر:** مەتتۇرسۇن ئوبۇلقاسىم، جۇرئەت داۋۇت



1998 ـ يىلى ماي ئايلىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۇسۇپ
ئەيسا كومىتېتىمىزنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى.



1999 - يىلى ئىيۇل ئايلىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ماۋ دېخۇا ناھىيىمىزدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە كومىتېتىمىزنىڭ رەئىسى ئەيسا توختى بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



ئەيسا توختى، ئەر، ئۇيغۇر، 1945 ـ يىلى 6 ـ ئايدا كېرىيە ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1969 ـ يىلى 8 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. پارتىيە ئەزاسى.

1964 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1969 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە شىنجاڭ 1 ـ ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ دېھقانچىلىق فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. تولۇق كۇرس مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە.

1969 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1982 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە كېرىيە ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىك كېڭەيتىش پونكىتىدا تېخنىك بولۇپ ئىشلىگەن. 1982 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1984 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە كېرىيە ناھىيە قارقى يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1984 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1985 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە كېرىيە ناھىيىلىك پارتكوم يېزا خىزمەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1985 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1987 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە كېرىيە ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. 1987 ـ يىل 4 ـ ئايدىن 1993 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە كېرىيە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولغان. 1993 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 1997 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە كېرىيە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان.

1998 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن ھازىرغىچە كېرىيە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە:



جاۋ شىجيەن، ئەر، خەنزۇ، 1944 - يىلى 12 - ئايدا خېنەن ئۆلكىسى شىبنيالڭ ناھىيىسى زوخېي كەنتىدە تۇغۇلغان. 1963 - يىل خىزمەتكە قاتناشقان. 1964 - يىلى 10 - ئايدا پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ چېگرا رايوننىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كېرىيە ناھىيىسىگە كەلگەن.

يولداش جاۋ شىجيەن كېرىيە ناھىيىسىدە پۇل - مۇئامىلە، سودا - سانائەت، مائارىپ، كادىرلارنى تەربىيىلەش جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلغان. 1966 - يىلى 11 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان. 1996 - يىلى 11 - ئايدا سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىسلىككە تولۇقلاپ سايلانغان.

1997 - يىلى 12 - ئايدا، سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان.



رەھىم نىياز، ئەر، ئۇيغۇر، 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن بازىرى تۆۋەن مەھەللە كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئالىي تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە.

1969 - يىلى 3 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. 1970 - يىلى 2 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن.

1969 - يىلى 3 - ئايدا ھەربىي سەپكە كىرىپ 1972 - يىلى 3 - ئايغىچە كېرىيە ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئىترەتتە جەڭچى، بەنجاڭ بولغان.

1972 - يىلى 3 - ئايدىن 1983 - يىلى 8 - ئايغىچە كېرىيە ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۇسى ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ سەنمۇسى بولغان.

1983 - يىلى 8 - ئايدىن 1984 - يىلى 9 - ئايغىچە نىيە ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۇسى ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان.

1984 - يىلى 9 - ئايدىن 1985 - يىلى 12 - ئايغىچە نىيە ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۇسىنىڭ مۇئاۋىن بۇجاڭى بولغان.

1986 - يىلى 1 - ئايدىن 1996 - يىلى 11 - ئايغىچە كېرىيە ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۇسىنىڭ بۇجاڭى بولغان. 1996 - يىلى 12 - ئايدىن 1997 - يىلى 12 - ئايغىچە كېرىيە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ (جىلاڭ ناھىيە دەرىجىلىك) دائىمىي ھەيئىتى بولغان.

1998 - يىلى 1 - ئايدىن ھازىرغا قەدەر سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى (جىلاڭ ناھىيە دەرىجىلىك)، كېرىيە ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىمەكتە.



ئابدىرامان يۈسۈپ، ئەر، ئۇيغۇر، كومپارتىيە ئەزاسى، 1943 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ شىۋول يېزىسىدا تۇغۇلغان. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە. 1970 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. شۇنىڭدىن بېرى كاتىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قوي خوجۇلۇق فېرمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىۋول يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى، قوشۇمچە قوي خوجۇلۇق فېرمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1995 - يىلى سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تولۇقلاپ سايلانغان. 1997 - يىلىدىن بۇيان سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە قوي خوجۇلۇق فېرمىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلمەكتە.



لى چېڭخۇا، ئەر، خەنزۇ، 1951 - يىل شەندۇڭ ئۆلكىسىدە تۇغۇلغان.

1971 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خىزمەتكە قاتناشقان. 1971 - يىلدىن 1981 - يىلغىچە قەنت زاۋۇتىدا ئىشلىگەن. 1981 - يىلدىن 1994 - يىلغىچە ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتىگە دىرېكتور بولغان.

1994 - يىلدىن 2002 - يىلغىچە كېرىيە ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى بولغان. 1997 - يىلى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەندىن بۇيان ھازىرغىچە سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.



مۇھەممەتتۇرى ئىمىن، ئەر، ئۇيغۇر، ئالىي مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە. 1952 - يىلى 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭ كېرىيە ناھىيىسىنىڭ توغرىغاز يېزا قۇمباغ مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1975 - يىلى 8 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. 1976 - يىلى 2 - ئايدا ج ك پ گە ئەزا بولغان. 1975 - يىلى 8 - ئايدىن 1985 - يىلى 5 - ئايغىچە ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 1985 - يىلى 5 - ئايدىن 1988 - يىلى 5 - ئايغىچە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ تەشكىلاتچىسى بولغان. 1988 - يىلى 5 - ئايدىن 1989 - يىلى 5 - ئايغىچە ناھىيىلىك پارتكوم يېزا خىزمەت بۆلۈمىدە مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، 1989 - يىلى 5 - ئايدىن 1991 - يىلى 11 - ئايغىچە ئارىش، شەمبازار يېزىسىدا پارتكوم شۇجىسى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 1991 - يىلى 11 - ئايدىن 1996 - يىلى 11 - ئايغىچە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، قوشۇمچە شەمبازار بازارلىق پارتكومنىڭ شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 1996 - يىلى 11 - ئايدىن 1999 - يىلى 6 - ئايغىچە كېرىيە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولغان. 1999 - يىلى 6 - ئايدىن ھازىرغىچە سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلمەكتە.



جۇرئەت داۋۇت، ئەر، ئۇيغۇر، 1947 - يىلى شىنجاڭ كېرىيە ناھىيىسىنىڭ شەمبازار بازىرى تاغداشمان مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئالىي مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە. 1966 - يىلى 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، ئىلمىي مۇدىر قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1982 - يىلى 11 - ئايدا كېرىيە يېڭىباغ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، مۇئاۋىن شۇجى، شۇجى بولغان. 1986 - يىلىدىن 1988 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت كادىرلىرىنى باشقۇرۇش كەسپىدە ئوقۇغان. 1988 - يىلى 8 - ئايدىن 1999 - يىلى 11 - ئايغىچە قاراقىر يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 1999 - يىلى 11 - ئايدىن 2001 - يىلى 10 - ئايغىچە ناھىيىلىك پارتكوم يېزا خىزمەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 2001 - يىل 10 - ئايدىن ھازىرغىچە سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىق، 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئەتلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلمەكتە.



ئىمىن ھاجىم شەيخ، ئەر، ئۇيغۇر، 1919 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭ كېرىيە ناھىيىسىنىڭ جاي يېزىسىدا تۇغۇلغان. باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە. 1982 - يىلى سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلانغان. 1992 - يىلى كېرىيە ناھىيىلىك چوڭ جامەسىنىڭ خاتىپلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1997 - يىلى 12 - ئايدا سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلانغان. ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.



مەتسىدىق ھاجىم، ئەر، ئۇيغۇر، شىنجاڭ كېرىيە ناھىيىسىنىڭ جاي يېزىسىدىن، 1946 - يىلى تۇغۇلغان. باشلانغۇچ مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە. سودا - سانائەت ساھەسىدىن. 1997 - يىلى 12 - ئايدا سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلىكىگە سايلانغان. ھازىر ناھىيىلىك يەككە ئىگىلىكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەۋاتىدۇ.

# مۇندەرىجە

## ئۈمىد ۋە تەكلىپ

تارىخنى ئۆرنەك قىلىپ، ناھىيىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقىرايلى ........................
........................................................ ئەيسا توختى (1)

## ئىزدىنىش

يۇملاق قۇم كونىشەھىرى........................ نەن شياڭخۇڭ (5)
دۇنيا نەزىرىدىكى كېرىيە دەريا بويى ......... جۇمەنىياز تۇرسۇن (13)
تارىخنامىلەردە تىلغا ئېلىنغان قەدىمكى شەھەر دۆلىتى ـ «ئۇتۇنتات»
توغرىسىدا .............................. ئابدۇخالىق مەتتۇرسۇن (55)
كېرىيە يەر ئىسىملىرىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى توغرىسىدا ئىزدىنىشلىرىم
........................................................ ئابدۇكېرىم قاسىم (66)
«قەۋمى شەھىدان» تىلاۋەتخانىسى توغرىسىدا....... بارات ئىمىن (79)
كېرىيىنىڭ شال تېرىقچىلىق تارىخى ھەققىدە.................................
........................................................ جۇمەنىياز تۇرسۇن (92)
ئابدۇللاخاننىڭ كېرىيىگە قىلغان سەپىرى ۋە «مۇقام ئاتا» ۋە كېرىيە تارىخىدا ئۆتكەن غوجىلار توغرىسىدا ................ ئابدۇكېرىم قاسىم (97)
كېرىيە تارىخىي خاتىرىلىرىدىن قىسقا قۇرلۇق چاتما بايانلار...........
........................................................ بارات ئىمىن (111)

## مائارىپىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىز

كىبرىيە ناھىيىسىنىڭ مائارىپ تارىخى ......... ئابدۇكېرىم قاسىم (161)
كىبرىيە ناھىيىسىنىڭ چوڭلار مائارىپى تارىخى.........
......................... ئابدۇغېنى ھاشىم (185)
كىبرىيە تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر خەلق سەنئەتكارلىرى.........
......................... ئابدۇخالىق مەتتۇرسۇن (200)
كىبرىمكام سىتە توغرىسىدا ئەسلىمە ............ بارات ئىمىن (211)

## ئۆچمەس ئىزلار

«كىبرىيىنىڭ ئازادلىق تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق 400 پىدائىيسى»
توغرىسىدا ئەسلىمە ................ ئەخمەت ئىسلام (219)

## ئەينەك

كىبرىيە ناھىيىسىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى
ھەققىدە ئەسلىمە ...................... ئابدۇقادىر ئابدۇۋەلى (233)

## ئاڭلىغانلىرىمىز

كىبرىيىنىڭ «داڭلىق قاشتېشى» توغرىسىدا ...... بارات ئىمىن (266)
كىبرىيە ـ مۇھاجىرلارنىڭ ئىككىنچى ماكانىدۇر...... بارات ئىمىن (272)

## ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن

كىبرىيىنىڭ دەريالىرى، بۇلاقلىرى، كۆللىرى، سۇ ئامبارلىرى ۋە سۇچېلىق
ئىشلىرىدىكى تەرەققىياتى......................
........................ مۇنەۋۋەر بارات (282)

# تارىخنى ئۆرنەك قىلىپ تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ناھىيىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقىرايلى

ئەيسا توختى

ھەممىگە مەلۇمكى، كېرىيە قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي غول لىنىيىسىگە جايلاشقان، تارىخى ئۇزۇن يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇپ، تارىختا ئاجايىپ زور ۋەقە - ھادىسىلەر ھەم ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ئۆتكەن. ئەمما كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، يۇرتىمىزنىڭ ئاشۇ ئۇزۇن، مول تارىخىنىڭ ئازادلىق ھارپىسىدىكى ھەم ئازادلىقتىن كېيىنكى تارىخىنىڭ بىر قىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان تارىخلىرى يېزىق ئارقىلىق قالدۇرۇلمىغان ياكى قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، يەنە تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

يۇرتىمىزنىڭ بىز توپلىماقچى بولغان ئاشۇ تارىخىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ھەربىي ئىشلار، قائىدە - قانۇن، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەنئەت، ساقلىقنى ساقلاش، يېزا ئىگىلىك، سودا - سانائەت قاتارلىق ھەرقايسى

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەزكۇر توپلامدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر بېكىتىلگەن تارىخ ھۆكۈمى ياكى كىرىيە ناھىيىسىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخ تەزكىرىسى بولماستىن، بەلكى تارىخنىڭ خام ماتېرىيالىدۇر. شۇڭا ماقالە ئاپتورلىرىنىڭ ئوخشىمىغان مەيدان ۋە قاراشتا تۇرۇپ، ۋەقە، ھادىسىلەرنى بايان قىلىشقا، ئۆزى بىلگەن، كۆرگەن، ئاڭلىغان ئەھۋاللارنى قالدۇرماي يېزىشقا يول قويۇلدى. شۇڭا ماقالىلەردە يا ئۇنداق، يا مۇنداق سەۋەنلىكلەر بولسا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تولۇقلاپ تۈزىتىشىگە، بۇ ھەقتە مەخسۇس تەنقىدىي ماقالە، ئەسلىمە خاتىرىلىرىنى تارىخي ماتېرىياللار كومىتېتى ئىشخانىسىغا ئەۋەتىشكە بولىدۇ.

تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتى نۆۋەتتە ئىككى مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجى، مەنىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتىنىمىز بىرلىكىنى قوغداش، يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سەپنى مۇستەھكەملەشتە بەلگىلىك رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

تارىخ جاھاننىڭ ئەينىكى، ھەرقانداق بىر دۆلەت، بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى تارىخىغا تايىنىپ كەلگۈسى يارىتالايدۇ. بىزنىڭ تارىخي ماتېرىياللارنى كەڭ كۆلەمدە توپلىشىمىزدىكى مەقسەت تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۆتكەن ئىشلار ۋە كىشىلەر توغرىسىدا توغرا، ئىلمىي يەكۈن چىقىرىپ، كېيىنكىلەرنى تارىخنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ۋە تارىخنىڭ ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ماركسىزم، لېنىنىزملىق

تەرەپلەرنى ئۆزئىچىگە ئالغاندىن باشقا، تارىخىي شەخسلەر، يېزا، كەنت، ھەم يۇرتلارنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى، سۇ-تۇپراق، تەبىئەت ھادىسىلىرى، خەلق تۇرمۇشى، مىللەت ئەھۋالى، مىللىي-دىنىي ئىشلار، مەشھۇر كىشىلەر توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەر، ھەر خىل ئاسارە ئەتىقىلەر قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. «كېرىيە تارىخ ماتېرىياللىرى» يۇرتىمىزنىڭ ئەنە شۇ قەدىمكى تارىخىدىن باشلاپ ھازىرغىچە بولغان بىر پۈتۈن تارىخىنى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىنەزەر بويىچە تارىخنىڭ چىنلىقىغا ھۆرمەت قىلىپ، كۆمۈلۈپ قېلىش ئالدىدا تۇرغانلىرىنى ئاۋۋال جىددىي قۇتقۇزۇش، ئالىقاچان كۆمۈلۈپ قالغانلىرىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈپ، كۆرگەن-ئاڭلىغان ھايات شاھىدلاردىن ئەستايىدىللىق بىلەن سوراپ ئىگىلەپ، قۇتقۇزۇش ئاساسىدا ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى توپلاپ، نەشر قىلىش ئارقىلىق يۇرتىمىزنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇرغۇزۇپ چىقىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى، بولۇپمۇ ياش-ئۆسمۈرلەرنى ئەمەلىي، جانلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىق تەربىيىسى ماتېرىيالىغا ئىگە قىلىپ، كوممۇنىستىك غايە ھەم ئىستىلىنى داۋاملىق يېتىلدۈرۈپ، «كېرىيىنى ئېچىش، كېرىيىنى گۈللەندۈرۈش» ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز تۆھپە يارىتىدىغان قەيسەر ئىرادىنى يېتىلدۈرۈش ۋەزىپىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، قەرەلسىز ھالدا ئۈزۈلمەي نەشر قىلىنىدىغان تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمىدۇر.

# يۇمىلاق قۇم كونىشەھىرى

ئەن شياڭخۇڭ

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆمۈلۈپ ياتقىنىغا 2000 يىلدىن ئاشقان بىر كونىشەھەر ئۈستۈۋېشىدىكى قۇملارنى قېقىۋېتىپ ئورنىدىن دەس تۇردى.

بۇنىڭدىن 2135 يىل بۇرۇنقى بۇ كونىشەھەر ۋە قەدىمكى قەبرىلەرنى شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن فرانسىيە دۆلەتلىك پەن - تەتقىقات مەركىزىنىڭ 315 - تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان جۇڭگو - فرانسىيە بىرلەشمە كېرىيە دەرياسى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا بايقىغان. كونىشەھەرنىڭ ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 81°34′، شىمالىي پاراللېل 38°52′ بولۇپ، مېرىدىئان بىلەن پاراللېلنىڭ كېسىشكەن جايى دەل تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ مەركىزى. قۇملۇقىنىڭ مەركىزىدە ھەقىقەتەن ئىنسان ياشىغانمۇ؟ يۇرت - ماكان بولغانمۇ؟ بولغان.

لېكىن تېخىمۇ سىرلىق يېرى شۇكى، بۇ كونىشەھەر ھەققىدە ھېچقانداق مەدەنىيەت تارىخىدا نىيە، كىروراننىڭكىدەك خاتىرە يوق.

ئەينى زاماندا تارىم ئويمانلىقىنى كېزىپ قىدىرىپ نۇرغۇن مۇشكۈلاتلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن سۇۋېن ھېدىنمۇ ئۇنىڭ

توغرا مەيدان، نۇقتىئىنەزەرگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. نۆۋەتتىكى رېئاللىققا قارايدىغان بولساق، نۇرغۇن قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار ئۆز ۋاقتىدا قۇتقۇزۇۋېلىنماي ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان زىيان كېلىپ چىقتى. تارىخنىڭ نۇرغۇن شاھىدلىرى ۋە تارىخچىلار ئۆزلىرىدىكى مول تارىخىي «بىلىم خەزىنىسى»نى ئېلىپ، ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالدى. كۆپلىگەن قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار، ھۆججەتلەر، تەزكىرە، قولىيازمىلار ئۆز ۋاقتىدا يىغىۋېلىنماي نابۇت بولدى. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى تارىخىي ۋەقە - ھادىسىلەر ئەستىن كۆتۈرۈلدى. ئەمدى يەنە كېچىكتۈرىدىغان بولساق، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئالدىدا يۈز كېلەلمەيدىغان، ھەتتا تارىختىكى چوڭ ۋەقە - ھادىسىلەر ۋە تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدا بىر مۇنچە ئۇقۇشماسلىقلار كېلىپ چىقىش مۇمكىن. شۇڭا ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى زاتلارنىڭ ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزلىرى كۆرگەن، ئاڭلىغان، بىلگەن ۋەقە - ھادىسىلەر توغرىسىدا ماقالە، ئەسلىمە يېزىپ، كېيىنكىلەر ئۈچۈن مۇناسىپ ئىز قالدۇرۇشىنى سورايمەن.

ۋاقىتنىڭ نۇر تېزلىكىدە ئۆتۈشى بۈگۈننى ئەتىنىڭ تارىخى سۈپىتىدە قالدۇرۇپ كېتىۋېتىدۇ. يىللار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئىزلىرىمىزنى كۆمۈشكە ئالدىرايدۇ. . . شۇڭا بىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ناھىيىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، يۈرەك قېنىمىز، پېشانە تەرىمىز ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدە موھۇر بولۇپ بېسىلغۇدەك ئىزلارنى قالدۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشايلى!

فرانسيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى بۇ كونىشەھەرنىڭ ئەڭ زور مەخپىيىتى ۋە ئەڭ زور گۇمانلىق تۈگۈنلىرىنى يېشىپ دۇنياغا جاكارلىدى.

بۇ شەھەر نۆۋەتتە شىنجاڭدا بايقالغان ئەڭ بالدۇرقى قەدىمكى شەھەر بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋرى غەربىي خەن سۇلالىسى زامانىسىغا، يەنى بۇنىڭدىن (50 ± 2136) يىل ئىلگىرىگە توغرا كېلىدۇ.

بۇ جايدىن بايقالغان ئېرىق - ئۆستەڭ ۋە سۇغىرىلىدىغان يېزا ئىگىلىكى شىنجاڭدا ئەڭ بالدۇر بايقالغان ئېرىق - ئۆستەڭ ۋە سۇغىرىلىدىغان يېزا ئىگىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ جايدىكى ئادەملەرنىڭ نەسلى ئۆزگىچە بولۇپ، قاڭشارلىق، ئورا كۆز، قوڭۇر چاچ ئىكەن.

ئارخېئولوگلار ئايلانمىسى بىر كىلومېتىرچە كېلىدىغان سېپىل قورۇلمىسىنىڭ ناھايىتى ئاددىي، ئىپتىدائىي ئىكەنلىكىنى، سېپىلگە بىر-بىر پارچىمۇ كېسەك ئىشلىتىلمىگەنلىكىنى، سېپىلنىڭ ئەگرى - بۈگرى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. سېپىلنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان 473 مېتىرچە قىسمىنىڭ توغراق ياغىچىنى خادا قىلىپ يۇلغۇن شاخلىرى بىلەن توقۇلغانلىقىنى، ئاندىن لاي، تېزەكلەر بىلەن سۇۋالغانلىقىنى بايقىدى.

شەھەردە شەرقىي قوۋۇق، جەنۇبىي قوۋۇقتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دەرۋازا بار ئىكەن. جەنۇبىي قوۋۇقنىڭ كۆلىمى بىرقەدەر زور بولۇپ، بىرقەدەر پۈتۈن ساقلىنىپ قالغان، شەھەر دەرۋازىسى پۈتۈن ھەم يوغان توغراق ياغىچىدىن ياسالغان. بۇ شەھەرنىڭ كۆلىمى ناھايىتى زور بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ

يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇ قارادۆڭ كونىشەھىرىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان چېغىدا، بۇ جايدىن 40 كىلومېتىرچە كېلىدىغان قۇم دېڭىزى ئىچىدىكى بۇ شەھەرنى بايقىمىغان، سۋېن ھېدىن ئۆزى قېزىپ تاپقان ئەتىۋارلىق بۇيۇملارنى ئېلىپ قۇملۇقتىن كەتكەن، ئۇ قارادۆڭ - ئىنسانىيەتنىڭ كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا ياشىغان ئەڭ ئاخىرقى تۇرار جايى، دەپ قارىغان.

بۇ يەرگە ستەيىن، پرېژېۋالىسكى، پېللىئوت، جوۋي رۇيچاۋ، خۇاڭ ۋېنبىيلارمۇ ئاياغ باسمىغان.

جۇڭگو - فرانسىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى سۈنئىي ھەمراھ تارتقان فوتو سۈرەتلەرگە ئاساسەن، قارادۆڭنىڭ غەربىي - شىمال يۆنىلىشىدە، كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا يەنە بىر تېخىمۇ زور، تېخىمۇ قەدىمكى دىلتا بار، ئۇ يەردە ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان تېخىمۇ بالدۇرقى ئىز بار، دەپ ھۆكۈم قىلغان.

جۇڭگو - فرانسىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىدرىس، ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، فرانسىيە ئارخېئولوگى ھېنرى. پاۋىل فرانكفورت، ئەترەت ئەزاسى جۇئىللالار تۆگە بىلەن قارا دۆڭدىن چىقىپ، غەربىي - شىمال يۆنىلىشىگە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، 4 - كۈنى قەدىمكى شەھەرگە دۈچ كەلگەن.

بۇ دەل 1994 - يىل 25 - ئۆكتەبىر ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا توغراق ياغىچى، يۇلغۇن شادىلىرىدىن توقۇلۇپ، لاي ۋە ھايۋانات قىغى بىلەن قوپۇرۇپ چىقىلغان سېپىل نامايان بولدى.

بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە خىزمىتى ئارقىلىق جۇڭگو -

مەنزىرىسىنى ھاسىل قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. يۇمىلاق قۇم كۆنىشەھىرى قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا كېرىيە دەرياسىغا تايانغان. بۇ دەريا كوئېنلۇن تېغىدىن باشلىنىپ، قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، تارىم دەرياسىغا قۇيۇلغانمۇ - يوق؟

1990 - يىلى شىنجاڭ كېرىيە دەرياسى ۋە تەكلىماكاننى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى قەدىمكى دەريا يولىنى بويلاپ جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ قۇملۇقنى پىيادە توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، كېرىيە دەرياسىنىڭ تارىختا ھەقىقەتەن قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ تارىم دەرياسىغا قۇيۇلغانلىقىنى، دەريانىڭ ئىككى ياقىسىدىكى بوستانلىقنىڭ كۆركەم يېشىل كارىدور ھاسىل قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىنسانلارنىڭ ياشىشىغا ناھايىتى باب كېلىدىغان بوستانلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. يۇمىلاق قۇم كۆنىشەھىرى دەل شۇ دەريانىڭ شەرقىي ياقىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاھالىلىرى مۇشۇ قۇملۇق ئىچىدىكى بوستانلىقتا ياشىغان.

شەھەر ئىچىدىن نۇرغۇنلىغان كالا سۆڭەكلىرى بايقالغان، ئارخېئولوگلار: يۇمىلاق قۇملۇقلار كالا ئىشلىتىپ تېرىقچىلىق قىلغان، دەپ پەرەز قىلدى.

شەھەر ئىچىدىن يەنە بۇغداي، تېرىق، ئۈزۈم قاتارلىق زىرائەتلەر تېپىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر جايدىن تېپىلغان تېرىق خۇددى ئالتۇندەك پارقىراق ئىكەن.

شەھەر ئىچى ۋە سىرتىدىن تېپىلغان قوي، تۆگە، ئات، ئېشەك، ئىت قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ نۇرغۇن سۆڭەكلىرى بايقالدى. بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆي ھايۋانلىرىنى قوتانلاردا كۆپلەپ باققانلىقىنى

مەركىزىدە بۇنداق شەھەرنىڭ بايقىلىشى تۇنجى قېتىملىق ئىش. لېكىن شەھەر ئىچى ئاساسىي جەھەتتىن قۇم ئاستىدا قالغان. ئالتە ئورۇندىكى ئىمارەت خارابىسىدا شامالنىڭ ئۇپرىتىشى بىلەن يېرىم مېتىرچە كېلىدىغان تۇۋرۇك، ئۆي ئۇلىلا قالغان. بۇ جايدا قورۇق ئۆڭكۈرلەرمۇ بار ئىكەن. بۇلار ئاشلىق ئامبارلىرى بولسا كېرەك.

بەلكىم بۇ «خەننامە، غەربىي يۇرت (قورىقار) تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن «ئاھالىسى 3340 تۈتۈن، نوپۇسى 20040 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 3540 نەپەر. . . جەنۇبىي چىرا (ھازىرقى كېرىيە ناھىيىسى)، شەرقىي شىمال كۇسەن (ھازىرقى كۇچا)، غەربىي شىمالىي قۇم (ھازىرقى ئاقسۇ) بىلەن تۇتۇشىدۇ. غەربىدىن خوتەنگە 390 چاقىرىم كېلىدۇ. . .» دېيىلگەن ئۇزۇن تېتىر بەگلىكى بولسا كېرەك!

خەننامىدە خاتىرىلەنگەن ئۇزۇن تېتىر - غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا قۇملۇق ئىچىدىكى روناق تاپقان بوستانلىق بەگلىكلىرىدىن بىرى ئىدى، لېكىن ئارخېئولوگلار ئۇزۇن تېتىر بەگلىكىنىڭ پايتەختىنى بۈگۈنگىچە تاپالمايۋاتىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭغا تەۋە رايونلار ۋە مەدەنىيەت ئىزلىرىنى ھەقىقىي مۇئەييەنلەشتۈرۈپ كېتەلمەيۋاتىدۇ، ئۇزۇن تېتىر ھازىرغىچە تارىم ئويمانلىقىدىكى بىر ئارخېئولوگىيىلىك سىر بولماقتا.

نۇرغۇنلىغان يالدامىلار بۇ يەرنىڭ بۇرۇن سۈيى مول، دەل - دەرەخلىرى سايە تاشلاپ تۇرىدىغان بوستانلىق ئىكەنلىكىنى، كىشىلەر شەھەر بىنا قىلىپ، خانلىق قورۇپ ياغاچلار بىلەن ئۆي - ئىمارەتلەرنى سالغانلىقىنى، سۇ باشلاپ تېرىقچىلىق قىلغان، مال - چارۋا باققان، ئوۋ ئوۋلىغان، قۇملۇقتا گۈزەل ئېكىنزارلىق

مىس ئەينەكمۇ بار ئىكەن.

يوقىلاق قوم شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى نەچچە كىلومېتىر دائىرىدە بىرەر تۈپمۇ توغراق قالمىغان، قالغىنى پەقەت قومدىنلا ئىبارەت. ۋاھالەنكى، شەھەردىن يىراقراق جايلاردا كىرىيە دەرياسى يېتىشتۈرگەن توغراقلار تېخىچە بار ئىكەن، بەلكى كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ھازىرغىچە ياشناپ كۆكىرىپ تۇرۇپتۇ.

«1000 يىلغىچە ئۆلمەيدۇ، ئۆلسە 1000 يىلغىچە يىقىلمايدۇ، يىقىلغان تەقدىردىمۇ 1000 يىلغىچە چىرىمايدۇ» دەپ تەرىپلىنىدىغان قۇملۇقتىكى بۇ باتۇر دەرەخنىڭ، شەھەر ئەتراپىدا نېمە ئۈچۈن بىرەر تۈپىمۇ قالمىغاندۇ؟

جاۋاب ناھايىتى ئېنىق: كونىشەھەردە ياشىغانلار كېسىپ قۇرۇتۇۋەتكەن.

جۇڭگو - فرانسىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى مۇنۇلارنى بايقىغان: شەھەر ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ياغاچ ماتېرىيالى ئىكەن. شەھەر سېپىلىغا زور مىقداردا ياغاچ ماتېرىيالى ئىشلىتىلگەن؛ شەھەرنىڭ قوۋۇق - دەرۋازىلىرى پۈتۈن توغراق ياغىچى بىلەن قوراشتۇرۇلغان؛ ئۆي - جايلارغا ياغاچنى گەۋدە قىلىپ، سىرتىغا كاكىل لاي سۇۋالغان، سوغا، ئورچۇق، تارغاق، ئاياغ - چۆچەكلەرگە ئىنسانلار نۇرغۇن ياغاچ ئىشلەتكەن، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن چوڭ توغراقنىڭ ئىچىنى ئويۇپ ياسالغان ساندۇققا سېلىپ دەپنە قىلغان.

زاۋال تاپقان چاغدىكى يوقىلاق قوم شەھىرى چوقۇم ناھايىتى ئېچىنىشلىق پاجىئەنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولۇشى مۇمكىن،

ئىسپاتلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بوْغا، توشقان، قۇشلارنىڭ سۆڭەكلىرىمۇ تېپىلدى. بۇ بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئالتە قەدىمكى قەبرە ئۈستىدىكى قوْم ئۆچۈپ كېتىپ يەر يۈزىگە چىقىپ قالغان. مۇتلەق كۆپ سانلىق قەبرىلەر ئۇزۇن مۇددەت ئاپتاپتا قېلىپ، ئۇنىڭدىكى ئاخىرەتلىك بۇيۇملىرىمۇ چىرىپ، چۇرۇكلىشىپ كەتكەن. لېكىن بىرقەدەر ياخشى ساقلانغان بىر قىسىم قەبرىلەردە ئورا كۆز، قاڭشارلىق، قوڭۇر چاچلىقلارنىڭ جەسىتى بايقالغان.

ئۇلار ئىچىگە توم يىپلىق يۇڭ رەخت كىيىم كىيگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى چىرايلىق گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن، سىرتىغا تېرە كىيىم كىيگەن، بېلىگە كەمەر باغلىغان، بېشىغا دوپپا كىيگەن، چېچىنى ئۆرىگەن، بەزىلىرى بېشىغا ياسىما چاچ كىيىۋالغان.

ئۇلارنىڭ قۇرامىغا يەتكەنلىرى قاۋۇل بولۇپ، گەۋدان ساقلانغان، گەۋدىسىغا ياتقۇزۇلۇپ پۈتىنى ئېگىپ قويغان بىر جەسەتنىڭ پاچاق سۆڭىكى ئۇزۇن ھەم توم بولۇپ، جۇڭگو تەرەپ ئارخېئولوگى جاڭ يۈنجۈڭ: بۇ ئادەمنىڭ ھايات چېغىدىكى بوي ئېگىزلىكى 1.80 سانتىمېتىردىن ئېشىشى مۇمكىن، دېگەن.

قەبرىلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ئاخىرەتلىك بۇيۇم بولىسىمۇ، كۆپ ئەمەس ئىكەن، يەنى ھەر بىر جەسەتنىڭ يېنىغا 1 ـ 2 دىن بۇيۇم قويۇلغان ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە مىس ئوق ئۇچى، ھېقىق، ئەينەك بېزەك بۇيۇملار ۋە ساپال قاچىلار بار ئىكەن. يەنە رىم، گرېتسىيە، مىسىر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالاردا كەڭ تارقالغان تۇتقىلىق

# دۇنيا نەزەرىدىكى كېرىيە دەريا بويى

**جۇمەنىياز تۇرسۇن**

*فرانسىيە پايتەختى پارىژدا ئېچىلغان كېرىيە دەرياسى ساھىلى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى «پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ شىنجاڭنى چۈشىنىش ۋە تونۇشىنى ئىلگىرى سۈردى»*

*ـ فرانسىيە رۇڭگىنۇگى شىرالى (2001 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى)*

20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا تەكلىماكان قۇملۇقىدا «ياۋايى ئادەملەر» تېپىلدى دەپ كىشىلەرنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغان، 90 ـ يىللارغا كەلگەندە ھېچقانداق تارىخي كىتابلاردا خاتىرىلەنمىگەن «شىنجاڭدىكى ئەڭ قەدىمي شەھەر» تېپىلدى دەپ ئېلان قىلىنىپ، يەنە بىر قېتىم جاھاننى ھەيران قالدۇرغان. 21 ـ ئەسىرنىڭ باش باھارىدا ئۆزىنىڭ قەدىمكى ئىزلىرى، تەبىئىي مۆجىزىلىرى، ئۆزگىچە قەدىمي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىلەن ياۋروپا خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس خاتىرىلەرنى قالدۇرغان سىرلىق جاي ـ «كېرىيە دەريا بويى»نى بىلەمسىز؟

## سۆز بېشى ـ ئاتالمىش «قۇملۇقتىكى ياۋا ئادەملەر»

بىز دەريا بويىدىن ئىبارەت تەكلىماكاندىكى بۇ سىرلىق

چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئۆز ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ ياقا يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشى تولىمۇ قىيىن تاللاش ھېسابلىنىدۇ. ئۆلۈم ياكى گۇمران بولۇشقا دۇچ كەلمىگەن بولسىلا، ئىشىنىمىزكى، ھەرقانداق بىر كىشى يۇرت - ماكانلىرىنى تاشلاپ كەتمىگەن بولاتتى.

بىر قەدىمكى شەھەر مانا شۇنداق قىلىپ قۇم ئاستىدا قالغان، ئىشىنەمسىز؟ شەھەرنىڭمۇ جېنى بولىدۇ، خۇددى ئادەمگە ئوخشاش ئۇمۇ نەپەس ئالىدۇ، ئۆسىدۇ، قۇدرەت تاپىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ئىجادكارلىقىنى قوغدايدۇ، شەھەر ئۆلسە، كىشىلەر ماكانسىز قالىدۇ.

ئورا كۆز، قاڭشارلىق، قوڭۇر چاچلىق كىشىلەر زادى نەگە سەرگەردان بولۇپ كەتكەندۇ؟ ئەگەر ئۇلار ھازىرغىچە بۇ دۇنيادا بىر قەبىلە بولۇپ ياشاۋاتقان بولسا ئۇلارنىڭ قېنىدا ناخشا، غەزەللىرىدە، ئۆرپ - ئادەتلىرىدە باغۇ - بوستانلىرىدىن ئايرىلغان چاغدىكى ئاھۇ - زارى ئەكس ئېتەمدىغاندۇ، ئۇلاردا مۇدھىش قۇمنىڭ كۆلەڭگىسى بارمىدۇ؟

يۇمىلاق قۇم كونىشەھىرى 2000 يىلدىن ئارتۇق زامانلارنى بېسىپ ئۆتۈپ بۈگۈنكى كۈنگە يېتىپ كەلدى، ئۇ پايانسىز كەتكەن قۇملاردىن بوستانلىققا نەزەر سالماقتا، ئۇ يەنە قانداق رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ، نېمىدىن بېشارەت بېرەركىن!؟

دۇنيادىن خەۋەرسىز هالدا خۇددى «جەننەت»تە ياشاۋاتقاندەك تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئۇلار توغراقلارنى كېسىپ سىلىنغان ئۆيلەردە ئولتۇرىدىكەن. كۈندۈزى كۈن نۇرىدىن سائەت ئورنىدا پايدىلانسا، كېچىسى ئاي يورۇقىدىن چىراغ ئورنىدا پايدىلىنىدىكەن. كۆپ هاللاردا ياۋا ئوتياش، مېۋە - چېۋە ۋە قوش - هايۋاناتلارنى ئاساسىي ئوزۇقلۇق قىلىدىكەن. ئۇنىڭدىن قالسا تېغ بىلەن يەر قېزىپ تېرىقچىلىق قىلىدىكەن. ئوۋ - ئوۋلايدىكەن، كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى كەچۈرىدىكەن. ئۇلار ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ئىناق ئۆتۈپ، سىرتنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچرىماي كەلگەنىكەن. بۇ يەردە هېچقانداق هۆكۈمەت، مەكتەپ، بازار ۋە ئەمەلدار، هەربىي - ساقچى، غەللە - پاراق تاپشۇرۇش، باج ئېلىش دېگەنلەر يوق ئىكەن. ئۇلارنىڭ چىڭ دەۋر خان پادشاهلىرىدىن قىلچە خەۋىرى بولمىغاننىڭ سىرتىدا، هەتتا يېقىنقى ۋاقىتلاردا ئۆتكەن گومىنداڭ ئاق تېررورلۇقى، جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى ۋە يەر ئىسلاهاتى، خەلق كوممۇناسى، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش، ئون يىللىق مالىمانچىلىق قاتارلىقلارنىڭ هېچقايسىسىدىن خەۋىرى يوق ئىكەن. قىسقىسى، دۇنيادا بولۇپ ئۆتكەن چوڭ - كىچىك سىياسىي هەرىكەتلەرنىڭ هەممىسىدىن خەۋەرسىز ئىكەن. ئۇلار ئاشۇ قوملۇقتىكى «جەننەت» ئىچىدە تۇغۇلۇپ، ئاۋۇپ، ئۆلۈپ تۇرىدىكەن. پەقەت ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنى هېسابقا ئالمىغاندا بۇ كۆچمەن چارۋىچىلىق خانلىقىنىڭ ياش ئەزىمەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا كېتەرلىك بۇيۇملارنى مەسىلەن، چاي،

جايىنىڭ بايقىلىشى ۋە دۇنيانى ئۆزىگە جەلپ قىلىشى ھەققىدە توختالغىنىمىزدا، 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا پەيدا بولغان يېڭى دەۋر ئەپسانىسى «قۇملۇقتىكى ياۋايى ئادەملەر» ھەققىدە سۆزلىمەي تۇرالمايمىز. 1988 - يىلى باش باھاردا بېيجىڭدا نەشر قىلىنىدىغان «يەر شارى» ژۇرنىلىدا «قۇملۇقتىكى خىلۋەت دۇنيا» ماۋزۇلۇق بىر پارچە قىسقا ماقالە ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالە «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 8 - سانىدا «تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى غايىۋى جەننەت» ماۋزۇسى ئاستىدا ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ بېرىلدى. ئاجايىپ ئەپسانە تۈسىنى ئالغان، يەنە كېلىپ جەمئىيەتتە كۆچلۈك غۇلغۇلا پەيدا قىلغان بۇ ماقالىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«دۆلىتىمىزنىڭ فىزىكىلىق قىدىرىپ تەكشۈرۈش خادىملىرى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا 200 كىلومېتىرچە كېلىدىغان بىر يېشىل كارىدور ۋە بۇ كارىدورغا قاراپ ئېقىۋاتقان بىر دەريا ئېقىنىنىڭ بارلىقىنى بايقىغان. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، بۇ بىر كىچىككىنە دەريانىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى تەخمىنەن 100 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بىر چىمەنزارلىقتا دۇنيادىن قىلچە خەۋىرى بولمىغان 200 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشايدىغان بىر كەنت بار ئىكەن. ئادىمىزات ئاياغ باسمىغان، ھەتتا ئۇچار قۇشلارمۇ بولمىغان بۇ بىپايان چۆل دېڭىزىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا جۇشقۇن، روھلۇق ياشاۋاتقان، ئىپتىدائىي دەۋر قەبىلىسىگە تەئەللۇق بولغان ئادەملەرنىڭ تېپىلغانلىقىنى خەلقئارا جامائەتچىلىك ئارىسىدا زىلزىلە پەيدا قىلغان. ئۇلار ھازىرقى

ئوينىدى. كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن «كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان كېرىيە»، «خاتا هالدا (ياۋايى ئادەم) دەپ ئاتالغان دەريا بويىلىقلار»، «دەريا بويىلىقلار توغرىسىدا ئىزدىنىش» دېگەندەك ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ، دەريا بويى ۋە دەريا بويىدىكى خەلقلەر ھەققىدىكى ئەمەلىي بولغان يېڭى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

دەريا بويى ئاجايىپ سىرلىق قەدىمكى ماكان، بۇ يەر 21 ـ ئەسىردە ياشاۋاتقان يېڭى دەۋر كىشىلىرىدە ھەيرانلىق ۋە قىزىقىش قوزغاش بىلەن شۇ جاينى كۆرۈپ چۈشىنىش توغرىسىدا ئاجايىپ يېڭى ئىستەكلەر قوزغايدۇ.

گېرمانىيىلىك پروفېسسور جورجى. خوفمان دەريا بويىنى كۆرگەندىن كېيىن ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا: «مەن دۇنيادىكى نۇرغۇن قۇملۇقلارغا بارغان. لېكىن قۇملۇق ئىچىدە كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان بۇنداق مەنزىرىنى كۆرۈپ باقمىغان. . . !» دەيدۇ.

سىزدىمۇ يېڭى ئىستەكلەر قوزغالغاندۇ. ئەگەر دەريا بويىغا قىزىقسىڭىز، ئۇ يەرنى چۈشەنمەكچى بولسىڭىز تۆۋەندىكى پارچىلارغا نەزەر سېلىڭ.

### 1. قۇم دېڭىزدىكى بوستانلىق ـ دەريا بويى

قۇرۇم تاغلىرىنىڭ قارلىق چوققىلىرىدىن باشلىنىپ، كېرىيە بوستانلىقى ئارقىلىق تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ تىنماي

تۈز، خام رەخت قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۆزلىرى توپلىغان تېرىلەرگە ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن تۆگىگە مىنىپ، بېرىپ - كېلىشى 16 كۈنلۈك بولغان قاقاس قۇملۇق سەپىرىنى باسىدىكەن. ئۆتمۈشتە بەزى ئېكسپېدىتسىيىچىلەر بۇ قۇملۇقتىكى «جەننەت»دە بىر قېتىم چاقىرىلمىغان مېھمان بولۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىدىن سەككىز، توققۇزى قۇم دېڭىزىغا غەرق بولۇپ، كىرىسە چىقالماس ئەرۋاھلارغا ئايلانغان.

بۈگۈنكى كۈندە قۇقلۇقنىڭ ئەڭ ئىچكى قىسمىدا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن 200 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر چارۋىچىلار ئېكولوگىيىلىك مۇھىت جەھەتتە ئەڭ خەتەرلىك بولغان دەھشەتلىك جەزىرە ئىچىدە ئەڭ قالاق ۋە ئەڭ جاپالىق ئەمگەكلەرنى قىلىپ، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان ھالدا ئۆزلىرىنىڭ جەننىتىنى قۇرۇپ چىققان.

تەكلىماكان نېفىتلىكىنىڭ ئېچىلىشىغا ۋە بۇ بىپايان چۆل - جەزىرىدە بارلىققا كېلىدىغان تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بۇ قۇم دېڭىزىنىڭ ئىچىدىكى «جەننەت» كەلگۈسىدە مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئالىملار ۋە ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلغۇسى».

دەريا بويىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن، پەقەت ئالدىراقسانلىق بىلەن يېزىلغان. بۇ ماقالە ئېلان قىلىنىش بىلەن تەڭ، كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىق تۇيغۇسىنى قوزغاپ، دەريا بويى قىزغىنلىقىنىڭ پەيدا بولۇشىدا ۋە ئەسىرلەر بويى ئۇيقۇدا ياتقان بۇ خىلۋەت ماكاننىڭ جانلىنىشىدا مۇئەييەن تۈرتكىلىك رول

بولۇپ قۇرۇلۇپ، ئەترەت باشلىقلىرى سايلانغان. 1961 - يىلى دەريا بويىدا پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلغان. 1960 - يىلى دۆلەت بەرگەن بىرقانچە يۈز يۈەن بىلەن ئاددىغىنە ياتاقلىق مەكتەپ سېلىنىپ، 35 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. 1965 - يىلىغا كەلگەندە، ئۇلاردىن 28 نەپىرى لاياقەتلىك ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، پۈتكۈل كەنت بويىچە تۇنجى ئەۋلاد ساۋاتلىق كىشىلەردىن بولۇپ قالغان. بۇ مەكتەپ تاكى 1985 - يىلى ئۆرۈلۈپ، ۋەيران بولغانغا قەدەر مۇقىم ئوقۇغانلار ئاز بولسىمۇ، ھەر يىلى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ تۇرغان. شۇنداق بولسىمۇ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش توختاپ قالمىغان. مەتتۇرسۇن سىدىق ئىسىملىك ئوقۇتقۇچى ئېشەككە مىنىپ ئائىلە بىلەن ئائىلە ئارىلىقى يىراق كۆنلۈك مۇساپىنى ئېشەككە مىنىپ بېسىپ، ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇرغان. 1989 - يىلى ھاكىم ئابدىراخمان قۇربان (ھازىر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى) دەريا بويىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىن مەبلەغ ھەل قىلىپ ئومۇمىي كۆلىمى 538 كۋادرات مېتىرلىق سىنىپ، ياتاق، ئىشخانا، تەجرىبىخانا، ئاشخانا سالغان. بۇ چاغدا مەكتەپكە ئالتە ئوقۇتقۇچى سەپلەنگەن بولۇپ، 86 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. 1994 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ تەسىس قىلىنغان. 2001 - يىل 6 - ئايدا سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غوپۇر ئابدۇللا كۆلىمى 300 كۋادرات مېتىر، قىممىتى بىر مىليون يۈەنلىك زامانىۋى مەكتەپ قۇرۇپ بەرگەن. ھازىر بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى 18 نەپەر،

ئاقىدىغان كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا، كېرىيە ناھىيە بازىرىدىن شىمالغا 237 كىلومېتىر يىراقلىقتا، دەريا تاشقىن سۇلىرىنىڭ قويۇلۇشى، سىزىپ چىققان بۇلاق سۈيى بىلەن ياشىرىپ تۇرىدىغان قۇملۇق ئارىسىدىكى سىرلىق جاي «كېرىيە دەريا بويى يېزىسى» جايلاشقان.

دەريا بويى يېزىسى توغراق، يۇلغۇن، قومۇش، ياۋا جىگدە قاتارلىق تەبىئىي ئورمانلىقلار بىلەن قاپلانغان 1 مىليون 200 مىڭ موغا يېقىن كۆلەمگە ئىگە بوستانلىق زېمىن.

دەريا بويى ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئىككى نەپەر ئاقساقالنىڭ باشقۇرۇشىدىكى 70 كە يېقىن ئائىلە، 280 نەچچە نوپۇس ۋە 11 مىڭدەك چوڭ - كىچىك چارۋىسى بار كىچىك يايلاق ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، تەرەققىي قىلىپ 172 ئائىلە، 832 نوپۇس، 24 مىڭ 411 تۇياق چوڭ - كىچىك چارۋىسى بار كەسپىي چارۋىچىلىق رايونىغا ئايلانغان.

بۇ جاي ئەسلىدە «دەريا بويى كەنتى» بولۇپ كېرىيە دەريا بويى ھۆكۈمەتسىز جاي بولماستىن بەلكى ئازادلىقتىن بۇرۇنلا ئەينى دەۋردىكى ھاكىمىيەت ئورگانلىرى تەرىپىدىن ئاقساقال ئەۋەتىلىپ باشقۇرۇلۇپ تۇرغان ھەمدە مەلۇم مىقداردا باج ۋە ئۆشرە - زاكات ئېلىنغان. ئازادلىقتىن كېيىن، يەنى 1950 - يىلى بۇ جايدا كەنت دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى قۇرۇلۇپ، سايلام ئارقىلىق كەنت باشلىقى سايلاپ چىقىلغان. 1959 - يىلى بۇ كەنت كېرىيە ناھىيىسىنىڭ قاچۇن گۇڭشېسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى

ھەل قىلىپ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى چارۋىچىلارغا يەتكۈزدى.

1989- يىل ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق «دەريا بويى يېزىسى» رەسمىي قۇرۇلدى. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئاشلىق پونكىتى، مەكتەپ، دوختۇرخانا، مال دوختۇرلۇق پونكىتى، رادىئو ئۈزىلى، سودا دۇكىنى قاتارلىق ئاپپاراتلار قۇرۇلدى. پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى دەريا بويى خەلقىگە ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلدى. كېرىيە ناھىيە بازىرىدىن دەريا بويى يېزىسىغا ئاددىي تاشيول ياسالدى.

دەريا بويى يېزىسىدا ھازىر 301 ئائىلە، 1301دىن ئارتۇق نوپۇس بولۇپ، بۇلار نەچچە يۈز كىلومېتىرلىق دائىرە ئىچىدىكى توغراقلىق ئارىسىدا تارقاق ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار قەدىمدىن تارتىپ چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ كەلگەن. ئوزۇقلىنىشتا - بۇغداي ئۇنىدا قىلىنغان كۆمەچنى ئاساس قىلىدۇ. قوي گۆشىنى تونۇر كاۋىپى، يۇلغۇن ياغىچىغا ئۆتكۈزۈپ پىشۇرۇلىدىغان زىخ كاۋىپى، قېرىن كاۋىپى (قېرىن كاۋىپى - گۆش ۋە جىگەر قاتارلىقلارنى قېرىن ئىچىگە سېلىپ، قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرۇلىدۇ) قىلىپ يەيدۇ. ئاساسلىق ئوزۇقلۇقى ئىككى خىل ئاشلىق، سەي - كۆكتات، مېۋە - چېۋىلەرنى ناھىيە بازىرىدىن يۆتكەپ ئىستېمال قىلىدۇ. ئۇلار كۆپرەك ۋاقىتتا قۇدۇق سۈيىنى، ئاز ساندا دەريا سۈيىنى ئىچىدۇ. ئۇلارنىڭ روھى ئۈستۈن،

ئومۇمىي ئوقۇغۇچى 145 كە يەتتى. بۇ مەكتەپنى تاماملىغانلاردىن تۆت نەپىرى ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈردى. ئازادلىقتىن بۇيان دەريا بويىلىقلار 1966 ـ يىلى، 1984 ـ يىلى، 1985 ـ يىلى ئۈچ قېتىم كىنو كۆرەلىگەن. 1966 ـ يىلى تۇنجى قېتىم «يايلاقتىكى بۈركۈت» دېگەن فىلىم قويۇلۇپ، ئېكراندا ئارغىماق مىنگەن چەۋەندازلار كۆرۈنگەندە، يەرلىك ئاما قورقۇپ پاتپاراق بولۇپ كەتكەن. 1967 ـ يىل 4 ـ ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ 12 نەپەر ئارتىسى ئېشەككە مىنىپ دەريا بويىغا كېلىپ ئويۇن قويغان. 1988 ـ يىل 9 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى يولداش ئابدۇراخمان قۇربان (ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى) خەلق ھۆكۈمىتى تەۋەلىكىدىكى ئىدارە باشلىقلىرىنى باشلاپ بېرىپ، دەريا بويى خەلقىگە غەمخورلۇق قىلغان. ئابدۇراخمان قۇربانغا ئوخشاش خەلقنى سۆيىدىغان، خەلق ئۈچۈن ھەقىقىي خىزمەت قىلىدىغان رەھبەرلەرنى خەلق مەڭگۈ ھۆرمەتلەيدۇ، قوللايدۇ، تارىخ بەتلىرىدە ياخشى نام بىلەن قالدۇرىدۇ.

1988 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى غوپۇر ئابدۇللا (ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى) باشچىلىقىدىكى نەخ مەيدانغا بېرىپ ئىش بېجىرىش خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر كېرىيە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى يولداش ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ ھەمراھلىقىدا دەريا بويىغا بېرىپ چارۋىچى، دېھقانلاردىن ھال سورىدى ۋە غەمخورلۇق قىلدى. نەخ مەيداندا 30 مەسىلىنى

چۈپۈر، تىۋىت، دورىلىق ئۆسۈملۈك، توشقان زەدىكىنى كولاپ سېتىپ پۇل قىلىشتىن كېلىدۇ.

دەريا بويى بوستانلىقىدا ئىلگىرى ياۋا تۆگە، جەرەن قاتارلىق ئەتىۋارلىق هايۋاناتلار بولۇپ هازىر يوقالغان. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ يەردە ياۋا توشقان، ياۋا توڭگۇز، ياۋا ئۆردەك قاتارلىق هايۋانات ۋە قۇشلار، دەريا ئەگىملىرى ۋە ساسلىقلاردا بېلىق بار.

بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىللار ئىلگىرى ئەجدادلىرىمىز كېرىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا (باش كەڭ سولاق رايونى) ياشاپ ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. كېيىن بوستانلىق ئىزدىشىپ كېرىيە دەرياسى ئاياغ ئېقىنىدىكى بوستانلىق «دەريا بويى» ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ كېلىپ تېرىقچىلىق، شەھەرلىشىش (يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى، قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرى) قەدىمىنى باسقان. ئۇلار دەريا ئېقىنلىرىنىڭ ئېقىن ئۆزگەرتىشىگە ئەگىشىپ سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يېڭى - يېڭى مەدەنىيەت بەلۋاغلىرىنى بەرپا قىلغان. 2 مىڭ يىللار ئىلگىرى تارىم بوستانلىقىدىكى قەدىمكى هۇن، توخرى، ساك، تۈرك، ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلە، مىللەت خەلقلىرىنىڭ تەبىئىي قوشۇلۇشى بىلەن قانداشلىق جەمئىيەتتە يېقىنراق بولغان ئۇرۇقلار بىرلىشىپ بىر قەبىلە بولۇپ شەكىللەنگەن.

كېرىيە دەريا بويى ئەتراپىدا قەدىمدىن بېرى شۇ جايدا ياشاپ ئۆز ئۇرۇقداشلىرىغا ياردەم بېرىش، بىر - بىرىنى هىمايە قىلىش، يات ئۇرۇقلاردىن ئۆزىنى قوغداش ئارقىلىق ئۆز ئۇرۇق قەبىلىلىرىنى هىمايە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - قەبىلە نامىنى

ئەمگەكچان، جاپاغا چىدامىلىق، ئىش قىلسا ھاللانمايدۇ. ھەربىلى يايلاققا سۇ باشلاش ئۈچۈن كېرىيە دەرياسىغا ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىردىن 400 مېتىرغىچە بولغان چوڭ - كىچىك تۇغاندىن نەچچە يۈزنى سالىدۇ. يازنىڭ تومۇز ئىسسىقلىرى، قىشنىڭ قاتتىق سوغۇقلىرىدىمۇ ئادەتتىكى ساتما ئۆيلەردە تۇرىدۇ. بۇ يەردىكى ئۆيلەرگە خىش، تاش ئىشلىتىلمەيدۇ. توغراق ياغاچلىرىنى يېرىپ تاختاي ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قاتار رەتلىك تىزىپ ئۆينىڭ تېمى ھازىرلىنىدۇ. ئۈستى ياغاچ، شاخ - شۇمبىلار بىلەن يېپىلىدۇ. ئۆي جاھازىلىرىنى ناھايىتى ئاددىي، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوچاق بولىدۇ. توغراق، يۇلغۇن ئوتۇنلىرى كۆپ بولغاچقا ئوت ئاسانلا ئۆچۈرۈلمەيدۇ.

دەريا بويى خەلقى مىجەز جەھەتتە ياخشى ئەخلاقىي مىزانغا ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئەزەلدىنلا ئوغرىلىق، نەپسانىيەتچىلىك، زالىملىق، يالغانچىلىق، ھەسەتخورلۇق قاتارلىق ناچار قىلمىشلارنى بىلمەيدۇ. ئۆيلىرىگە قۇلۇپ سالمايدۇ. ئادەملەر ئارا ۋاپادارلىق، راستچىللىق، نومۇس، غورۇر ۋە ئۆزئارا ياردەم بېرىشنى ئەڭ گۈزەل كىشىلىك پەزىلەت دەپ بىلىدۇ. مىجەز جەھەتتە كىشىگە ئەمەك، مېھماندوست، سىرتتىن كىرگەنلەرنى كۆرسىلا ئۆيىگە چاقىرىپ چاي قويىدۇ. ئۇرۇش - جېدەلنى ياقتۇرمايدۇ. ئۆي ئىچى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنى پاكىز تۇتىدۇ. قورۇق نان يېيىشنى ئالدى بىلەن قول چايقاشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

دەريا بويى خەلقى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغاچقا، تېرىقچىلىق قىلمايدۇ. ئىقتىسادىي كىرىم مەنبەسى: چارۋا مال، يۇڭ،

ئەرىپىدىن شۇ جاينىڭ ئالاھىدىلىكى، يەر تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن قويغان. دەريا بويى خەلقى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈرۈپ ئاتاپ ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان خاس يەر ناملىرى ئۇچرايدۇ. يەر ناملىرىنى تەتقىق قىلىش بۇ جايلارنىڭ تارىخىنى، ناملىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، تىل تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

شۋېتسارىيىلىك جۇغراپىيۇنى سۋېن ھېدىن 1894 - 1896 - يىللىرى، ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ، ئېكسپېدىتسىيىچى ئاۋرېل ستەيىن 1906 - يىل 8 - ئايدا كىرىيە دەريا بويىغا كېلىپ تەكشۈرۈش، خەرىتە سىزىش، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، قېزىش ئېلىپ بارغان. ئۇلار خاتىرە قالدۇرغان دەريا بويىدىكى يەر ناملىرىدىن تۆۋەندىكىلەر ئۇچرايدۇ.

① يىچانلىق
② شىرپاڭ
③ ئەزىز ئاخۇن - تاللىق
④ پارچە
⑤ كاتاك
⑥ سېرىق كەشمە
⑦ شالدىراڭ
⑧ چوغۇتمەن
⑨ تاشكان
⑩ ئارقاچان
⑪ تولداما
⑫ توغراق ئېغىل
⑬ مىلان شاشلىق
⑭ يوغان قۇم
⑮ سېرىق بويا
⑯ تۆگە تايدى
⑰ بۆلەنگەن
⑱ قومرابات
⑲ چىتان ئېغىل
⑳ مىسالەي ئېغىل
㉑ چال ئېغىل
㉒ توغراق چال

ساقلاپ، ئۆز ئاقساقاللىرىنىڭ، قەبىلىسىنىڭ نامىنى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان. ھازىر بولسا «لەقەم» ئورنىدا «تەك»، «باراق» دەپ ئاتاپ ساقلىنىپ قالغان. قەدىمكى دەريا بويى ئەتراپىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىز باسارى بولغان بۈگۈنكى دەريا بويى خەلقى ياشىماقتا.

دەريا بويىدا ياشىغان ھازىرقى خەلقلەر كىرىيە دەريا ئاياغ ئېقىنىنىڭ شەرق تەرىپىنى «تەكە تام» دەپ، غەرب تەرىپىنى بولسا «باراق تام» دەپ ئاتىشىدۇ. شۇ جايدا ياشىغان كىشىلەرنىڭ ئىسىم فامىلىسىنىڭ ئاخىرىغىمۇ «تەك»، «باراق» دېگەن لەقەمنى قوشۇپ ئاتايدۇ. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا «تەكلەر» تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئەڭ قەدىمكى بىر قەبىلە خەلقىنىڭ نامى «باراقلار» بولسا تۈركلەرنىڭ جەڭگىۋار، باتۇر، ئوۋغا ماھىر بىر قەبىلىسىنىڭ نامىدۇر (بۇ ھەقتە ئايرىم تەتقىقات ماقالىسى ئېلان قىلىنىدۇ). بۇلار دەريا بويىدىن ئىبارەت تەبىئىي بوستانلىقلاردا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىزىنى بېسىپ تەكلىماكان قۇملۇقلىرى بىلەن كۈرەش قىلىپ، دەريا بويىدىكى توغراقلىقلارنى قوغداپ، پەرۋىش قىلىپ مۇھىتنى ياخشىلاپ ئاشۇ بوستانلىق ئانا زېمىن ئۈچۈن تەر تۆكۈۋاتقان، ئەڭ ياخشى ناملار بىلەن تەرىپلەشكە ھەقلىق ئاق كۆڭۈل خەلقتۇر.

**2. كىرىيە دەريا بويىدىكى يەر ناملىرى**

قۇملۇق ئىچىدىكى تەبىئىي مۇھىتى ئۆزگىچە كىرىيە دەريا بويىدا ئىزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ ئۆتكەن قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز

㉘ كەڭ توقاي
㉙ قومبىراۋات (قومرابات؟)
㉚ بىلەنگەن
㉛ جەزە قويغان
㉜ سېرىق ئۆي تا (چۆچۈكبۈيا)
㉝ دۆڭ ئارالچە
㉞ تۆگە تايدى
㉟ كۆتەك ساتما
㊱ يانتاق سولاق
㊲ چىتلاق
㊳ چاۋال
㊴ تىرىم (يېزا جايلاشقان جاي)

### 3. دەريا بويىدىكى بىر ئەسىرلىك تەكشۈرۈش پائالىيىتى

كېرىيە دەريا بويى ـ سىرلىق تەبىئەت جىسمىغا پاتقان مۆجىزىلىك جاي، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى باشلانغان تەكلىماكان قۇملۇقى قىزغىنلىقىنىڭ نەتىجىسىدە، ئېكسپېدىتسىيىچى، ئارخېئولوگلارنىڭ دەريا بويىدىن ئىبارەت بۇ ماكاندا قەدەم ئىزلىرى قالدى. رەھبەرلەرنىڭ بۇ يەرگە بېرىپ قىلغان غەمخورلۇقى كىشىلەر قەلبىدە ساقلاندى. ئۇلار بۇ جايلارنى ئۆز قەدەملىرى ئارقىلىق دۇنياغا تونۇتتى.

① دەريا بويىدىكى قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسىغا تۇنجى كىرگەن ئادەم دەل شۋېتسىيىلىك جۇغراپىيون، ئېكسپېدىتسىيىچى سۋېن ھىدىن. ئۇ 1896 ـ يىلى 2 ـ ئايدا كېرىيە دەريا بويى ئەتراپىدا تەكشۈرۈش، خەرىتە سىزىش خىزمىتىنى ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ئۇ قارادۆڭ خارابىسىدا ئىككى كۈن تۇرۇپ، قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن بۇ قەدىمكى شەھەر

㉓يېڭى يايلاق
㉔قىپياق چالما
㉕باسۇق ئېغىل
㉖قوچقار ئېغىل
㉗ تاقاق ئېغىل
㉘كۆتەك ئېغىل
㉙ دۆڭ ناچا
㉚دۆڭ ساتما
㉛مازار توقاي

ھازىر دەريا بويى ئەتراپىدىكى ئىشلىتىلىپ ئىستېمال قىلىنىۋاتقان يەر جاي ناملىرىنى جايلىشىش ئورنىغا قاراپ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تۆۋەندىكىدەك تىزىشقا بولىدۇ.

① ھەسىنتىم
② كەڭتۇقاي (چازا)
③ باغ جىگدە
④ قارا بۇرۇن
⑤ ئىنكۆل
⑥ يوغان توغراق
⑦ مەدەك ئاستى
⑧ بولاق
⑨چولاق مازار
⑩ چاپان كۆيدى
⑪ ئوقلىق
⑫ سېسىق كۆل
⑬ باختى باش
⑭ گەۋرى كۆل
⑮ ئات يايلىقى
⑯ مازار
⑰ كۆك جىگدە
⑱ يۇلغۇن جىگدە (ئېغىل)
⑲ چىگىت قويغان
⑳ كۆتەك ئېغىل
㉑يېسىن
㉒ قوچقار ئېغىل
㉓ باسقى ئېغىل
㉔ يانتاق ئېغىل
㉕ توغراق چات
㉖مەسالەي (مىسىرسالەي - مىرسالىھ؟)
㉗ قىغلىق

پۇلى ھەم بىرقىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپقان. ئۇ قارادۆڭ خارابىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خارابىلاردا بىرقەدەر تەپسىلىي تەكشۈرۈش، كۆزىتىش ئېلىپ بارغان. ئۇ ئۆز بايانىدا: قارادۆڭ خارابىسىدا ئون نەچچە ئېغىز ئۆينىڭ بارلىقىنى، كىچىك ئۆيلەرنىڭ چوڭ ئۆيلەرنى مەركەز قىلىپ ئورۇنلاشقانلىقىنى، ئىمارەت لىملىرىنىڭ ئەينەن ساقلىنىپ قالغانلىقىنى، بۇ ياغاچلارنىڭ سالاسۇندەك بىر - بىرىگە تۇتاشقانلىقى، ئۆزىنىڭ بۇ ئىزى «ھۆكۈمەت مەھكىمىسى» دەپ گۇمان قىلغانلىقىنى يازغان. خۇاڭ ۋېنبىنىڭ كۆزىتىشىچە، ئۆينىڭ تاملىرى توغراق ياغىچى بىلەن قوپۇرۇلغان. سىرتى قومۇش بىلەن قوشام قىلىنغان ۋە سېغىزلاي بىلەن سۇۋالغان. سۇۋاقلار ئاللىقاچان چۈشۈپ كەتكەن. توغراق ياغاچلىرى بولسا قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن. چوڭ ئۆي تېمىنىڭ سىرتى ئاقارتىلغان، ئىچىگە كۆك ۋە كۈلرەڭ ھەل بېرىلگەن.

⑤ 1958 - يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى قۇم تىزگىنلەش ئەترىتى ۋە نېفىت چارلاپ تەكشۈرۈش ئەترىتى دەريا بويى ئەتراپىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ بىر قىسىم ئىلمىي ماتېرىياللارنى توپلىغان.

⑥ 1959 - يىلى شىنجاڭ مۇزېيى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەترىتى قارادۆڭ خارابىسى ئەتراپىدىكى قەبرىستانلىقتا قېزىش ئېلىپ بېرىپ، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە تەئەللۇق بولغان كۆك، ئاق گۈللۈك پاختا رەخت، يىپەك ۋە يۇڭ توقۇلما بۇيۇملارنى تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدىكى پاختا رەخت شىنجاڭ رايونىدىكى ئەڭ

خارابىسىنى ئۆلچىگەن. كېيىن ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتى ئارقىلىق بۇ جاينى دۇنياغا تونۇشتۇرغان. ئۇ دوكلاتىدا: «بۇ شەھەرنىڭ ئىسمى قارادۆڭ، بۇنىڭ مەنىسى (قارا رەڭلىك قۇم دۆۋىسى) دېگەنلىك بولىدۇ...» دەپ يازغان.

② فرانسىيىلىك دوترىئۇئىل 1898 - يىلى كىبرىيە ناھىيىسى دەريا بويى ئەتراپلىرىدا خەلق سەنئىتى، مەدەنىيىتى، تىل قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈشتە بولغان. ئۇ «ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاسىيا ئىچكىرلىكىدە» ناملىق دوكلاتى ئارقىلىق بۇ جايلارنى دۇنياغا تونۇتقان.

③ 1901 - يىل 3 - ئايدا ۋە 1906 - يىل 8 - ئايدا ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ ئاۋرىل ستەيىن كىبرىيە دەريا بويى ئەتراپىدىكى قەدىمكى خارابىلاردا ئىككى قېتىم تەكشۈرۈش، قېزىش ئېلىپ بارغان. ئۇ 1901 - يىلى تۇنجى قېتىملىق تەكشۈرۈشتە جۇغراپىيۇن سىۋېن ھېدىن سىزغان خەرىتىگە ئاساسەن قارادۆڭ خارابىسىنى ئىزدەپ تاپقان. ئىككى كۈن ئۇدا قېزىش ئېلىپ بېرىپ، كۆپلىگەن چىرىگەن بۇغداي، گۈرۈچ، سۆكسۆك، تېرىق ۋە ئاز مىقداردىكى قېتىپ قالغان قورۇق ئۆزۈمنى ئۇچراتقان. ستەيىن ئۆزىنىڭ «غەربىي دىيار» ناملىق ئەسىرىدە تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئېلان قىلىش بىلەن بىرگە مەزكۇر شەھەرنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسىنى بەرگەن.

④ 1929 - يىلى ئېلىمىز ئارخېئولوگىيە ئالىمى خۇاڭ ۋېيبى ئەپەندى بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 4 - 5 - ئەسىرگە مەنسۇپ كىچىك مىس پۇل ۋە خەن دەۋرى ۋۇجۇ مىس

قىلىنىپ، خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلغان. ئەمەلىيەتتە ماقالە ئاپتورى دەريا بويى خەلقىنىڭ ياشاش مۇھىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى، تىلىنى تولۇق چۈشەنمەي تولۇق تەكشۈرمەي ئالدىراقسانلىق قىلغان.

⑩ 1988 ـ يىل 9 ـ ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇ يەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشكە سەككىز تارماقتىكى 12 كەسىپتىن تەشكىللەنگەن 30 دىن ئارتۇق پەن ـ تېخنىكا خادىمى قاتناشتى. ئۇلار مارجانلىق خارابىسى رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

⑪ 1988 ـ يىل 9 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى يولداش ئابدۇراخمان قۇربان (ھازىر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى) خەلق ھۆكۈمىتى تەۋەلىكىدىكى ئىدارە باشلىقلىرىنى باشلاپ بېرىپ دەريا بويى خەلقىدىن ھال سورىدى، قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى.

⑫ 1988 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى غوپۇر ئابدۇللا (ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى) ھاكىم ئابدۇراخمان قۇرباننىڭ ھەمراھلىقىدا دەريا بويىغا بېرىپ چارۋىچى دېھقانلاردىن ھال سورىدى ۋە غەمخورلۇق قىلدى. دەريا بويىدا مەكتەپ، دوختۇرخانا، پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمەت ئورۇنلىرى قاتارلىق بىر قىسىم ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىنى چارۋىچىلارغا يەتكۈزدى.

⑬ جۇڭگو ـ فرانسىيە بىرلىشىپ كېرىيە دەريا ۋادىسىنى

دەسلەپكى دەۋردىكى پاختا توقۇلما دەپ قارالماقتا.

بۇ قېتىمقى قېزىش، تەكشۈرۈشكە لى يۈچۈن، ئابدۇقەييۇم خوجا، ئەخمەت رىشىت، مەمەت ھاجى، تۇرسۇن ئەيسا قاتارلىق 11 ئادەم قاتناشتى. ئۇلار دەسلەپكى قەدەمدە ئىككى گۆر ۋېيا ئۇي ئىزىنى تازىلاپ، ئۇي ئوتتۇرىسىدىكى تونۇر شەكىللىك كاتەك، ئوچاق قاتارلىقلارنى بايقىغان. ساپال، ياغاچ ۋە توقۇلما بۇيۇملارنى قېزىۋالغان.

⑦ 1983 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى خادىملىرى قارادۆڭ، مارجانلىق خارابىلىرىدا دەسلەپكى تەكشۈرۈش، خەرىتىگە ئېلىش، ئارخىپ تۇرغۇزۇش خىزمىتىنى ئىشلىگەن.

1986⑧ - يىلى جۇڭگو - گېرمانىيە بىرلىشىپ كىرىيە ۋادىسىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. قېزىۋالغان بىر قىسىم ماددىي بۇيۇملار ئۈستىدە(كاربون 14) دەۋرىنى بېكىتىش تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىپ، قورغان تېمىدىن ئېلىنغان ياغاچنىڭ مۇتلەق يىل دەۋرى 108±2684 يىل ئىكەنلىكى، ئۇي ئىچىدىن ئېلىنغان قومۇشنىڭ دەۋرى 94 ± 2133 يىل ئىكەنلىكىنى، ياغاچ كۆمۈرنىڭ 75 ± 2135 يىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان.

⑨ 1988 - يىل باھاردا بېيجىڭدا چىقىدىغان «يەر شارى» ژۇرنىلىدا «قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خالىي دۇنيا» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىنىپ، دەريا بويى خەلقىنى «ياۋايى ئادەملەر» دۇنيادىن خەۋەرسىز، ياۋايى، پىنھان ياشىغۇچىلار دەپ تەشۋىق

ئارتۇق تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرىنىڭ بارلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى.

كېرىيە دەريا بويى ئەتراپىدىكى قەدىمكى ئىزلاردىن مەشھۇرراق، كۆلەم جەھەتتىن چوڭ بولغانلىرىدىن «مارجانلىق خارابىسى»، «قارادۆڭ خارابىسى» (بۇ ئىككى خارابە «كېرىيە تارىخىي ماتېرىياللىرى (1)»دە ئايرىم - ئايرىم تونۇشتۇرۇلغان) ۋە ھازىرغا قەدەر شىنجاڭدا بايقالغان ئەڭ قەدىمكى شەھەر «يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى» خارابىسى ھەم ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئولتۇراق مەھەللە ئىزلىرى، ئالتە جايدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىق قاتارلىقلار بار.

(1) يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى:

1994 - يىل 10 -، 11 - ئايلاردا جۇڭگو - فرانسىيە كېرىيە دەريا بويىنى بىرلىكتە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى كېرىيە دەريا بويى رايونىدا تەكشۈرۈش - قېزىش داۋامىدا شىنجاڭدىكى ئەڭ قەدىمكى شەھەر «يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى»نى بايقىغان.

يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى كېرىيە دەرياسى قۇرۇق ئېقىن ئىزىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. خەرىتىدىكى ئېنىق ئورنى شەرقىي مېرىدىئان "9'34°81 شىمالىي پاراللېل "24'52°38 قا توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى شەھەر دەريا بويىدىكى قارادۆڭ خارابىسىدىن غەربىي شىمالغا 41 كىلومېتىر ئىچكىرىسىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. بۇ شەھەر سېپىلى ئۆلچەمسىز بەش تەرەپلىككە مايىل بولغان يۇمىلاق شەھەر سېپىلىدىن تەركىب تاپقان. شەھەر سېپىلىنىڭ ئومۇمىي

ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى 1991 ـ ، 1993 ـ ، 1994 ـ ، 1996 ـ ، 2001 ـ يىللىرى بەش قېتىم تەكشۈرۈش، قېزىش پائالىيىتىنى تەشكىللەپ ناھايىتى زور بايقاشلارنى قولغا كەلتۈرۈپ كېرىيە دەريا بويىنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتتى.

⑭ 1998 ـ يىلىدىن باشلاپ كېرىيە دەريا ۋادىسىدا تەبىئىي مۇھىت، ئۆرپ ـ ئادەتلەر ساياھىتىگە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر ئۆمەكلىرى كېلىپ كېتىۋاتماقتا.

**4. «ھالاكەت دېڭىزى»دىكى سىرلىق قەدىمىي شەھەر ئىزلىرى**

«ھالاكەت دېڭىزى» دەپ تەرىپلەنگەن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان دەريا بويى بىر سىرلىق ماكان. قەدىمدىن بېرى بۇ جايىنى سۇ بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان كېرىيە دەرياسىنىڭ بىرنەچچە قېتىم تەدرىجىي ئېقىن ئۆزگەرتىشى نەتىجىسىدە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ مەركىزىي قىسىملىرى بولغان دەريا بويى ساھىللىرىدا ئىنسانلارنىڭ ياشاش پائالىيىتى ئۈچۈن قۇلايلىق بولغان نۇرغۇنلىغان بوستانلىقلار شەكىللەنگەن ھەمدە مۇشۇ بوستانلىقلاردا ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن قەدىمكى ئىزلار ساقلىنىپ قالغان. دەريا بويىنىڭ شىمالىغا ئىچكىرىلەپ ماڭغاندا، نۇرغۇن قەدىمكى تارىخىي مەدەنىيەت ئىزلىرى، قەدىمكى شەھەر سېپىل قالدۇقلىرى، ئولتۇراق مەھەللە، ئېغىل ـ قوتان ئىزلىرى، قەدىمكى قەبرىستانلىق، باغ ـ ئېتىز ئىزلىرى، دەريا ـ كۆل ئىزلىرى ساقلانماقتا. دەريا بويى گويا ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى ئاپىرىدە تۆپىرىقىغا ئوخشايدۇ. بۇ جايلاردىن ھازىرغىچە 60تىن

قوراللار، بىرونزا زىننەت بۇيۇملىرى داتلاشقان تۆمۈر قورال پارچىلىرى ۋە تۆمۈر داشقاللىرى، ھەرخىل مارجان، ياغاچ قوراللار، سۆڭەك بۇيۇملار قاتارلىقلار كۆپ ئۇچرايدۇ.

بۇ قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان بىر ئەر جەسىتىنىڭ قاڭشىرى ئېگىز، كۆزلىرى چوڭقۇر بولۇپ، ئۇنى ياۋروپا ئىرقى (ئاق تەنلىك ئىرق) غا تەۋە دېيىشكە بولىدۇ. بۇ شەھەر ھەققىدە تارىخنامىلەردە ھېچقانداق مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان.

كىرىيە دەرياسى ئىزچىل تۆردە شەرققە قاراپ بىرقانچە قېتىم ئېقىن ئۆزگەرتكەن. ئەگەر يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى ئەينى دەۋردە كىرىيە دەرياسى بويىغا جايلاشقان دەپ پەرەز قىلساق، ئۇنداقتا مۇشۇ 2000 يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، كىرىيە دەرياسى شەرققە قاراپ 40 كىلومېتىرچە ئېقىن ئۆزگەرتكەن. بۇ ئەتراپتا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ ھازىرقى بوستانلىقلارغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى قۇرۇپ كەتكەن بىرقانچە قەدىمكى دەريا ئېقىن ئىزلىرى، ئاھالە ئولتۇراق ئىزلىرى بۇنىڭ تولۇق دەلىلىدۇر.

ئارخېئولوگلار بۇنداق يۇمىلاق شەكىللىك قەدىمكى شەھەرلەر ئادەتتە ئىنسانىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگە تەۋە، ئۇنىڭدىن كېيىنكىلىرى ئاساسەن كۋادرات شەكىلدە سېلىنغان دەپ قاراشماقتا.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، يۇمىلاق شەكىللىك شەھەرلەر تارىم

ئۇزۇنلۇقى 995 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 330 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 270 مېتىر. ھازىرقى سېپىل قالدۇقلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 473 مېتىر ئەتراپىدا. سېپىل ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 3 ـ 4 مېتىر، ئېگىزلىكى 3 ـ 4 مېتىر (ئەڭ ئېگىز يېرى 11 مېتىر كېلىدۇ) كېلىدۇ. جەنۇبىي سېپىلنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ۋە شەرقىي سېپىلنىڭ شىمالىي تەرىپىدە شەھەر قوۋۇقى (دەرۋازا) بار. توغراق ياغىچىدىن ياسالغان جەنۇبىي دەرۋازا ئەينى دەۋردە تاقاقلىق بولۇپ، بۇ خىل كۆرۈنۈش ئەينەن ساقلانغان.

شەھەر سېپىلى ـ ئەڭ ئالدىنقى سىرتقى قىسمى خام خىش كېسەكلەر بىلەن، ئاندىن توغراق ياغىچىدىن ياسالغان تۈۋرۈكلەرگە يۇلغۇن شاخلىرىدىن قوشامداش، شال پاخلى، قومۇش، يۇلغۇن، توغراق شاخلىرىنى بېسىش ئارقىلىق ياسالغان. سېپىلنىڭ ئىچى ـ سىرتى سېغىز لاي بىلەن سۇۋالغان. بۇ خىل تام قوپۇرۇش ئۇسۇلى خوتەن رايونىدا ھازىرمۇ داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

قەدىمكى شەھەرنىڭ غەربىي سېپىل تېمىدىن ئېلىنغان ياغاچ كۆمۈرى ئەۋرىشكىلىرىنى كاربون 14 ئانالىز قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇ شەھەرنىڭ بۇنىڭدىن تەخمىنەن 50 ± 2135 يىل بۇرۇنقى قەدىمكى شەھەر ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ شەھەر ئىچى پۈتۈنلەي قۇملىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئالتە ئورۇندىكى ئىمارەت ئىزلىرىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. ئۆيلەر ياغاچ قۇرۇلمىلىق قوشام تاملىق ئۆيلەر ھېسابلىنىدۇ. شەھەر ئىچىدە، ساپال پارچىلىرى، تاش

قوم ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان تۇرالغۇ ئۆي ئىزلىرى، مال قوتانلىرى، ئوچاق ئىزلىرى، ھەرخىل ساپال پارچىلىرى، تاش ياغۇنچاق، بىرونزا زىننەت بۇيۇملىرى، تۆمۈر قورال پارچىلىرى، يۇڭ توقۇلما پارچىلىرى، ھەرخىل مارجان ۋە تۆگە، ئات، كالا، قوي، بېلىق سۆڭەكلىرى قاتارلىقلار كەڭ تارقالغان.

(3) مەھەللە ئىزى:

بۇ ئىز قارادۆڭ خارابىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا، يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. خەرىتىدىكى ئېنىق ئورنى شىمالىي كەڭلىك "17′45°38 شەرقىي ئۇزۇنلۇقى "14′37°30 تا. بۇ ئىزنىڭ غەرب ۋە شەرق تەرەپلىرى ناھايىتى ئېگىز قۇم بارخانلىرى بىلەن ئورالغان بولۇپ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بىر كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى تەخمىنەن 500 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئىز دائىرىسىدە قۇرۇپ كەتكەن توغراقلىق، يۇلغۇنلۇق ۋە ئاھالە ئولتۇراق ئىزلىرى بار. يادىكارلىق بۇيۇملاردىن: ساپال پارچىلىرى، تاش قوراللار، بىرونزا زىننەت بۇيۇملىرى، تۆمۈر قوراللار، ياغاچ قوراللار، سۆڭەك قورال پارچىلىرى ۋە ھەرخىل رەڭدىكى مارجان قاتارلىقلار يىغىۋېلىنغان.

بۇ ئىزنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئورنى نىسبەتەن ئېگىزرەك بولغان ئىككى جايدا تۇرالغۇ ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغان. ئۆيلەر شەكلى ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىدىكى ئۆيلەر بىلەن تامامەن ئوخشاشلىققا ئىگە، ھەربىر تۇرالغۇ ئىزى 5 ـ 6 ئېغىزلىق ئۆي ۋە قوشۇمچە ساتما، ئېغىل قاتارلىقلاردىن

ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قوياشنى سىمۋول قىلغان شامانىزم ئېتىقادىنىڭ تەسىرىدە بەرپا قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى تارىم ۋادىسىدا 20 دىن ئارتۇق يۇملاق شەكىلدىكى شەھەر ئىزلىرى بولغاندىن سىرت كۆنچى دەريا ۋادىسىدا ياغاچ قوزۇق قېقىلىپ «نۇر چېچىۋاتقان قوياش» شەكلى چىقىرىلغان قەدىمكى قەبرىلەر توپى (دەۋرى 3800 يىلدىن ئىلگىرى)، يۇملاق شەكىلدە تاشلارنى تىزىپ ياسىغان چابغا چىلغىسى قەبرىلىرى، بايىنبۇلاقتىكى تاشلار بىلەن يۇملاق شەكىل چىقىرىلغان قەبرىلەر (دەۋرى 3000 يىلدىن يۇقىرى) بار. يەنە قوياشقا ئوخشاش يۇملاق شەكىللەر چىقىرىپ ياسالغان مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى تېپىلدى. شامانىزم ئېتىقادىدا «كۈن» تەڭرى بولۇپ، ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى هاياتلىققا ئېرىشتۈرگۈچى دەپ قارالغان. شۇنىڭغا ئەگىشىپ كۈنگە ئېتىقاد قىلىش، يۇملاق شەكىلنى ئۇلۇغلاش ئاساسىدا يۇملاققۇم قەدىمكى شەھىرىگە ئوخشاش ئەڭ دەسلەپكى شەھەرلەر بەرپا قىلىنغان.

(2) مەھەللە ئىزى:

بۇ ئىز قارادۆڭ خارابىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، قەدىمكى كىرىيە دەريا ئېقىمى بويلىرىغا تارقالغان. خەرىتىدىكى ئېنىق ئورنى شىمالىي كەڭلىك ″38′29°38، شەرقىي ئۇزۇنلۇقى ″38′34°81 تا. بۇ ئىز جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن بىر كىلومېتىر كېلىدىغان دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىز دائىرىسىدە، بىرقانچە ئورۇندا

شىمالىي كەڭلىك "45'52°38، شەرقىي ئۇزۇنلۇقى "48'36°81تا. ئىزنىڭ جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلىرى ناھايىتى ئېگىز قۇم بارخانلىرى بىلەن ئورالغان. ئىز دائىرىسىدە ئاساسلىقى، ناھايىتى زىچ تارقالغان ھەرخىل ساپال پارچىلىرى بار. ساپال پارچىلىرىنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى بۇ يۇمىلاققۇم شەھىرى ئاھالىلىرى ساپال پىشۇرىدىغان خۇمدان ئىزى بولۇشى مۇمكىن دېگەن تونۇشقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇ خۇمدان ئىزى تېخى تولۇق تەكشۈرۈلمىدى.

**5. جۇڭگو ـ فرانسىيە بىرلەشمە تەكشۈرۈش پائالىيىتى**

1991 ـ يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئارخېئولوگىيە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر ئىدارىسىنىڭ ھەمكارلىشىشى، كۆڭۈل بۆلۈشى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ھەمكارلىقى، تەستىقلىشى بىلەن فرانسىيە دۆلەتلىك تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، فرانسىيە ئېلېكتر - ئېنېرگىيە فوندى جەمئىيىتى، فرانسىيە پەن تەتقىقات مەركىزى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ھەمكارلىقى، مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن جۇڭگو - فرانسىيە ئىككى دۆلەت مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش دوستلۇقى

تەركىب تاپقان. تۇرالغۇلارنىڭ ئەتراپىدىن ناھايىتى قېلىن ئەخلەت ئۆرىكى، شال پاخلى ۋە دېنى، ئارغامچا پارچىلىرى، يۇڭ رەخت ۋە كىگىز پارچىلىرى، ياغاچ قورال قاتارلىقلار ئۇچرىتىلغان. بۇ ئىزدىن كۆپ ئۇچرايدىغان شال پاخلىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ جايدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى، دېھقانچىلىقتا شال تېرىشنى ئاساس قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

(4) مەھەللە ئىزى:

بۇ ئىزمۇ قارادۆڭ خارابىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا، يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. خەرىتىدىكى ئېنىق ئورنى شىمالىي كەڭلىك 38°45′22″، شەرقىي ئۇزۇنلۇقى 81°36′55″تا. يۇقىرىدىكى (3) نومۇرلۇق مەھەللە ئىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ ئىزنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن بىر كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. بۇ ئىز دائىرىسىدە، ساپال پارچىلىرى ۋە تاش قوراللار ئىنتايىن كۆپ. بىرونزا زىننەت بۇيۇملىرى، تۆمۈر قوراللار ۋە ھەرخىل مارجان، ھايۋانات ۋە قۇش سۆڭەكلىرى، خۇمدان ئىزلىرى ۋە تۇرالغۇ ئۆي ئىزى قاتارلىقلار بار.

(5) خۇمدان ئىزى:

بۇ ئىز قارادۆڭ خارابىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا، يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدىكى تەكشىلىككە جايلاشقان. خەرىتىدىكى ئېنىق ئورنى

كۈنىگىچە داۋاملاشتى.
جۇڭگو - فرانسىيە بىرلىشىپ كىرىيە دەرياسى ساھىلىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى داۋاملىق قارادۆڭ خارابىسىدا تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئېلىپ باردى. كۆزىتىپ تاللاش ئارقىلىق قۇم ئاستىدا قالغان بىر ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆينى قېزىپ چىقتى. بۇ بىر يۈرۈش قورۇلۇش ئولتۇراق ئۆي - ھوجرا، ئاشخانا، ئامبار، قوتان قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە خېلى كۆپ ساپال بۇيۇملارنى تېپىپ چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا بىر بۇتخانا خارابىسىنى تاپتى. بۇتخانا قارادۆڭ شەھەر سېپىلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان ▣ شەكلىدە بولۇپ، يەنە خېلى كۆپ تام رەسىملىرىنىمۇ بىرگە قېزىپ چىقتى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە يەنە بىر قىسىم خارابە ئىزلىرىنى ئۆلچەپ چىقتى.

③ ئۈچىنچى قېتىملىق بىرلەشمە تەكشۈرۈش پائالىيىتى 1994 - يىل 10 -، 11 - ئايلارغىچە داۋاملاشتى.
جۇڭگو - فرانسىيە بىرلىشىپ كىرىيە دەرياسى ساھىلىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى 1993 - يىللىق خىزمەتلەر ئاساسىدا بۇددا خارابىسى قالدۇق تام رەسىملىرىنى ئېچىش خىزمىتىنى تاماملىدى. يېڭىدىن ▣ شەكىللىك بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسىنى تازىلاپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ماس ساندىكى تام رەسىملىرىنى، ھەيكەللىرى، گەج نەقىشلىرىنى قېزىپ چىقتى. بۇلار مىلادىيە 4 - ئەسىرنىڭ ئالدى كەينىگە تەۋە بۇيۇملار ئىدى. يەنە قارادۆڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن ئۈچ يۈرۈش ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيلىرىنى تازىلاپ چىقتى. بۇ قورۇلۇشلارنىڭ ياسىلىش

ئورنىتىپ ئۆز ئارا ھەمكارلىق ئاستىدا «جۇڭگو ـ فرانسىيە كېرىيە دەرياسى ساھىلى ئارخېئولوگىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى» نى تەشكىللەپ ئون يىللىق ھەمكارلىشىش ئاساسىدا بەش قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ـ قېزىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

① بىرىنچى قېتىملىق بىرلەشمە تەكشۈرۈش پائالىيىتى: 1991 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىگىچە داۋاملاشتى.

جۇڭگو ـ فرانسىيە بىرلىشىپ كېرىيە دەريا ساھىلىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى خوتەن ۋىلايىتى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ كېرىيە دەرياسى ئاياغ ئېقىنىدىكى ئۆچبۇرجەك رايوندا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارتىلغان سۈرەتلەرنى كۆزىتىپ، كېرىيە دەرياسى تۆۋەن ئېقىمىنىڭ مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئەمەلىي ئىسپاتلاپ چىقتى. كېرىيە دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى قەدىمكى دەريا ۋادىسىنىڭ ئۆچبۇلۇڭلۇق رايوندىن مىلادىيە 2 ـ، 3 ـ ئەسىرلەردىكى ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ تىرىقچىلىق مەركىزىنى ۋە كۆپلىگەن جايلاردىن قەدىمكى خارابە ئىزلىرىنى بايقىدى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش پائالىيىتىدە ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت مەركىزى قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر ئەتراپىدىن 59 جايدا يېڭىدىن خارابە ئىزلىرى ۋە خارابە رايونلىرىدىن خېلى مۇكەممەل بولغان سۇغىرىش سىستېمىسىنى بايقىدى.

② ئىككىنچى قېتىملىق بىرلەشمە تەكشۈرۈش پائالىيىتى: 1993 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىن 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ

⑤ بەشىنچى قېتىملىق بىرلەشمە تەكشۈرۈش پائالىيىتى 2001 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىگىچە داۋاملاشتى.

جۇڭگو ـ فرانسىيە بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى كېرىيە ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئىزلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈش، خەرىتىگە ئېلىش، ماتېرىياللارنى سېلىشتۇرۇپ بېكىتىش، قېزىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە، يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى ئىچىدىكى ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيى ۋە بىرنەچچە قەدىمكى ئىزلارنى قازدى. يېڭىدىن يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ شىمالىدىن بىر قەدىمكى قەبرىستانلىق رايوننى بايقاپ تەكشۈرۈش، قېزىش ئېلىپ باردى.

**6. ئېسىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما**

جۇڭگو ـ فرانسىيە بىرلىشىپ كېرىيە دەريا ۋادىسىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى تۆت قېتىملىق تەكشۈرۈش، قېزىش پائالىيىتىدە تېپىلغان 112 پارچە مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇمنى رەتلەپ چىقتى. بۇ بۇيۇملار ئىچىدە تاش قوراللار، مىس بۇيۇملار، تۆمۈر قوراللار، ياغاچتىن ياسالغان بۇيۇملار، ساپال بۇيۇملار، لاي بۇد ـ ھەيكەللەر، ھەرخىل توقۇلمىلار بار.

① توقۇلمىلار ـ يۇڭ رەخت پارچىسى، يىپەك رەخت پارچىسى، پاختا رەخت پارچىسى، گۈللۈك پاختا رەخت پارچىسى، كىگىز توقام، شىرداق پارچىسى، يۇڭ يىپ چۇچا، تەييار يۇڭ، يۇڭ ئارغامچا، بەلۋاغ، كىگىز خالتا، يۇڭ رەخت خالتا، يىپ

قۇرۇلمىسى شۇ يەرنىڭ «ياغاچ قۇرۇلما، سۇۋاق تام» يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۇرىدۇ. يەنە ئۈزلۈكسىز ھالدا قارادۆڭ شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى سۇغىرىش ئېقىنلىرىغا نىسبەتەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قەدىمكى شەھەرنىڭ شىمالدىن سۇغىرىش ئېرىق ئۆستەڭلىرىنى بايقىدى.

قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كىرىيە دەرياسى قەدىمكى ئېقىن ۋادىسىنىڭ ئەتراپلىرىدىن يېڭىدىن 20 خارابە ئىزى، بىر قەدىمكى شەھەر خارابىسى («يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى» دەپ نام بېرىلدى). بىر قەبرىستانلىق رايونىنى بايقىدى.

④ ئۆتىنچى قېتىملىق بىرلەشمە تەكشۈرۈش پائالىيىتى 1996 - يىل 10 -، 11 - ئايلاردا ئېلىپ بېرىلدى.

جۇڭگو - فرانسىيە بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى كىرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىنىڭ ئۇچىبۇرجەك رايونىغا جايلاشقان ئۈچىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈش پائالىيىتىدە بايقالغان يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قەدىمكى شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى شامال ئېچىۋەتكەن قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىپ چىقتى. قەدىمكى شەھەر ئىچىدىكى ئالتە قالدۇق قۇرۇلۇش خارابىسى ۋە شەھەر دەرۋازا قوۋۇقى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ چىقتى ھەمدە لېيىغا قوم ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇلغان ساپال قاچا، جام قاتارلىق بۇيۇملار قېزىۋېلىندى. قەدىمكى شەھەرنىڭ ئەتراپىدىن ئالتە ئورۇندا قەدىمكى قەبرىستانلىق بايقالدى. 20 قەبرە قېزىپ چىقىپ تازىلاندى.

تۆۋەندە يوقىرىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىــق بۇيۇملىــرى ئىچىدىن بىرنەچچە بۇيۇمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

⑧ ئۈچ قۇلاقلىق ساپال كومزەك: قارادۆڭ خارابىسىدىن تېپىلغان. لىبىغا قوم ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇلغان قىزىل رەڭلىك ساپال. ياپپاق ئېغىز، بوينى ئۇزۇن، دۈمباق قورساقلىــق، يۇمىلاق تەگلىك، ئېغىز گىرۋىكى بىلەن بويۇن ئارىلىقىدا ئۈچ يەردە قۇلاق بار. بويۇن قىسمىغا ھەم قۇلاق ئارىلىقىغا قوي بېشى شەكىللىك كۆپتۈرمە نەقىش ئورنىتىلغان. كوزىنىڭ ئېگىزلىكى 14.5 سانتىمېتىر، قورساق كەڭلىكى 13 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

⑨ بۇددا تام سىزمىسى: 61 - نومۇرلۇق بۇتخانا ھويلا تېمىدىن قېزىۋېلىنغان. ئۇزۇنلۇقى 64.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 46 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 8 سانتىمېتىر. ساقلىنىشى بىرقەدەر مۇكەممەل. بۇ بۇددانىڭ نىلۇپەر سۇپا ئۈستىــدە چازا قۇرۇپ ئولتۇرغان كۆرۈنۈشىنىڭ سىزمىسى بولۇپ، يۈز قىسمى، كاسايا كىيىملىرى قارا سىزىقلار ئارقىلىق سىزىلىپ، بەش ئەزاسى ۋە نۇر چەمبىرىكى قىزغۇچ توپا رەڭدە ئىپادىلەنگەن. كاساياسى ھاۋا رەڭدە بويالغان. نىلۇپەر سۇپىسىنىڭ تېگى ئاق، قىزغۇچ رەڭلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن. سىزىقچىلار راۋان بولۇپ تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە باي.

⑩ مىس قاداق: يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن تېرىۋېلىنغان. ئايلانمىسى 5.6 سانتىمېتىر، يېرىم شار شەكىلدە. قىزىل مىستىن ياسالغان. ئۈستىــگە بۆرىنىــڭ سۈرىتــى چۈشۈرۈلگەن. بۆرىنىڭ باش، بەل قىسمى ئۆلۈك ھالەتتە، ئارقا پۇت

ئورۇندۇق، يوغان يىپ تۈگۈنچىسى، جاۋا، كىگىز قالپاق، يوغان يەڭلىك، تېرە كىيىم، پاختا تور خالتا، گىلەم پارچىسى قاتارلىق ھەرخىل توقۇلما، كىيىم - كېچەك پارچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

② ياغاچ بۇيۇملار 19 دانە بولۇپ، ئۇلار ئىشىك، كارىۋات، تۇۋاق، قوشۇق، گۈرجەك، تارىشا پۇتۇك، توخۇناق، سوغا، ئوق سېپى، دۇشە، تارغاق، نەقىشلىك سوغا، نەقىشلىك قوتا، نەقىشلىك ئورچۇق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

③ ساپال بۇيۇملار 13 دانە، كوپ، ئۈچ قۇلاقلىق كومزەك، تاق قۇلاقلىق ئىۋرىق، قوش قۇلاقلىق كومزەك، ئورچۇق، جام، تاق قۇلاقلىق جوغىلىق كولرەڭ ئىۋرىق، قارا رەڭلىك تاق قۇلاقلىق ئىۋرىق، قارا رەڭلىك كومزەك، تاق قۇلاقلىق ئۆرە ئېغىزلىق كومزەك قاتارلىق ساپال بۇيۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

④ مىس بۇيۇملار 15 دانە، ئاچقۇچ، ھالقا، ئەينەك جازىسى، ۋوجۇ يارمىقى، مىس قاداق، نەيچە، پىچاق، ئوق ئۇچى، قوشۇق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

⑤ تۆمۈر قوراللار 10 دانە، ئوق ئۇچى، نەيزە، تۆمۈر رۇودا چۆمۈچى، كەكە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

⑥ تاش قوراللار 10 دانە، تاش يارغۇنچاق، تاش پىچاق، تاش ئورغاق، بىلەي تاش، سۈرمەل تاش، يۇمىلاق تاش قورال، قىرلىق تاش قورال قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

⑦ بۇت ھەيكەللەر 17 دانە، بۇنىڭ ئىچىدە بۇددا ھەيكەل پارچىلىرى، تام رەسىم پارچىلىرى، تام بېزەك نەقىشلىرى بار.

ئېرىتمىسىنى ئۇسسۇپ قىلىپقا قويۇشتا ئىشلىتىدىغان تۆمۈر تاۋلاش ئۇسكۈنىلىرى ئىچىدىكى مۇھىم قورال. بۇ دىيارىمىزنىڭ تۆمۈر تاۋلاش تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماددىي بۇيۇم ھېسابلىنىدۇ.

⑭ پەتنۇس شەكىللىك ياغاچ ئەسۋاب: بۇ بۇيۇمنىڭ ئاغزى يۇمىلاق، قورسىقى يېرىلغان. پەتنۇسنىڭ تېگىنىڭ ئەڭ تەرىپىدە ئويۇپ چىقىرىلغان بۇغا سۈرىتى بار بولۇپ، ئوبرازى يارقىن، بۇغىنىڭ تولۇق يېتىلگەن ئاچا مۈڭگۈزلىرى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. پەتنۇسنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆت بۇرجەك تۆشۈك بار بولۇپ، يۇلغۇن مىخلار بىلەن تەگلىكنى مىخلىغان. ھازىر مىخلانغان تەگلىكنىڭ ئاز بىر قىسمى ساقلىنىپ قالغان. بۇ تەگلىك پەتنۇسنىڭ ئۆلچىمى 22.3cm×28.2cm.

⑮ تاش ئورچۇق: بۇ تاش ئورچۇق قارا رەڭلىك، يېرىم شار شەكىللىك، ئوتتۇرىسى تۆشۈك، ئورچۇقنىڭ تۈز يۈزىگە غۇنچە گۈل نەقىشلىرى ئويۇلغان. ئورچۇقنىڭ دىئامېتىرى 3.2 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1 سانتىمېتىر.

## 7. كىرىيە دەرياسى ساھىلى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى

2001 - يىل 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى فرانسىيىنىڭ پايتەختى پارىژدا جۇڭگو - فرانسىيە كىرىيە دەرياسى ساھىلى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىلمىي يىغىنى ۋە زېمىن بايلىقلىرى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى داغدۇغىلىق ئېچىلدى.

ۋە قۇيرۇق قىسمى ئۈستىگە تەتۈر قاتلىنىپ، يۇمىلاق شەكىل ھاسىل قىلىنغان. ئارىلىقلىرى بوشلۇق (ئۆتمە تۆشۈكلەر) ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ بۇيۇم «غەربىي يۇرت گۆھىرى» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى.

⑪ كىگىز قالپاق: كىگىزدە تىكىلگەن. ئېگىزلىكى 27 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 13 سانتىمېتىر كېلىدۇ. قالپاقنىڭ گىرۋەكلىرىگە قىزىل، سېرىق توپارەڭ يۇڭ رەخت ۋە يۇڭلۇق تېرە قىستۇرۇپ تىكىلگەن. تىكىشلىرى ۋە زىننەت نەقىشلىرى ئىنچىكە، تىكىش ئارىلىقى يېقىن، بۇ قالپاق تارىخنامىلەردە خاتىرىلەنگەن ئۇچلۇق قالپاقلىق ساكلارنىڭ قالپىقىنى ئەسلىتىدۇ.

⑫ يۇڭ رەخت كىيىمنىڭ يەڭلىكى: تېگى قىزىل، سېرىق توپا رەڭلىك، يوللۇق نەقىش چۈشۈرۈلگەن يۇڭ رەختتە تىكىلگەن. ماتېرىيالى يېنىك ھەم يۇمشاق توقۇلغان. يەڭنىڭ ئۇلانغان يەرلىرى قىزىل رەڭلىك بەلۋاغسىمان ئۆرۈمىلەر ۋە قىزىل، سېرىق توپا رەڭلىك يىپلار بىلەن تىكىپ ئۇلانغان. يەڭنىڭ ئېغىز گىرۋەكلىرىگە سېرىق توپا رەڭلىك جىيەك تارتىلغان. ئىشلىنىشى نەپىس، رەڭلىرى شوخ ۋە كۆركەم.

⑬ تۆمۈر رۇدا ئېرىتمە چۆمۈچى: يۇمىلاقلىقى خارابىسىدىن تېپىلغان. چۆمۈچ پاختا يىپتىن ئىشلەنگەن تور خالتىدا ساقلانغان. چۆمۈچنىڭ ئېگىزلىكى 13 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 40 سانتىمېتىر، چۆمۈچنىڭ تەگ قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان. قورساق قىسمىدا ساپلىق بېكىتىشكە ئىشلىتىلىدىغان ئەمچەكسىمان ساپلىق ئورنى بار. تەگلىكى يۇمىلاق، بۇ تۆمۈر تاۋلاشتا تۆمۈر رۇدا

رەيىسى، فرانسىيە ئېلېكتر ـ ئېنېرگىيە باش لىدىرى، فرانسىيە ئېلېكتر ـ ئېنېرگىيە فوندى جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇل خادىملىرى قاتارلىقلاردىن بولۇپ 400 دىن كۆپ كىشى قاتناشتى. باش ئەلچى ۋۇجيەنمىن كۆرگەزمىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، «بۇ قېتىمقى كۆرگەزمە ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. بۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ، بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش چاقىرىقى ئاستىدا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ غەربىي قىسىمنىڭ تەسىرىنى فرانسىيە ۋە ياۋروپاغا كېڭەيتىش زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنىڭ تېخىمۇ تىرىشىپ، بۇ جەمئىيەتتىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. فرانسىيە خەلقىنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە تونۇشى ئۈچۈن، فرانسىيە ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە فرانسىيىدە تورۇشلۇق جۇڭگو ئاخبارات خادىملىرى بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى ئارقا ـ ئارقىدىن خەۋەر قىلدى. بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى كىرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى مەدەنىيەتنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن فرانسۇز يېزىقىدا «كىرىيە ۋادىسىدىكى ئەسلىمە ـ تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى بوستانلىقتا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» ناملىق كىتاب نەشر قىلىپ تارقىتىلدى.

2001 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى فرانسىيە زۇڭتۇڭى شىراك جۇڭگونىڭ فرانسىيىدە تورۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋۇجيەنمىننىڭ ئېكسكۇرسىيىدىن كېيىن زۇڭتۇڭ شىراك «بۇ كۆرگەزمە پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ شىنجاڭنى چۈشىنىش ۋە

بۇ جۇڭگو شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن فرانسىيە پەن تەتقىقات مەركىزى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ئۇزۇن يىل ھەمكارلىشىپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ خوتەن رايونى كېرىيە دەرياسى تۆۋەن ئېقىنىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش جەريانىدا بايقالغان، قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرى ۋە يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك بۇيۇملار كۆرگەزمىسى ئىدى.

كۆرگەزمىگە جۇڭگو - فرانسىيە بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش جەريانلىرى، ھازىرقى كېرىيىلىكلەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۈرلۈك چۈشەندۈرۈشلەر ھەم كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قارادۆڭ، يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدىن تېپىلغان قىممەتلىك بۇيۇملار، شۇ جايلارنىڭ ئاھالە تەركىبى، دەپنە ئادەتلىرى، مېتال تاۋلاش، كىيىم - كېچەك، ھۈنەر - سەنئەتكە ئائىت بۇيۇملار كۆرگەزمە قىلىندى. ئۈچ ئايدىن ئارتۇق داۋام قىلغان بۇ قېتىمقى كۆرگەزمە فرانسىيىدە زور تەسىر قوزغاپ، ھەرقايسى ساھەدىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، كۈنىگە 400 ئادەم قېتىمدىن جەمئىي 50 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ئېكسكۇرسىيىچىنى كۈتۈۋالدى.

بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ھەم ئىلمىي سۆھبەت يىغىنىغا جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى، جۇڭگونىڭ فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋۇجيەنمىن ۋە ئۇنىڭ

بۇ كىتابنى جۇڭگو شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن فرانسىيە پەن تەتقىقات ئورنى بىرلىشىپ تۈزگەن بولۇپ، چوڭ 16 كەسلەم، رەڭلىك باسما، 245 بەت، باھاسى 290 فرانسىيە فرانكى، بۇ كىتاب تۆۋەندىكى چوڭ ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان.

بىرىنچى قىسىم: بۈگۈنكى كېرىيە دەرياسى ئېقىنى «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئەڭ چەت بۇرجىكى».

بۇ قىسىمدا: ئىلغار سۈنئىي ھەمراھ تېخنىكىسى بىلەن ئورۇننى بېكىتىش، تەكشۈرۈشتە، يۈز يىللار ئىلگىرىكى سۋېن ھىدىن، ئاۋرېل ستەيىن قاتارلىق ئېكسپېدىتسىيىچى، ئارخېئولوگلارنىڭ تەكشۈرگەن ئىزلىرى ئاختۇرۇلۇپ، تەكشۈرلۈپلا قالماي بەلكى يەنە بۇ يەرنىڭ قەدىمكى يەر تۈزۈلۈش ئەھۋالى، ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى ۋە ياسىلىش ئۇسۇللىرى تەتقىق قىلىنغان ھەم تونۇشتۇرۇلغان.

ئىككىنچى قىسىم: قارادۆڭ ـ قەدىمكى كېرىيە

بۇ قىسىمدا: قارادۆڭ خارابىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار، كېرىيە كىشىلىرىنىڭ ئولتۇرۇقى، كۈندىلىك تۇرمۇشى، دىنىي ئېتىقادى كۆرسىتىپ بېرىلىپ، جۇڭگو ـ فرانسىيە ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى قارادۆڭ بۇددا ئىبادەتخانا تام رەسىملىرىنىڭ بۇزۇلغان جايلىرىنى ئوڭشاپ، بۇددا ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشلىرىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ دۇنيا كىشىلىرىگە شىنجاڭنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى كۆرسىتىپ، قارادۆڭنىڭ پارلاق ھالىتى قايتا كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

تونۇشىنى ئىلگىرى سۈردى» دېدى. ھەم «فرانسىيە ئېلېكتر فوندى جەمئىيىتىنىڭ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشنى، كۆرگەزمىنى ئۇيۇشتۇرغان تۆھپە ۋە ئەجرىگە رەھمەت ئېيتتى». باش ئەلچى ۋۇجيەنمىنمۇ «ھەمكارلىششتىكى ئۈلگە» ناملىق بېغىشلىمىنى يېزىپ بەردى.

2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى بۇ قېتىمقى كۆرگەزمە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى. بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى فرانسىيە خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى بىخەتەر ھالدا فرانسىيەدىن شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىندى.

**8. كىرىيە ۋادىسىدىكى ئەسلىمە**

21 - ئەسىرنىڭ تۇنجى باھارىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، گوزەل غەربىي رايون مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق نۇرى فرانسىيەدىكى ياۋروپا سەنئەت سارىيىغا چۈشتى. بۇ يەردە «جۇڭگو شىنجاڭ كىرىيە دەرياسى ساھىلى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ۋە «جۇڭگو شىنجاڭ كىرىيە دەرياسى ساھىلىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى» داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلگەن. بۇ پائالىيەتكە ماسلاشتۇرۇپ چوڭ تىپتىكى سۈرەتلەر توپلىمى «كىرىيە ۋادىسىدىكى ئەسلىمە - تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى بوستانلىقتا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» ناملىق كىتاب تارقىتىلدى.

خىزمەتلەرنىڭ ئەھۋالى ھەم بۇ خىزمەتلەرگە قاتناشقۇچىلار تونۇشتۇرۇلغان.

دەريا بويى گويا ئىنسانىيەتنىڭ پىرامىدالىرىغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ سىرلىق قوينىدا ھەرخىل ئېتىقاد، ھەرخىل مەدەنىيەت - سەنئەت شاھىدىلىرى بولغان سىرلىق قەلئە - قورغان، ئولتۇراق ئىزلىرىنى، شەھەر خارابىلىرىنى، ئېسىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ساقلاپ ياتماقتا. بۇ جاي ئۆزىنىڭ ئىپتىدائىي بوستانلىق مەنزىرىسى، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۆرپ - ئادەتلىرى، تارىخى ئۇزۇن سىرلىق قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى بىلەن جاھان كىشىلىرىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ.

### خۇلاسە

كىرىيە دەريا بويى - سىرلىق تەبىئەت جىسمىغا پاتقان مۆجىزىلىك جاي. بۇ يەرگە تەبىئەتنىڭ سېخىي نېمىتىنىڭ ۋە جازاسىنىڭ تامغىسى بېسىلغان. تارىخ چاقىنىڭ ئىزناسى، ئىنسانىيەت ئەجرىنىڭ تەر تامچىسى، تەكلىماكان تىلسىملىرىنىڭ ئاچقۇچى كۆمۈلگەن.

دەريا بويىدىكى قانچىلىغان بوستانلىقلار ۋە قەدىمكى شەھەر قەلئەلەر قانداقلارچە قۇم دېڭىزى ئاستىدا قالدى؟ بوستانلىقلار كۆلىمى قانداق قىلىپ بارغانسېرى تارىيىپ كەتتى؟ دەريا سۇلىرى نېمە ئۈچۈن ئازىيىپ، كۆللەر قۇرۇپ كەتتى؟ كىلىمات نېمىشقا قۇرغاقلىشىپ، نەچچە يۈز كىلومېتىرلىق توغراقلىقلار ۋەيران

ئۈچىنچى قىسىم: كېرىيە دەرياسى ساھىلى ـ تارىختىكى ئەڭ بالدۇرقى يۇمىلاققۇم شەھىرى.

بۇ قىسىمدا: 2000 ـ يىلدىن ئىلگىرىكى يۇمىلاقۇم قەدىمكى شەھىرى ۋە ئەتراپتىكى قەبرىلەرنى قېزىش دوكلات قىلىنغان بولۇپ، ئارخېئولوگلار بۇ رايوندىكى دەپنە قىلىش ئادەتلىرىنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇ رايوندىكى ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت بىلەن سكىخلار (ساكلار) مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بەردى. يىغىۋېلىنغان يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ پارچىلىرى قاتارلىقلارنى تەھلىل قىلىش، تەتقىق قىلىش ئاساسىدا كىيىم نۇسخىلىرىغا قارىتا ئەسلىگە ئەكېلىش ئېلىپ بېرىپ قەدىمكى كېرىيىلىكلەرنىڭ كىيىم ـ كېچىكىنى قايتىدىن تۈزۈپ لايىھەلەپ چىقتى. ئىنسانشۇناسلار قېزىۋېلىنغان ئادەم سۆڭىكى ئارقىلىق ئىرقشۇناسلىقنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە دوكلات قىلدى. ئىككى دۆلەت ئالىملىرى يەنە بوياق رەڭ ۋە بوياق ماتېرىياللىرى، مېتاللشۇناسلىق، مېتاللورگىيە ئانالىزى، توقۇمىچىلىق تېخنىكىسى ۋە ئۇنى قوغداش قاتارلىق ئالاقىدار مەسىلىلەرگە سىستېمىلىق ئانالىز، تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئۇلار دوكلات قىلىنغان.

بۇ كىتابنىڭ باش قىسمىغا، كېرىيە دەريا ۋادىسىنىڭ شىنجاڭ، جۇڭگو، دۇنيا خەرىتىسىدىكى ئورنى، جۇڭگو ـ فرانسىيە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ تۆت قېتىملىق تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشقانلارنىڭ ئەھۋالى، قېزىۋېلىنغان بۇيۇملارنى رەتلەش، تازىلاش، ئەسلىگە ئەكېلىش، رېمونت قىلىش قاتارلىق

# تارىخنامىلەردە تىلغا ئېلىنغان قەدىمكى شەھەر دۆلىتى ـ «ئۇزۇنتات» توغرىسىدا

ئابدۇخالىق مەتتۇرسۇن

«خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا غەربىي يۇرتتا بۆلۈنمە ھالەتتىكى 36 شەھەر ـ قەلئە دۆلىتى بار بولۇپ، تارىخچىلار تەرىپىدىن «ھازىرقى كىرىيىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ قارىلىپ كېلىۋاتقان «ئۇزۇنتات» دۆلىتى بولسا (ئۇزۇنتات تارىخىي ماتېرىياللاردا گەرچە «دۆلەت»، «بەگلىك» دەپ ئاتالسىمۇ لېكىن مىلادىدىن ئىلگىرىدىن بۇرۇنلا مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قارام بولغان) ئەنە شۇلار ئارىسىدىكى ئاھالىسىنىڭ كۆپلۈكى، ئەسكىرىي كۈچىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي بۆلىكىدىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«ئۇزۇنتات» دۆلىتى ھەققىدە «جۇڭگو قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەرناملىرى قامۇسى» دا «ئۇزۇنتات بەگلىكى غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى بولۇپ، ئورنى ھازىرقى كىرىيە ناھىيىسىدە» دەپ قەيت قىلىنغان بولسا، «گۆھەر زېمىن خوتەن» دېگەن كىتابتا «كىرىيە خەن دەۋرىدە ئۇزۇنتات دۆلىتى تۇرۇشلۇق جاي بولۇپ، قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ ئىدى» دېيىلگەن.

قىلىنىدۇ؟ مۇشۇ زېمىندا ياشاپ كەلگەن تەكتى مۇشۇ جايدىن بولغان «تەكلەر» قورقماس، باتۇر، ئەمگەكچان «باراقلار» مۇشۇ ئانا زېمىن ئۈچۈن تەر تۆكۈپ قانداق جاپالارنى تارتمىدى!؟ . . . بۇلار بۈگۈنكى 21 - ئەسىر كىشىلىرىنى ئويلاندۇرماي تۇرالمايدۇ، ئەلۋەتتە. دەريا بويىدىن ئىبارەت تەكلىماكاندىكى تەبىئىي ئېتنوگرافىيە مۇزېيىنىڭ تەبىئىي مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىنىڭ بۇزۇلۇشى بىزگە يېڭىدىن - يېڭى ۋەھىمىلەرنى ھېس قىلدۇرماقتا؟ شۇنداق، بۇ جاي ۋەھىمىگە تولغان، ئەڭ ئىستىقبالغا ئىگە جاي.

دەريا بويى ئىپتىدائىي بوستانلىق تەبىئىي مەنزىرىسى، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۆرپ - ئادەتلىرى، تارىخى ئۇزۇن سىرلىق قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى بىلەن 21 - ئەسىردىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت «تەبىئىي مەنزىرىلەر» ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەڭ باب كېلىدىغان جاي.

دۇنيا نەزەرىنى دەريا بويىغا تىكمەكتە. بۇ پۇرسەتنى قانداق چىڭ تۇتۇش، دەريا بويىنىڭ تەبىئىيلىكىنى قانداق ساقلاپ، شارائىتلىرىنى قانداق ياخشىلاش، تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش بۇ جاينى ساياھەتچىلەرگە تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. بۇ خىزمەتنى ئىشلەش ھەممىمىزنىڭ بۇرچى ۋە مۇقەددەس ۋەزىپىسى.

نائىپ بەگ، ئوڭ ـ سول سەركەردە، ئوڭ ـ سول كاھىبەگ، ئوڭ ـ سول چەۋەندازلار بېگى، ئىككى نەپەر تىلماچى بار. شەرقىي شىمالدىن قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە 3553 چاقىرىم كېلىدۇ. جەنۇبىي چىرا، شەرقىي شىمال كۆسەن، غەربىي شىمالى قۇم بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربىدىن ئۇدۇنغا 390 چاقىرىم كېلىدۇ» دېيىلگەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان كۆسەن ھازىرقى كۇچا، قۇم ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ. چىرا بولسا ھازىرقى چىرا ناھىيىسىنى كۆرسەتمەستىن بەلكى ھازىرقى چىرا ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان چىرا بەگلىكى (كورلى دۆلىتى) نى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئۇزۇنتات شىمالدا قۇملۇق ئارقىلىق ئاقسۇ ۋە كۇچا بىلەن، جەنۇبتا كوئىنلۇن باغرىدىكى چىرا دۆلىتى بىلەن چېگرىلانغان بولۇپ، ئۇزۇنتات دۆلىتىنىڭ ھازىرقى تەخمىنى جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق ′21°82 ـ ′29°80، شىمالى كەڭلىك ′39°31 ـ ′45°36 ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ مەركىزى ھېسابلانغان ئۇزۇنتات شەھىرىنىڭ ھەقىقىي جۇغراپىيىلىك ئورنى توغرىسىدا ھەرخىل كۆزقاراشلار مەۋجۇت بولۇپ، تارىم ۋادىسىدا بىرنەچچە قېتىم ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ ئاۋرىل ستەيىن ھازىرقى چىرا ناھىيىسى دامكۇ يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى ئۇزۇن تاتى خارابىسىنى ئۇزۇنتات قەدىمكى شەھىرى دەپ قارايدۇ. ئېلىمىز ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى ھازىرقى كىرىيە دەريا بويىدىكى بەش توغراق ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى قەدىمكى ئۇزۇنتات شەھىرىنىڭ خارابىسى دېسە، ياپونىيە ئالىملىرىدىن تىلىڭ تېيەن

«شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» ناملىق كىتابتىمۇ «ئۇزۇنتات» نىڭ كېرىيە دەريا ۋادىسىدىكى بىر شەھەر دۆلىتى ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.

«ئۇزۇنتات» توغرىسىدىكى بىزگىچە مەلۇم بولغان ئەڭ بۇرۇنقى يازما خاتىرە «تارىخىي خاتىرىلەر، پەرغانە تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان. خەن سۇلالىسى ئەلچىسى جاڭ چيەن ھۇنلارغا قارشى ئورۇشتا ئۆزلىرىگە ئىتتىپاقچى تېپىش ئۈچۈن مىلادىدىن بۇرۇنقى 138 ـ يىلى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كېلىپ، ئوتتۇرا ئۆزلەڭلىككە قايتىش سەپىرىدە كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسەن يېزىلغان «پەرغانە تەزكىرىسى» دە «پەرغانە خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدىكەن. . . شەرقىدە دەندان ئۆيلۈك، ئۇدۇن بار ئىكەن» دېيىلگەن ھەمدە جاڭ چيەن تىلغا ئالغان «دەندان ئۆيلۈك» نى «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ 519 ـ بېتىدە: «دەندان ئۆيلۈك، ئۇزۇن تېتىر ( 弥打 ) ـ غەربىي ئەلنىڭ قەدىمكى خانلىقلىرىدىن بىرى بولۇپ مەنبەلەردە جۇمى ( 弥拘 )، نىڭمى ( 宁弥 ) دەپمۇ يېزىلىدۇ. ئورنى كېرىيە دەرياسىنىڭ شەرقى، چىرا ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا» دەپ ئىزاھلانغان. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇزۇنتات ۋە ئۇنىڭ ئورنى توغرىسىدا مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن: «ئۇزۇنتات بەگلىكى، مەركىزىي ئۇزۇنتات شەھىرى بۇ يەردىن چاڭئەنگە 9280 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 3340 تۈتۈن، نوپۇسى 20040 كىشى بولۇپ ئەسكەرلىككە ياراملىقى 3540 نەپەر. بەگلىكتە بىر

كۆرسەتكەندەك قەدىمكى چىرا دۆلىتىمۇ ھازىرقى چىرا ناھىيىسى ۋە كونا دامىكۇ خارابە رايونلىرىنى مەركەز قىلماستىن، بەلكى ھازىرقى چىرا ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا قۇرۇلغان «خەننامە» دە تىلغا ئېلىنغان 36 شەھەر دۆلىتىنىڭ بىرى بولغان چىرا بەگلىكى (كورلى دۆلىتى) نى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق ئىكەن «جەنۇب تەرىپى چىرىغا، شەرقىي شىمالىي كۇسەنگە، غەربىي شىمال تەرىپى ئاقسۇغا تۇتاشقان»، «ھازىرقى كېرىيە ناھىيىسى بىلەن چىرا ناھىيىسىنىڭ شىمالىغا»، «كېرىيە دەريا ۋادىسىغا جايلاشقان» ئۇزۇنتاتىنىڭمۇ دەل ھازىرقى كېرىيە ناھىيىسىنى كۆرسەتمەستىن بەلكى ھازىرقى كېرىيە ناھىيە تېررىتورىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدىكى كونا دامىكۇ ئېقىن بويىدىكى تىنتىرگىرام، ئۇزۇن تېتى، دەندان ئۆيلۇكنى مەركەز قىلغان خارابە رايوننى كۆرسىتىشى ئەمەلىيەتكە بىرقەدەر يېقىن.

«خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا ئۇزۇنتاتىنىڭ كىلىماتى خېلى ياخشى بولۇپ، دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنغان ھالدا چارۋىچىلىق، قول - ھۈنەرۋەنچىلىك، يىپەك توقۇمىچىلىق قاتارلىق كەسىپلەرمۇ تەرەققى قىلدۇرۇلغاچقا، ئۇزۇنتاتىنىڭ ئىگىلىكى خېلى زور دەرىجىدە راۋاجلانغان. ئۇنىڭ نوپۇسى 20040 گە يېتىپ غەربىي ئەلدىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەر ھېسابلانغان ئۇدۇن (نوپۇسى 19300 كىشى)، ساكاراكول (16373 كىشى)، پىشامشان (14100 كىشى) لاردىن ئېشىپ كېتىپ جەنۇبىي يىپەك يولىدىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ بوستانلىق دۆلىتى بولۇپ قالغان.

فىنىڭ با ۋە چاڭزى خېجۈن قاتارلىقلار دەندان ئۆيلۈك خارابىسىنى ئۆزۈنتات شەھىرى دەپ قارايدۇ. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى يىن چىڭ ئەپەندى «كېرىيە دەرياسى يەنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جيەندېلى ياكى ئۆزۈنتات دەرياسىنىڭ غەربىي يېنىدا ئۆزۈنتات دۆلىتى بولغان»، «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆدۈننىڭ گەنجۇ ئوبلاستى، يىما، كەنچىڭ دەپ ئاتالغان، ماركوپولو ئۇنى قىيىن ئوبلاستى دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ پايتەختى ئۆزۈنتات شەھىرى ياكى بىمۇ شەھىرى ھازىرقى چىرا ناھىيىسىدىكى كونا دامىكۇ دېگەن جاينىڭ شىمالىغا جايلاشقان» دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا يېڭىدىن بايقالغان يۇملاققۇم كونا شەھەر خارابىسىنى ئۆزۈنتات دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئۆزۈنتات شەھىرى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. نېمىلا بولمىسۇن، ئارخېئولوگلار تەرىپىدىن ھازىرغىچە كونكرېتنى ئورنى مۇقىمدالمىغان ئۆزۈنتات بەگلىكىنىڭ پايتەختى تارىم ئويمانلىقىدىكى بىر ئارخېئولوگىيىلىك سىر بولۇپ تۇرماقتا.

بىز يىراق قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن تۇرلۈك تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئۆزگىرىشلەر ۋە ھەرخىل ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان سىياسىي تېررىتورىيىلەرنىڭ تارىيشى، كېڭىيىشى ياكى ئۆزگىرىپ تۇرۇش ئەھۋاللىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغان ھالدا مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدا خوددى قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتى بۈگۈنكى خوتەن ۋىلايىتىنى كۆرسەتمەستىن لوپ، ئىلچى، قاراقاش قاتارلىق رايونلارنى

ئۆزۈنتاتنىڭ شەرقىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان جىيەندېلى ياكى بىمۇ دەرياسى) نىڭ شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشى بويىچە ئېقىن ئۆزگەرتىشىنى ئوبيېكتىپ شەرت . شارائىتلار بىلەن تەمىنلىگەن ھەمدە يۆتكەلگەندىن كېيىنكى دەريا قېنى ئەسلىدىكى ئۆزۈنتات دۆلىتىنىڭ مەركىزى بوستانلىقلىرىدىن ئېگىز بولغاچقا سۇ يەتكۈزۈپ بېرەلمەي بۇ جايلارنىڭ قۇرغاقلىشىشى ۋە خاراپلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، شۇنداقلا ئاھالىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ياشاپ مەدەنىيەت ئىختىرالىرىنى بەرپا قىلغان بۇ ئورۇندىن ئېقىن قوغلىشىپ شەرقىي جەنۇبنى بويلاپ تەدرىجىي كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا خەلق ئارىسىدا ئۇزۇندىن بۇيان تارقىلىپ يۈرگەن «بەش قېتىم كۆچكەن» ، «يەتتە قېتىم كۆچكەن» دېگەنگە ئوخشاش بەلگىلىك تارىخىي چىنلىققا ئىگە بولغان سۆزلەرمۇ بۇ ھەقتىكى كۆزقاراشلىرىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ھازىرقى كېرىيە ناھىيىسى بىلەن چىرا ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان چىڭگىلىيار، لايسۇيار، داۋزىيار، ئويچوغىيار قاتارلىق قۇرۇق دەريا قېنىنى بىلدۈرىدىغان يارلارنىڭ بولۇشىمۇ كېرىيە دەرياسىنىڭ تارىختا بىر ئەمەس بىرقانچە قېتىم شەرق تەرەپكە ئېقىن ئۆزگەرتكەنلىكىدىن، سۇ ئېقىنلىرىنىڭ كۆكەرتىشى بىلەن شەرق تەرەپتىكى كېرىيە بوستانلىقىنىڭ گۈللەنگەنلىكىدىن ھەمدە ئەسلىدىكى غەرب تەرەپتىكى مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ تاشلىنىپ قالغانلىقىدىن، شۇنداقلا ئاھالىلەرنىڭمۇ بىرنەچچە قېتىم ئېقىن قوغلىشىپ كۆچكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىدۇ. ئەنە شۇ

ئەمما كېيىنچە ئۇزۇنتاتىنىڭ خاراپ بولۇشى ۋە ئۇزىدىن ئەسلى ئاجىز بولغان ئۇدۇنغا قارام بولۇپ قېلىشى ئەينى دەۋردىكى غەربىي يۇرتتىكى پارچە - پارچە شەھەر دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇشلاردىن باشقا يەنە بوستانلىق دۆلەتلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ماددىي ئاساسى بولغان سۇ زاپىسىنىڭ تۆۋەنلىشى يەنى ئاھالىنىڭ ئۇزلۇكسىز كۆپەيگەنلىكى، يۇقىرى ئېقىندا تۇتىدىغان سۇ مىقدارىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن تۆۋەن ئېقىنغا بارىدىغان سۇ مىقدارىنىڭ بارا - بارا ئازىيىشى، جۇملىدىن كېرىيە دەرياسىنىڭ ئېقىن ئۆزگەرتىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە. بۇ ھەقتە ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنمۇ ئۆزىنىڭ «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە «دەندان ئۆيلۈكنىڭ جەنۇبىدىن 40 چاقىرىم يىراقلىقتا ئۇزۇن تېتى خارابىسى بولغان، ئۇمۇ سۇ يولىنىڭ قۇرۇپ قېلىشى بىلەن خاراپ بولغان» دەپ يازىدۇ. ئاۋرىل ستېيىندىن بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىسى بىلەن شۇغۇللانغان شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىنمۇ كېرىيە دەرياسىنىڭ تارىختا دەندان ئۆيلۈك يېنىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغانلىقىدەك پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويغان.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي بېشىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئېيتقاندا، جەنۇب تەرەپ شىمال تەرەپتىن ئېگىز بولۇپلا قالماستىن، غەرب تەرەپمۇ شەرق تەرەپتىن ئېگىز. بۇ خىل جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىك كېرىيە دەرياسى (يەنى تارىختىكى

ئىگە بولۇپلا قالماستىن يەنە ئۆزۈنتات خارابىلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ھەرخىل ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردىن بايقالغان تۈرلۈك يىپەك رەخت ۋە ھەرخىل يىپەك توقۇلما بۇيۇملار بۇ ئەلنىڭ يەنە پىلىچىلىك ۋە يىپەكچىلىكتىمۇ تازا گۈللەنگەنلىكىنى ۋە ئالاھىدە تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى تارىخىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ تۇرماقتا.

دېمەك، ئۆزۈنتات دۆلىتى غەربىي دىياردىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ چەت ئەل ۋە جۇڭگو تارىخى مەنبەلىرىدە ئوخشىمىغان دەۋردە ئوخشىمىغان ئاپتورلار تەرىپىدىن يۈمى ( 好弥 )، جۈمى ( 拘弥 )، نىگمى ( 宁弥 )، بىمۇ، پىيما، كەنچاڭ، پئىن (pein)»، گەنجۇ ( 绀州 )... دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بولسا خەلق ئارىسى، يەرلىك رىۋايەتلەردە ۋە باشقا ئۇيغۇرچە مەتبۇئاتلاردا «ئۆزۈنتات»، «ئۆزۈن تېتىر»، «ئۆزۈن تاتى»، «ئۆزۈن تېتى» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

«ئۆزۈنتات» دىكى «تات» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى توغرىسىدا مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە «ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن كاپىر ئۇيغۇرلار»، «پارسلار» دەپ تەبىر بەرگەن. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۆزۈنتاتنى ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىرەر شەھىرىنىڭ نامى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. «ئۆزۈنتات» تىكى «ئۆزۈن» نىڭ مەنىسى «ئۇزاق»، «بويىغا، ئالدىغا قاراپ سوزۇلغان»، «مۇساپىسى يىراق»، «ئۆزۈن يول» دېگەنلىك بولىدۇ. «تات» نىڭ مەنىسى

نەچچە ئەسىر داۋاملاشقان، بىرنەچچە قېتىملىق كۆچۈشلەر داۋامىدا بۇگۈنكى كېرىيە ناھىيە بوستانلىقى ۋە مەركىزىي بازىرىنىڭمۇ بەرپا بولغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز.

دېمەك، يۇقىرىقى قىياس ۋە تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا ھازىرقى كېرىيە تېررىتورىيىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان قەدىمكى ئۇزۇنتات دۆلىتىنىڭ مەركىزى شەھىرىنىڭ كونا دامىكو رايونلىرىدىكى دەندان ئۆيلۈك ۋە ئۇزۇنتاتى خارابىلىرى رايونلىرىغا جايلاشقانلىقى ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن.

قەدىمكى كېرىيىدىكى شەھەر دۆلىتى بولغان ئۇزۇنتات ئەينى دەۋردىكى خوتەن بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇدۇنغا كەلگەن فاشيەن ۋە شۈەنزاڭ قاتارلىقلار ئۇزۇنتات دۆلىتىنىڭ بۇددا ساڭراملىرىدا ئۇزاق ۋاقىت تاۋاپ قىلغان ۋە بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان تارىخىي ۋەسىقىلەرنى قالدۇرۇپ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا زور تۆھپە قوشقان. بۇنىڭدىن يۇز نەچچە يىل مۇقەددەم ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ دەندان ئۆيلۈك خارابىسىنى قازغان سىۋېن ھېدىن، ئاۋرىل ستەيىن قاتارلىق چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىمۇ بۇددا ساڭراملىرىدىكى نەچچە ئەسىرلىك تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئاپەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپمۇ ئۆز نەپىسلىكىنى يوقاتمىغان بۇددا ۋە بۇتساتۇالارنىڭ تام رەسىملىرىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيرانلىققا چۆمگەن ۋە سانسىزلىغان بۇددا مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تۆگىگە ئارتىپ ئۆز دۆلەتلىرىگە توشۇپ كەتكەن.

ئۇزۇنتات نەپىس ۋە جىلۋىدار بۇددا سەنئىتى مەدەنىيىتىگە

ئايرىلىپ كەتكەن. شۇڭا كېيىنكى ئەۋلادلار ئەجدادلىرىنىڭ قەدىمى تەگكەن ھەمدە ئۇلار ياراتقان ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرى قېپقالغان بۇ ئەزىز تۇپراقنى قەدىرلەش، ياد ئېتىش، شۇنداقلا بۇ ئانا ماكانلىرىنىڭ قاقاسلىشىپ كەتكەنلىكىگە ئېچىنىش يۈزىسىدىن بۇ جايلارنى «ئۇزۇن ئېتىر» دەپ ئاتىغان دېگەن يەكۈننى چىقىرىشقىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاۋرىل ستەيىنمۇ «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى» ناملىق كىتابىدا «يەرلىك رىۋايەتلەردىكى ‹ئۇزۇن تاتى› (uzuntati) يەنى يىراقتىكى قەدىمكى شەھەر...» دېگەن جۈملىسى ئارقىلىق «ئۇزۇنتات»قا ناھايىتى جايىدا ئىزاھات بېرىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، «ئۇزۇنتات»، «ئۇزۇن ئېتىر»، «ئۇزۇن تاتى» دېگەن ناملارنىڭ ھەممىسى ساپ ئۇيغۇرچە سۆزلەر بولۇپ، بۇ سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، مەنىسى، شۇنداقلا ئۇزۇنتات شەھىرىنىڭ ئورنى، خاراپلىشىش ئەھۋالى، يوقىلىش جەريانى، خەلقلىرىنىڭ تارىخىي قىسمەتى قاتارلىقلار ھەققىدىكى ئورغۇنلىغان پەرەزلەر بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلارنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ئارخېئولوگىيىلىك دەلىللەر ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

«يۇقىرا» ، «يات ئۆرۈق يۇقىراسى» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنىڭغا
ئاساسەن «ئۆزۈنتات» دېگەن سۆزگە «ئۇزاق يولدىكى ئەل» دەپ
تەبىر بېرىشكىمۇ بولىدۇ دەپ قارايدىغانلارمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا
«ئۆزۈن تېتىر» دېگەن نامنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ بۇ بەگلىكنىڭ
قەدىمكى جايلىرى تاشلىنىپ قالغاندىن كېيىن «ئۆزۈن تېتىر»
دەپ ئاتالغان، مەنىسى «يىراقتا قالغان ئېسىل زېمىن» دەپ
قارايدىغانلارمۇ بار. چۈنكى «تېتىر» سۆزى قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا
يېزىلغان «ئېرىق بىتىك» ( «پالنامە» ) دە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ،
نەشرگە تەييارلاشتا «ئېسىل نەسىللىك» دەپ ئىزاھ بېرىلگەن.
ئەمما ئۇلۇغ تۈركلوگ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار
دىۋانى» ناملىق كىتابىدا «تېتىر» : تېتىر، تېقىر. «تتر يير» : تېتىر
يەر، سۇسىز يەر، دەرەخسىز يەر دەپ تەبىر بەرگەن بولۇپ، بۇ
نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا «ئۆزۈن تېتىر» — «يىراقتا قالغان
سۇسىز يەر» ، «يىراقتا قاغجىراپ قالغان زېمىن» دېگەن مەنىلەرنى
بىلدۈرىدۇ دېگۈچىلەرمۇ بار. بۇ قاراش نىسبەتەن ئىلمىيلىككە ئىگە
بولۇپ، خۇددى ماقالىمىزنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك
قەدىمكى زاماندىكى ئەجدادلىرىمىز دەريا ئېقىنىنىڭ قىسقىرىشى ۋە
ئېقىن ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە سۇ بىلەن تەمىنلەشنىڭ كاپالەتكە
ئىگە بولماسلىقى تۈپەيلىدىن تەدرىجىي ھالدا شەرقىي جەنۇب تەرەپكە
كۆچكەن ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەجدادلىرى قەدىمدە پائالىيەت
ئېلىپ بارغان جايلار تاشلىنىپ قالغان ھەمدە قەدىمكى ئەجدادلار
ئۆزلىرى ياراتقان ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرى، ئەجدادلارنىڭ
تۇپراق بېشى ۋە ئۆزلىرىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن زېمىندىن

ئاتالغان.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ناھايىتى ئۇزاق تارىخ جەريانىدا يەر ناملىرىنىڭمۇ بىرقانچە نۆۋەت ئۆزگىرىش ياسىغانلىقى مەلۇم. شۇڭا بەزى جايلارنىڭ ناملىرىنىڭ بىرقانچە خىل نام بىلەن ئېيتىلىپ كېلىشى بۇنىڭ دەلىلى. قانداقلا بولمىسۇن يۇرتىمىزنىڭ يەر ناملىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمقى ماكانلىرى توغرىسىدىكى مۇھىم تارىخىي ھۆججەتتۇر. كىرىيىدىكى يەر ناملىرى توغرىسىدا يېزىپ قالدۇرۇلغان پاكىتلىق ھۆججەت يوق. شۇنداقتىمۇ يەر ناملىرىنى دەلىللەشتە سادىدا پەرەزلەرگە ئەمەس، بەلكى ماتېرىياللارغا تايىنىشىمىزغا، ھەر جەھەتتىن ئىزدىنىپ كۆرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. لېكىن بۇ جاينىڭ يەر ناملىرى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئاتالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى تىل، تارىخ نۇقتىسىدىن ئالغاندا، جۈملىدىن تەتقىقات نۇقتىسىدىن ئالغاندا «ھۆججەت يوق» دېيىشنىڭ ئۆزىمۇ تارىخىي ئىنكارچىلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى چۈشەنمەسلىكنىڭ ئۆزى تارىخىي پاكىتلارنىڭ تولۇق بولماسلىقى ئەمەس، قانداقتۇر بىزنىڭ ئىزدىنىشىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

### كىرىيە

كىرىيە توغرىسىدا كىشىلەرنىڭ ھەر خىل قاراشلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بەزىلىرى «كىرىيە» دېگەن ئاتالغۇ «كەمەك» لەر دېگەن سۆزدىن كەلگەن، «كىرىيە ئەسلى ‹كەمەك› لەرنىڭ بۇرۇنقى يۇرتى ئىكەن» دەيدۇ. يەنە بەزىلەر «كىرىيە» دېگەن بۇ

# كېرىيە يەر ئىسىملىرىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى توغرىسىدا ئىزدىنىشلىرىم

ئابدۇكېرىم قاسىم

كېرىيە باشقا جايلارغا نىسبەتەن تارىخى بىرقەدەر ئۇزۇن بولغان يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ يەردىكى خەلق قەدىمدىن تارتىپلا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا سۇ، ئوتلاق قوغلىشىپ كۆچمەنچىلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. كېيىنچە دېھقانچىلىققا كۆچۈش جەريانىدا بىرقەدەر مۇقىم بولغان يېزا - كەنتلەرنى بەرپا قىلىپ، ئۆزلىرى ئولتۇراقلاشقان جايلارغا ھەر خىل ناملارنى بېرىشكە باشلىغان. بۇ ناملار شۇ جاينىڭ ئاتىلىشى ياكى ئىسمى بولۇپ كەلگەن. ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرى ئاچقان ئاشۇ ماكانىنىڭ بەزىلىرىگە شۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك يەر تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن نام قويغان بولسا، بەزىلىرىگە شۇ جاينىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن نام قويغان. بەزىلىرىنى شۇ جايدىكى ئۆسۈملۈك ۋە ئورمانلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان، يەنە بەزىلىرىنى شۇ جايدىكى كۆپرەك ئۇچرايدىغان ھايۋان، ئۇچار قۇشلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان. قىسمەن جايلارنى بولسا شۇ جاينى ئاچقان ياكى شۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان ئۇرۇغ - قەبىلىلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. يەنە شۇنداقلا بىرقىسىم يەرناملىرى كېيىنكى ۋاقىتلاردا شۇ جايدا ياشىغۇچى ئادەملەرنىڭ سۈپىتى بىلەن

نىيەتتىكى ئادەملەرگە. سىمۋول قىلىندۇ. تارىختىن تارتىپ «كەمەك» دېگەن بۇ ئاتالغۇ سەلبىي ئوبراز بولۇپ كەلگەن.

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دىمۇ «كەمەك» دېگەن سۆزنى «ھىيلىگەر، ساختىپەز، سېرى - جادۇ قىلغۇچى، سۇيىقەستچى» دەپ ئىزاھلايدۇ. يەنە بەزى لۇغەتلەردە بولسا «كەمەك» لەرنى قاڭشىرى يوق، پاناق بۇرۇن دەپمۇ ئىزاھات بېرىلىدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، بىرىنچىدىن، كەمەكلەرنىڭ تارىختىكى جۇغراپىيىلىك ئورنىنى كىرىيىنىڭ تارىخى بىلەن باغلاشقا بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تارىختىن بۇيان ئاق كۆڭۈل، ساددا، سېھرى - جادۇ قىلىشنى بىلمەيدىغان مېھماندوست، ساددا خەلق بولۇپ، كەمەكلەر توغرىسىدىكى ئەپسانە - رىۋايەت ياكى تەبىرلەر بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ پسىخىكىسىغا يات كېلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، بىزنىڭ خەلقىمىز قاڭشىرى يوق، پاناق ئەمەس، خۇددى مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «مېنىڭ خەلقىم ئېگىز، بەستلىك، بۇغداي ئۆڭ، قاڭشارلىق، مەن ئەنە شۇ قىر بۇرۇنلاردىن بولمەن» دەپ ئېيتقاندەك، كىرىيىلىكلەر ئېگىز، بەستلىك ھەم قىر بۇرۇن كېلىدۇ. شۇڭا كىرىيىلىكلەرنى كەمەكلەرنىڭ ئەۋلادى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئەگەر بۇنى زورمۇ زور كىرىيىنىڭ نامى ئورنىغا دەسسەتسەك بۇ يۇرتىمىزغا قىلىنغان چوڭ ئاھانەت ئەمەسمۇ؟!...

«كېيىنكىلەر» ياكى «كېيىن كەلگەنلەر» دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بۇنىڭمۇ پۇت تىرەپ تۇرالىغۇدەك ھېچقانداق ئاساسى

ئاتالغۇ «كىيىن كېلەر» دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن دېسە، يەنە بەزىلەر «كىرىيە ـ قىرىيەر» دېگەن سۆز بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا «ق» تاۋۇشىنىڭ «ك» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ تەلەپپۇز قىلىنىشى دېگەن پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

«كىرىيە»، «كەمەكلەر» دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن دېگەن مەسىلىگە كەلسەك: مەن «كەمەكلەر» توغرىسىدا بەزىبىر تارىخىي كىتابلارنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ كىرىيىگە ھەتتا چەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىگە كەلگەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق. پەقەت بەزىبىر رىۋايەتلەردە بۇرۇنقى ئىران پادىشاھلىقىنىڭ تەۋەسىدە «كەمەك» دېگەن بىر قوۋم ئۆتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئىنتايىن ھىيلىگەر ئادەملەر ئىكەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. مانا بۇنىڭدىن كەمەكلەرنىڭ كىرىيىدە ئەمەس، بەلكى ئىران تەۋەسىدە ياشىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. گەرچە چۆچەك - رىۋايەتلەرنىڭ توقۇلما تۈسى قويۇق بولسىمۇ، ئەمما ئاشۇ جايدا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ۋە شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 60 ـ سانىدا يولداش غەيرەتجان ئوسمان «كەمەكلەر VIII ئەسىردە ئالتاي تېغىنىڭ شىمالى، ئىرتىش دەرياسى ساھىلىدە ياشىغان، ئەينى چاغدا غەربىي تۈرك خانىدانلىقى مۇنقەرز بولغاندا كەمەك قەبىلىلىرى غەربىي تۈرك خانىدانلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ ئىرتىش دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنلىرىدا ئولتۇراقلاشقان» دەيدۇ. غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ كەمەكلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلىرىدە «كەمەك» دېگەن ئاتالغۇنى ھىيلىگەر، ئالدامچى، سۇيىقەستچى، يامان

دېمەك، شۇ قېتىمقــى مەجبۇرىي كۆچۈرۈشتە جەنۇبقا كەلگەن قارلۇقلار كىرىيە دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنلىــرىغا كېلىــپ ئولتۇراقلىشىپ بوز يەر ئاچقان. كېيىنچە سۇ قوغلىشىپ يۇقىرى تەرەپكە كۆچۈپ ھازىرقى قالۇق كەنتىنى بەرپا قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كەنتنىڭ نامى شۇ قەبىلە نامى بىلەن قارلۇق دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

ھازىرقى لوگەي مەيدان (ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى) جايلاشقان جاينىڭ بۇرۇنقى نامــى «قارىخان» بولۇپ، بۇ جاي قارلۇقلار ئەڭ دەسلەپ ئاچقان جاي.

**مۇغاللا**

مۇغاللا ھەققىدە ئىككى خىل ئۇقۇم بار. بىرسى، مۇغاللا دېگەن بىر قەبىلىنىڭ نامى دېگەن كۆزقاراش. ئىككىنچىسى، بۇ كەنتنى ئەڭ دەسلەپ بەرپا قىلغانلار مۇغى جامائەدىن بولۇپ، بۇ نام شۇ ئۇرۇغنىڭ نامى بىلەن «مۇغىلا» دەپ ئاتالغان. كېيىن «مۇغاللا» دەپ ئاتىلىپ قالغان دېگەن كۆزقاراش.

مېنىڭچە بىرىنچى خىلدىكــى كۆزقاراش توغرا، ئەسلــى ئېيتىلىشىمۇ مۇغاللا ئەمەس مۇغۇللا، تارىخىي مەنبەلەردە ئويراتلار مۇغۇللا دەپ ئاتىلىدۇ. تارىختا بولۇپمۇ ئىسلامىيەتتىن كېيىن نۇرغۇن ئويرات موڭغۇللىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىــپ ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن. لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەنە بۇرۇنقى موغۇل دېگەن نامىنى ساقلاپ كەلگەن. مۇغاللا دېگەن يەر نامى قەشقەر رايونىدىكى دولانلىقلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، يوپۇرغىدا «مۇغاللا» دېگەن چوڭ

يوق. «قىرىيە» دېگەن ئاتالغۇنى مېنىڭچە كىرىيە دېگەن سۆزنىڭ بۇرۇنقى نامى دەپ ئېيتىشقا تامامەن بولىدۇ. قەدىمكى قارلۇق ئۇيغۇر تىلىدا «قىمىر» دېگەن سۆز يۇرت، ماكان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۆز يۇرتىنى ئىزاھلاپ يازغان قىسمىدا «ئىسمەتۇل قىرىيە» دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ. بۇ سۆزنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى «يۇرتۇمنىڭ ئىسمى» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا قىر «يۇرت» ، «ماكان» دېگەننى بىلدۈرسە، «يە» شۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك مەشھۇر نامىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن. كورىيە، قەشقەرىيە، موڭغۇلىيە، سەئۇدىيە، ھۆسەينىيە، ساچىيە دېگەنلەرگە ئوخشاش. دېمەك، كىرىيە دېگەن بۇ نام «قىرىيە» دېگەن ئىسمىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا «ق» تاۋۇشىنىڭ «ك» گە ئاجىزلاپ تەلەپپۇز قىلىنىشى بىلەن ئۆزگەرگەن (كىرىيە تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ 1 ـ قىسمىغا قاراڭ ـ مۇھەررىردىن). كىرىيىدىكى بەزى ئەدىبلەر ئۆتكەندە بىرقىسىم ماقالىلەرنى ئېلان قىلغاچقا بۇ ھەقتە مەن كۆپ توختالمايمەن.

### قارلۇق

بۇنىڭدىن سەككىز يۈز يىل ئىلگىرىكى يەتتە سۇ رايونى ۋە قەشقەردىكى قارلۇقلار شۇ دەۋردىكى ھاكىمىيەت تەرىپىدىن مەجبۇرىي كۆچۈرۈلدى. تارىخىي كىتابلاردا كۆرسىتىلىشىچە: قارلۇقلارنىڭ بىرقىسمى ئاقسۇ تەرەپكە، يەنە بىر قىسمى جەنۇب تەرەپكە، يەنە بىر قىسمى بولسا توخارستانغىچە كۆچۈرۈلگەن.

ئۆستەڭنىڭ بېشى بىر بولۇپ، بىر كىلومېتىردىن كېيىن ئىككىگە ئايرىلغان. قاچا ئۆستەڭ دېگەن نام يەرنىڭ نامى بىلەن قاچۇن دېگەنگە ئۆزگەرگەن دېيىشىدۇ. بۇمۇ كىشىلەرنىڭ ساددا پەرىزى بولۇشى مۇمكىن.

«قاراخانىلار تارىخىدىن بايان» دېگەن كىتابتا ئويراتلار قەبىلىسىنىڭ ئىچىدە «قاچۇلى» دېگەن بىر خەلق بەر ئىكەن. بۇ خەلقلەرمۇ كېيىنكى چاغلاردا تەرەپ - تەرەپكە كۆچۈپ كەتكەنىكەن. بەلكىم قارلۇقلار بىلەن بىللە بۇ تەرەپكە كۆچۈپ قاچۇننى ئاچقان بولۇشى مۇمكىن. بۇ جاينىڭ نامى شۇ خەلقنىڭ نامى بىلەن «قاچۇلى» دەپ ئاتالغان بولسا كېيىنكى چاغلاردا «قاچۇلى» دېگەن سۆز «قاچۇن» دېگەن سۆزگە ئۆزگىرىپ قالغان، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىي جەھەتتىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بولۇپمۇ تەلەپپۇز جەھەتتىكى ئۆزگىرىشىدىن بىر-بىر تاۋۇشنىڭ چۈشۈپ قېلىش ياكى قوشۇلۇپ قېلىشىدىن ھەم شۇنداقلا تاۋۇشلارنىڭ تەلەپپۇز جەريانىدىكى ئۆزگىرىشىدىن بىرقىسىم ئىسىملار، بولۇپمۇ جاي ئىسىملىرى بۇرۇنقىدىن پەرقلىق تەلەپپۇز قىلىنغان. شۇڭا بەزى يەر ناملىرىنىڭ بۇرۇنقى نامىنىڭ كېيىنكى چاغلاردا كەمتۈك ئاتىلىشى ياكى باشقىچە ئاتىلىشىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

## قارا تۇغان

«قارا تۇغان» ئەسلى قارا تۇغام دېگەن سۆز بولۇپ، كونا ئۇيغۇر تىلىدا قارا دېگەن سۆز « چەك، بۈيۈك، تەڭداشسىز» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «تۇغام» ھازىرقى جانلىق تىلدا

يېزا بار. مەكىت، مارالۋېشىلاردىمۇ مۇغاللا دېگەن جاي ئىسمى بار. مۇغۇللا دېگەن سۆز كېيىنكى ۋاقىتتا ماڭغوللا دەپ ئاتىلىپ قالغان.

### ھال

ھاللىقنىڭ ئەسلى بوۋىسى كۆچەت پاۋان ۋە ئاخۇن غوجا دېگەنلەر ئابدۇللاخاننىڭ لەشكەرلىرىگە قوشۇلۇپ كىرىيىنى موڭغۇللارنىڭ ئىشغالىيىتىدىن قايتۇرۇۋېلىشتا ناھايىتى زور تۆھپە قوشقان بولغاچقا، ئابدۇللاخان كۆچەت پاۋان بىلەن ئاخۇن غوجىغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ نۇرغۇن تاغ، دەريا، زېمىنلارنى بۆلۈپ بەرگەن. چوڭ خاندان ياسىتىپ بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇلارنىڭ ئەجدادى ئۆزلىرىنى خاننىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەن «غوجىلار» دەپ ئاتاپ باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان پەۋقۇلئاددە ئىمتىيازلىق ئادەملەردىن ھېسابلاپ باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتۇپ پەۋقۇلئاددە قائىدە - يوسۇنلۇق بولۇۋالغاچقا كىرىيىدىكى باشقا يۇرتنىڭ ئادەملىرى بۇلارنى «ھال تارتقانلار» دەپ نام بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇلار ئولتۇرغان جاينىڭ نامى «ھال» دەپ ئاتالغان.

### قاچۇن

بەزىلەر بۇ يەرگە سىرتتىن بىرقىسىم ئادەملەر قېچىپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. قاچۇن دېگەن سۆز قاچقۇنلار دېگەن سۆزنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە تەلەپپۇز جەھەتتە ئۆزگىرىپ ئېيتىلىشى دېيىشىدۇ. يەنە بەزىلەر «قاچا» سۆزىنىڭ ئۆزگەرتىلىپ تەلەپپۇز قىلىنىشى دېيىشىدۇ. چۈنكى قاچۇن ئۆستىڭى بىلەن مۇغال

كەمتۈك ئاتىلىشى.

توغراغاز

توغراغاز دېگەن سۆز توققۇز غاز دېگەن ئاتالغۇنىڭ كېيىنكى چاغدا ئۆزگىرىپ توغراغاز دەپ تەلەپپۇز قىلىنىشىدىن كېلىپ چىققان.

لايسۇ

لايسۇ سۈيى لاي دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

شۆۋل

كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە قەدىمكى چاغلاردا شۆۋل توغراقلىق قاپلاپ ئۆرىدىغان جاڭگال بولۇپ، بۇ جايدا شىرلار توپ - توپ بولۇپ يۈرىدىكەن. كېيىن بۇ جاي تەدرىجىي بوستانلىققا ئايلانغاندىن كېيىنمۇ كىشىلەر بۇ جاينى شىر ئۆۋۈل يەنى شىرلار ماكانى دېگەن نام بىلەن ئاتاشقان.

قاراقى

ئەسلى ئاتىلىشى قاراقىر، كۆنپېتىشتىكى يۇرت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭ يەرلىك ئادىتىمە تەرەپلەرنى بەلگىلەشتە كۈنچىقىشنى يورۇق تەرەپ، كۈنپېتىشنى يەنى شىمالنى قارا دەپ ئاتاپ كەلگەن، مەسىلەن، خوتەن دەرياسىنىڭ كۈنچىقىش ساھىللىرىنى يۇرۇڭقاش، كۈنپېتىش، يەنى شىمالىي ساھىللىرىنى قاراقاش دەپ ئاتاپ كەلگىنىگە ئوخشاش قاراقى كىرىيىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئەڭ چەت يېزىسى

«دامبا، قاش» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. دېمەك، قارا تۇغان دېگەن بۇ ئىسىم «چىلك تۇغام» ياكى «چىلك دامبا» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ، كېيىنكى چاغلاردا «تۇغام» سۆزى تۇغان سۆزىگە ئۆزگىرىپ قارا تۇغان دەپ ئاتىلىپ قالغان.

**پوندىرا**

پەندۇرا دېگەن سۆزنىڭ كېيىنكى چاغلاردا «پە»نىڭ «پو» غا ئۆزگىرىپ قېلىشى بىلەن پوندىرا دەپ ئېيتىلىپ كەلگەن. پەندو دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئالداش دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. بۇ جاي بۇرۇنقى زاماندا كارۋان، سودىگەرلەر قونۇپ ئۆتىدىغان ئۆتەڭ ئىكەن. بەلكىم شۇ چاغدا بەزى سودىگەرلەر قونالغۇدا بەزى يامان ئادەملەرنىڭ ئالدىغا ئۇچراپ قالغان بولسا شۇنىڭغا ئاساسەن «پەندورا - پەندۇرغۇچىلار» دەپ ئاتىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكى چاغلاردا پەندورا دېگەن سۆز پوندىرا دېگەنگە ئۆزگىرىپ قالغان.

**سايباغ**

سايباغ «سايدىكى باغ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆكمەت**

كۆكمەت - چارۋا ئوتلايدىغان جاي بولۇپ، بۇ جاي كۆكمەت دېگەن ھايۋاننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**قىرقاز**

قىرقاز - قىرىق غاز دېگەن سۆزنىڭ كېيىنكى چاغلارد

جاي بولغاچقا بۇ جايغا كىشىلەر بوغاز لەڭگەر دەپ نام بەرگەن.

**پولۇ**

مەھمۇت جۇراسنىڭ «تارىخىي رەشىدىيە» دېگەن كىتابىدا كېرىيە توغرىسىدىكى جايلار ھەققىدە ئاتچاننى ئۇچان، «پولۇ» نى بولۇ دەپ ئالغان. بولۇ بۇلۇڭ دېگەن سۆزنىڭ «ڭ» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى بىلەن كېيىنكى چاغلاردا «بو» نىڭ «پو» غا تەلەپپۇز قىلىنىشىدىن «پولۇ» غا ئۆزگىرىپ قالغان. چۈنكى پولۇنىڭ جۇغراپىيىلىك يەر شەكلىدىن قارىغاندىمۇ پولۇنىڭ ئەسلى ئاتىلىشى «بولۇڭ» ئىكەنلىكى تارىخىي رېئاللىققا ئۇيغۇن.

**بەش توغراق ـ ئويتوغراق**

بۇ بەش توغراق ئەمەس باش توغراق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇرۇن بۇ يەر شەكىللىنىشتىن بۇرۇن كېرىيە دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىن تاكى نىيە چۆللۈكىگىچە قېلىن توغراقلىق بولۇپ كېرىيە دەرياسى بېشىدىكى توغراقلىقنى باش توغراق، چۆللۈكنىڭ ئىچىدىكى توغراقلىقنى ئويتوغراق دەپ ئاتالغان. ئوي سۆزى كونا ئۇيغۇر تىلىدا ئېرى، تورى، چوڭقۇرى دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**يېڭىۋاغ**

ئەسلى ئاتىلىشى يېڭى باغ. بۇ نام يېڭىدىن ئېچىلغان بوستانلىق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

50 ـ يىللاردىن بۇرۇن بۇ جاي تەكلىماكان چۆلىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى تۇتاش قۇملۇق بولۇپ، دەريا بويلىرىدا

بولغانلىقى ئۇچۇن بۇ بوستانلىقنى قاراقى، يەنى كۆنپېتىش تەرەپتىكى يۇرت دەپ ئاتاپ كەلگەن.

### سىكە داشمان

تىلىمىزدا «داش» دېگەن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، بۇ قوشۇمچە ئىسىملارنىڭ ئالدى ـ ئارقىغا قوشۇلۇپ كېلىش ئارقىلىق ئىسىملارنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمدى داشمان دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەنىسى تۈزلۈق يەر ياكى تۈزلۈق ئويمان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ھازىرقى سىكە داشماننىڭ بۇرۇنقى ھالىتى تۈزلۈق ئويمان بولۇپ، ئۇ يەرگە قەشقەر، خوتەن تەرەپتىن بىرقىسىم ئادەملەر كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. تەك ئۆستۈرۈپ ئۇزۇمنىڭ غورىسىدىن سىركە چىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغان. ھازىرمۇ بۇ جايدا تۇرسۇن سىكە، قاسىم سىكە دېگەن كىشىلەرنىڭ ئەجدادلىرى بار ئىكەن. دېمەك، سىركە سۆزى كېيىنكى چاغلاردا سىكە سۆزىگە ئۆزگىرىپ سىركە داشمان دېگەن ئاتالغۇ داشمان دېگەن سۆزگە ئۆزگەرگەن.

### بوغاز لەڭگەر

لەڭگەر ـ يولۇچىلارنىڭ بىر ـ ئىككى كۈن تۇرۇپ، ئات ـ ئېشەكلىرىگە بوغۇز يېگۈزۈپ دەم ئالدۇرۇپ ئۆتىدىغان جايدۇر.

ھازىرقى لەڭگەر بوستانلىقى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن پۇلۇ تۆت ئىماملىرىمىزغا بارىدىغان كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن. ئۇلار كېرىيىدىن لەڭگەرگە ئۆتۈپ بىر ـ ئىككى كۈن تۇرۇپ ماڭىدىغا ھەم ئات ـ ئۇلاغلىرىغا بوغۇز بېرىپ تويغۇزۇپ ئۆتىدىغان

# «قەۋمىي شەھدان» تىلاۋەتخانىسى توغرىسىدا

بارات ئىمىن

## 1. قەۋمىي شەھدان قەدىمىي قەبرىستانلىقى

ئۆزىدىنلا بىلىنىپ تۇرىدۇكى، بۇ تارىختا ئۆتكەن بىر قەۋم كىشىلىرىنىڭ ئاتاقلىق قەبرىستانلىقى بولۇپ، ئورنى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ كۆكيار يېزا قولتۇق كەنتىدە، شەرق تەرىپى «سىرىغۆي» (سىرىق ئۆي)، جەنۇب تەرىپى «ئەگلە»، غەربىي ۋە شىمالىي «قولتۇق»قا جايلاشقان. خەرىتىدىكى ئورنى: شەرقىي مېرىدىئان 81° 36′ 07″، شىمالىي كەڭلىك 38° 49′ 06″ بولۇپ، 1950 - يىللاردىكى تەكشۈرۈشتىكى ئەينەن كۆلىمى 1200 مودىن ئارتۇق. «خەلق گوڭشېسى» مەزگىللىرىدە بۇ قەبرىستانلىقنىڭ كۆپ قىسمى تېرىمغا ئايلاندۇرۇۋېتىلىپ ئايرىم بىر بۆلۈك جايلىرى جىگدىلىك ۋە بىدىلىك قىلىنىپ، ھازىر شۇ ئاپەتلەردىن ئېشىپ قالغان قىسمىلا ساقلىنىپ قېلىنغان. 80 -، 90 - يىللاردىكى كۆزىتىشتە، غەربىي جەنۇب بۇرجەكتە ساپال پارچىلىرى، ئۈستى ياغاچ بىلەن يېپىلغان قەبرىلەر ئۇچرىتىلغان.

ئوقۇمۇشلۇق زات، يېتۈك تىلماچ، مەشھۇر ھېكىم، تارىخچى ھاجى ئوسمان ئاخۇنۇم قۇدۇق (بۇ زات بۇرۇن ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئىشلىگەن)نىڭ پاكىت

ئابدۇشۈكۈراخۇن قاتارلىق قالۇقلۇق بايلارنىڭ قويلىرى ئوتلايدىغان ياپلاقتا ـ ھەسەن يېتىم دەيدىغان قويچىلارنىڭ قوتىنى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا نە بوستانلىق، نە ئورمانلىق يوق ئىدى.

50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە كىرىيە دەرياسىنىڭ باش تەرىپىدىن ئۆستەڭ ئېلىپ كىرىيىنىڭ ھەرقايسى كەنتلىرىدىن بىرقىسىم ئاھالىلەرنى كۆچۈرۈپ، يەر ئېچىپ ئون نەچچە يىل ئىچىدە گۈزەل بوستانلىققا ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن بۇ جاي يېڭىئۆغ دەپ ئاتالغان.

## ئاتچان

ئاتچاننىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى «ئارت» بولۇپ، بۇ كونا ئۇيغۇر تىلىدا داۋان، تاغ بېلى دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئاتچان ئەسلى تاغلىق، تاغ بېلىدىكى جاي بولغاچقا ئاتچان دەپ ئاتالغان. ئات «ئارت» نىڭ تەلەپپۇز جەھەتتىكى ئۆزگىرىشى، «چان» سۆزى ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ «جاي» دېگەن نامنى بىلدۈرىدۇ. يەنى «ر» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈرۈپ تەلەپپۇز قىلىنىشى بىلەن «ئارت» قا «چان» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشىدۇر.

## يەتتە باش

يەتتە باش ـ باشتىكى يەتتە مەھەللىنى كۆزدە تۇتىدۇ. چۈنكى بۇ يەتتە مەھەللە كىرىيە دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىغا جايلاشقان بولغاچقا، سۇنىڭ بېشىدىكى يەتتە مەھەللە دەپ ئاتالغان. كېيىن «مەھەللە» دېگەن سۆز چۈشۈپ قېلىپ يەرلىك ئادەت تىلىدا «يەتتە باش» دەپ ئاتىلىپ قالغان.

بۇ قەبرىستانلىقتىكىلەر ئۆزاق قەدىمىي تارىختا ئۆتكەن «بوش قوزىۋام» دېگەن ئۇلۇغ سەركەردە زاتنىڭ ئەجدادلىرى ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ جەسەتلىرى. «بوش قوزىۋام» دېگەن زات ئەسلىدە ئۆلىما، ئالىم، ئاتاقلىق زات بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇرۇقلىرى ھەممىسى يېتىلگەن، بىلىملىك، پازىل كىشىلەردۇر. «مازار تەزكىرىسى» ۋە «بوز قوزىۋام» نەسەبىگە كىرىدىغان ئەۋلادلارنىڭ قالدۇرغان خاتىرىلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، «نەۋبەتى» لەقەملىك موللا نەسىرىدىن ئەسلى «بوز قوزىۋام» ئەۋلادلىرىدىن بولۇپ، ۋاپات بولغاندىن كېيىن «بوش قوزىۋام» قەبرىستانلىقى بولغان شۇ «قەۋمىي شەھىدان» غا قويۇلغانىكەن. بۇ ئالىم، ئۆلىما، تارىخچى، شائىرلار تۈركۈمىدىن بۇزرۇك ئەزىمشا شەيخ ئوغلى توختىشىراخۇنۇمنىڭ ئوغلى موللا ئىمىن ئاخۇنۇم ھەزرىتى ساھىبى قەلەم دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، بۇ زات ئۆز نەسەبلىرى قاتلىمىدىكى بوۋىلىرىدىن موللا نەسىردىن «نەۋبەتى» گە ئۆزىنى ياندىش ۋارىس ئاتاپ «گورىكىتى» تەخەللۇسى ئاستىدا «دىۋانى گورىكىتى»، «مۇئەززەتنامە گورىكىتى» (گورىكىتىنىڭ نەسىھەتلىرى)، «تاۋارىخ ناما گورىكىتى»، «رۇبائىياتى گورىكىتى» قاتارلىق بىرقاتار نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد ئېتىپ، «قەۋمىي شەھىدان مازاراتلىقى تىلاۋەتخانىسى» تەركىبىدە ھەدىيە قالدۇرۇپ كەتكەن.

مەلۇمكى، ئاڭلىغان خەۋەر - ئۇچۇرلار شۇنىڭدىن ۋاقىپلاندۇرىدۇكى، يۇقىرىقى ئەسەرلەردىن «تارىخنامە گورىكىتى» ھازىر ئالمۇتا ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقات ئورنىدا

بىرىنچە، بۇ قەبرىستانلىقتا قورال ئۇچاقلاپ ياتقان جەسەتلەر بىنىغا كىتاب قويۇپ دەپنە ئېتىلگەن جەسەتلەر، ئالدىدا رىھىل ئۈستىگە كىتاب ئېچىپ قويۇلۇپ، ئۇنى ئوقۇپ ئولتۇرۇۋاتقان ھالەتتىكى جەسەتلەر، شۇنداقلا تاۋۇت ھەم يۆگەكلەرگە ئوراپ قويۇلغان جەسەتلەر، جابدۇنغان جەڭ ئېتى بىلەن بىرگە ياتقان جەسەتلەر بولۇپ، ئۇستى گەمە قىلىنىپ يېپىلغان. بۇ «شەمگو» دېيىلىدۇ. 1950 - يىللاردىكى كۆپ قېتىملىق زىيارىتىمدە كىشىلەرنىڭ بۇ قەبرىستانلىقتىن ھەر خىل مارجان، داچەن پۇل، تۆگمە، ئوقيا، كامان، سۆڭەك تارغاق، ھەر خىل فارفور بۇيۇم... قاتارلىقلارنى يىغىپ كېتىشقانلىقىنى كۆرەتتىم.

بۇ قەبرىستانلىقتىكى قەبرىلەر ئۈچ خىل، «توپا قەبرە»، خام خىش بىلەن قوپۇرۇلغان «بۆشۈك قەبرە» ۋە شىبھىتلىق دەپ ئاتىلىدىغان «دۇۋە» قەبرىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ھازىر ئاز بىر قىسىم قەبرىلەرلا قالغان. قەبرىستانلىققا قويۇلغان بۇ قەدىمىي جەسەتلەرنىڭ نەسەبلەر قاتلىمى ھەققىدە يۇقىرىدا ئىسمى ئاتاپ ئۆتۈلگەن شاھىدلارغا قوشۇلۇپ، يەنە تەزكىرىچى شەيخ يۈسۈپ ئاخۇنۇم ۋە مەتقۇربان ئاخۇنۇم، مازار ھاپىزلىرىدىن مەتنىزاخۇن كەتمەن قۇرۇق، ئاۋلىراخۇنۇم، ئىسمايىلاخۇنۇم؛ مازار كۆركارلىرىدىن موللاش غوجا، يولداش غوجا، توختاش غوجا، ھەسەن ئاخۇن، غوپۇراخۇن، سەيدەخمەت خەلپەم... قاتارلىق ھايات كىشىلەر مۇكەممەل ھۆججەتلىك ئورۇندا تۇرۇپ، شۇنداق بايانلارنى سۆزلەيدۇ:

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورگىنى بىرلىكتە تۈزۈپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ماتېرىيال تۈزغۈزۈپ چىققان، جۇغراپىيىلىك خەرىتە ئورنىنى بېكىتكەن.

1998 - يىلى 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى مەزكۇر قەبرىستانلىق ئورنى يادىكارلىق يەر ئىشلىتىش دۆلەت گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشكەن. شۇ يىلى، يەنە كىرىيە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ جاينى قوغداش توغرىسىدا (1999) 32 - نومۇرلۇق ھۆكۈمەت ئۇقتۇرۇشى ئېلان قىلغان. 2000 - يىلى 6 - سېنتەبىر بىز «كىتاب مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئەنۋەر تاشتۆمۈر بىلەن بىرلىكتە مەزكۇر قەبرىستانلىقتا بىر كۈن زىيارەت ۋە تەكشۈرۈشتە بولدۇق.

**2. تىلاۋەتخانا**

بۇ تىلاۋەتخانىنىڭ تولۇق ئىسمى «قوۋمىي شەھىدان تىلاۋەتخانىسى» دېيىلىپ، تىلاۋەتخانا «قەۋمىي شەھىدان»نىڭ شان - شەرىپى ۋە بۇ يەردە ياتقان، يۇقىرىقى ماقالىمىزدا ئىسمى ئاتاپ ئۆتۈلگەن زاتلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمەت خاتىرىسىگە تەييىن قىلىنغان.

تىلاۋەتخانا ئۆيى ئۈچ، ھەر ئۆي سەھرا ئاھالە قورۇلۇشى شەكلىدە سامان سېغىز سۇۋاقلىق لاي تامدىن پۈتكەن. ئۆيلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7 مېتىر، كەڭلىكى 5 مېتىر ئەتراپىدا، ھەر ئۆيگە سۇپا قىلىنغان، سۇپىلارغا كىشىلەر تەرىپىدىن ئاتاپ بېرىلگەن كىگىز ۋە يۇڭ جاۋا سېلىنغان. ئىشىك ئالدى كىچىك دالانچە،

ساقلانماقتىكەن. قالغانلىرى «گورگىنتى» نىڭ ھەجگە سەپەر قىلىشى بىلەن ئەرەب دۇنياسىغا ئېلىپ چىقىلىپ، «تاپىپ» «مىسپىلە» قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ۋەتەنداشلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ئىقتىسادىي ياردىمى ئاستىدا مەتبۇئات كۆرۈپتۇ. «قەۋمىي شەھىدان» قەدىمىي قەبرىستانلىق يادىكارلىقىنىڭ ئېچىنىشلىقى شۇكى، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن شۇنداق ئۇلۇغ زاتلار، ئاقىللار، ئالىملار جايلاشقان بۇ كەم ئىپپىلىدىغان ئابىدىلىك 1950 - يىللاردىن باشلاپ دەخلى - تەرۇزگە ئۇچراشقا باشلاپ ئىخى ئەمدىلەتىن تالاپەتنىڭ ئايغى بىسىقىۋاتىدۇ.

1979 - يىلىدىن باشلاپ خوتەن ۋىلايەتلىك تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلۇپ؛ مەزكۇر قەدىمىي قەبرىستانلىق يادىكارلىق ئورنىنى رەجەپ يۇسۇپ، بارات ئىمىن، مەتكىرىم ئىسمايىل ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تارىخىي يادىكارلىقلار ئورگىنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرى قاتارلىقلار ئۇدا بىرقانچە قېتىم بېرىپ يوقلىغان. ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش - قوغداش ئورگىنى خادىملىرى ئاممىۋى سورۇنلاردا بۇ قەبرىستانلىقنىڭ ئەھمىيىتى، قىممىتى ھەققىدە جامائەتلىككە كۆپ قېتىم چۈشەنچىلەر سۆزلىگەن، قانۇن ئاساسلىرى توغرىسىدا مەلۇماتلار يەتكۈزگەن.

1990 - يىل 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورگىنى ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك تارىخىي

تاۋاپچىلار تۇركۇمى ئىچىدە بولسا كېرەك. شۇڭا ئۇ ھىجرىيە 1131 - يىلى (مىلادىيە 1718 - يىلى) يازغان «سەپەرنامە» سىدە:

سەھەر بىلەن قەمبەر ئاتا①غا يېتىپ،

«قوۋمى شەھىدان» دېدى تەۋسىف ئېتىپ. دەپ توختىلىپ ئۆتكەن.

3. كىتاب - ماتېرىياللىرى

يۇقىرىدا ئېيتىلغان «تىلاۋاتخانا» ئۆچ ئۆيدىكى ئۆچتىن جەمئىي توققۇز تەكچىدە (بۇلار كىتاب جاۋىنى رولىنى ئۆتەيدۇ) «تارىخ»، «مازار تەزكىرىسى»، «قەۋمىي شەھىداندىكى ئۆلگەنلەر نەسەپ خاتىرىسى»، «قەۋمىي شەھىدان ۋارىسلىرى ۋە ھاپىزلىرى»، «جاۋۇپكەشكەر ئىسىملىكنامىسى»، «شىھىتلىق»، «قەۋمىي شەھىداندا قىرىق يىلدا بىر سەل»، «ئەگلەنامە»، «قەۋمىي شەھىدان ئەۋلادى گۆركارلىرى»، «ئەببىياتى نەۋبەتى»، «دىۋانى نەۋبەتى»، «نەۋبەتىدىن جوزئىلەر»، «نەزمىيات نەۋبەتى»، «ئەببەياتى نەۋبەتى يامۇستەفا مۇھەممەد»، «ئەببىياتى نەۋبەتى ياۋۇدۇد»، «ئەببىياتى نەۋبەتى مەشەيىخ»، «ئەببىياتى نەۋبەتى بەھىس»، «ئەببىياتى نەۋبەتى بائىس»، «ئەببىياتى نەۋبەتى يارەب»، «ئەببايتى نەۋبەتى زىلەمتا»، «ئەببىياتى نەۋبەتى ھەمد»، «ئەدەبىياتى نەۋبەتى ئەزىزلەر»، «ئەدەبىياتى نەۋبەتى تاپىلۇر»، «ئەببىياتى نەۋبەتى - لايىق ئەمەس»، «ئەببىياتى نەۋبەتى - يازۇقۇمدىن قىل خالاس»، «ئەبباتى نەۋبەتى - ۋائىز»، «ئەببىياتى نەۋبەتى يارەبىي»، «ئەببىياتى نەۋبەتى - دەرەخ»، «

تېمىغا ئەنئەنىۋى مورا ئوچاق چىقىرىلغان. تىلاۋەتچىلەر سوغۇق قىش مەزگىللىرىدىمۇ بۇ جاينى تەرك ئەتمەستىن تىلاۋەتكە مۇشتەغىل بولغان.

«تىلاۋەتخانا» نىڭ ھەر ئۈي ئىچى ئۈچ تېمىغا ئۈستۈن تەكچە، ئوتتۇرا تەكچە، ئاياغ تەكچىدىن ئىبارەت ئۈچ تەكچە چىقىرىلغان بولۇپ، كەڭلىكى 20 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 25 سانتىمېتىر ئەتراپىدا. تەكچىلەرنىڭ سىرتقى يۈزىگە ئايەتلەردىن جۈزئىلەر يېزىلغان. تىلاۋەتخانا ئوتتۇرىسىدا شىرە (كىتاب جوزىسى) ۋە رېھىللەر بار بولۇپ، تىلاۋەتخانىغا كەلگۈچىلەر پاكىزە يۇيۇنغان، ناس، تاماكا چەكمەسلىكى، سېسىق، بەدبۇي تاراتماسلىقى، جىم ئولتۇرۇپ تىلاۋەت قىلىشى ئىنتىزام ئىدى. سەندەل ياغىچى، پىياز قاسرىقى، كېپەكلەردىن بۇي سېلىنىپ خۇشبۇي قىلىناتتى. كېچىلىرى تىلاۋەتتىن قايتىمىغۇچىلار ئۈچۈن ئۈچ پىلىكلىك ئۆرە چىراغدانلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان. تىلاۋەتخانىلارنىڭ ئۆگزە ئوتتۇرىسىغا ئاچقىلى، ياپقىلى بولىدىغان «دۈم تۈڭلۈك» چىقىرىلغان، ئۈستى ۋاسا دەميان، خانىقا، مەسچىت، تىلاۋەتخانىلار قارشىسىدا كۆل، سۆگەت بوستىنى شاخ ئېگىپ سايە تاشلاپ تۇرغان. ئەتراپى ئۆستەڭ بويلىرىدا تەرەپ - تەرەپلەردىن كەلگەن تىلاۋەتچىلەر، زىيارەتچىلەر، تاۋاپچىلار ئولتۇرۇشۇپ بازار قىزىتىشاتتى. ھاپىزلار تىلاۋەتخانىلاردىكى «نەۋبەتى» تېكىستلىرىنى قىزغىن ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ، زىكرى قىلىشىپ، ھەلقە تۈزەتتى. مەلۇمكى، جاھانكەشتى «زەلىلى» مۇ

«مۇنتەخەب»، «جەمشىت»، «ئىمىر ئاۋامسىلىم»، «ئىسكەندەر»، «مەسنىۋى شىرىپ»، «ئىمىر ھەمزە»، «بوستان»، «گۇلىستان»، «ۋاپايى» (بۇ كىتابنى مەرھۇم نىمشېھىت داموللام بەك تەقەززا قىلغىنى ئۈچۈن خەتتات مەمتىمىن شەۋكەت قەلەمگە ئېلىپ يۆتكەپ قولىيازما قىلىنغىنىنى مەرھۇمنىڭ تۇغقىنى ئۆمەرجان ئېلى داموللامغا يەتكۈزۈپ بەرگەن. ئۆمەرجان ئېلى شۇ چاغدا خوتەندە تۇرۇشلۇق مىللىي ئارمىيە ئاتلىق پولكىنىڭ دوختۇرى ئىدى)، «كىرىيە ۋەقەئەتلىرى»، «بوغرىقۇم»، «چاراسلاغوجام»، «قەمبىرئەللاخان»، «پەھلىۋانىم»، «تۆمۈر تۇغلۇق پاششاھىم»، «بۇرھانى ھۆججەت»، «سەيقەل»، «مۇفتى مەلىك»، «دىۋانى توختىشىرا» قاتارلىق بۇ ئەسەرلەر ئەرەبى، پارس، تۈركى، ئوردۇ قاتارلىق ھەر خىل تىللاردا بولۇپ، مەتبۇئات كۆرمىگەنلەرنىڭ بەزىلىرى كىتابەت قىلىنغان، بەزىلىرى ئاق خام قەغەزدە بولسا، بەزىلىرى ناۋاترەڭ پاتلىق قەغەزدە، بەزىلىرى ئاددىي قاپلانغان. بەتلەر تېكىستتىن سۆكۈلگەن، ئاجرالغان ھالەتتىكىلىرى جارۇپكەشلەر تەرىپىدىن تۆپلىنىپ قويۇلاتتى، ھەر جاي، ھەر جايدىن كەلگەن غېرىنراق تىلاۋەتچىلەر بىرەر مەزگىل بۇ جايدىن كەتمەستىن خالىغان ئەسەرلەردىن بىرەر كىتابنى تامامالاپ تۈگىتىپ، «شۈكرانە» بەردۇق دەپ خەيرى قىلىپ «نەزرۇللا» بېرىشىپمۇ قايتىشاتتى. تىلاۋەتخانىنىڭ قىش كۈنلىرىدىكى ئوتۇن - ياغاچ مەسىلىسى ۋە سەۋەمجانلاشتۇرۇش ئىشلىرى «قەۋمىي شەھىدان»غا كەلگەن

ئەبياتى نەۋبەتى ئاللاھ دەھ» ، «مۇخەممەس نەۋبەتى» قاتارلىقلا بار بولۇپ، بۇلار قومۇش قەلەم بىلەن سامان قەغىزىگە يېزىلىپ ھەر بىرى بىردىن دەپتەرچە شەكلىدە بولۇش بىلەن، كاتىپلىرى قەۋمي شەھىدان ئەۋلادى ئۇرۇقلىرىدىن بولغان مەشھۇر ھاپىز مەتنىياز ئاخۇنۇم، ئۇنىڭدىن باشقا ئەھلى قەلەملەردىن موللا ئىمىن گوركىنتى، موللا يولداش قارىي، موللا موللاش غوجا، موللا توختاش غوجىلار ئىكەنلىكى ئىزاھلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە شۇ جاينىڭ مۇتتەقىلىرىدىن مەتتوختى ئاخۇنۇم قەلىمىگە مەنسۇپ «تۇغان تۇرك رىسالىسى» ، «ئىشانىنامە» ، «شەھىرى كۆكچى» ، «ھۇسۇدى قەۋمي شەھىدان» ، «تەزكىرە بوزقوزىۋام» ، «تەزكىرە ئەۋلادى بوزقوزىۋام» ، «تاۋاپچىلەر تەزكىرىسى» ، «تىلاۋەتخانا رىسالىسى» ، «مەسكەنى ئالىمۇ ـ فازىلان» (ئالىم، پازىللەرنىڭ جايى) قاتارلىق ئەسەرلەر بەزىلىرى بىرقانچىسى بىر قىلىنىپ تىكىلسە، بەزىلىرى يەككە ھالدا تىكىلىپ، بەزىسى قەغەز، بەزىسى پاتلانغان رەخت بىلەن قاپلانغان. بۇلاردىن باشقا «ھاجى نامە» ، «مىراج نامە» ، «كىمىيايى سائادەت» ھەر خىل «دىۋان» ، «باياز» ، «تەبىرنامە» ، «ئىسىملەر ھەققىدە» ، «ئەبجەد» ، «سالنامە» ، «قەسىدە بۇردە» ، «ھەدىس» ، «مۇشكات» ، «جاۋابنامە» ، «سىيەر» ، «كاچكول سەلىم» ، «خەمسە» ، «باھار ئەجەم» ، «باھار دانىش» ، «نەۋائىي» ، «مەشرەپ» ، «ھۇۋەيدا» ، «تاجىنامە» ، «نورۇزنامە» ، «زۇبدەتۇل ئەخبار» ، «مەنقەبەت» ، «فىققى» «ھىدايى» ،

يادلاپ ئەھلى قەلەملىكنى جارى قىلمىسا، بۇلارنىڭ بۇرچى ئادا بولمىغان ھېسابلىناتتى.

خەلقىمىز ئىچىدە پۇل، مال ـ دۇنيا، ئوقەت جەھەتتىن ھېچنېمىسى بولمىغان ئاجىزلەرمۇ ئۆمرى ئىچىدە بىرەر كىتابتىن ئاجرىماي ئۆتكۈچىلەر بار، شۇنداقلا ئاخىرقى ئۆمرىدە شۇ كىتابلىرىنى «تىلاۋەتخانا» غا قالدۇرۇپ كېتىشىمسە، ئۆزىنى نام ـ نىشانسىز كەتكەن ھېسابلىشاتتى. دېمەك، «تىلاۋەتخانا» غا قويۇلغان ھەر خىل كىتابلار ئەنە شۇنداق مەنبەلەردىن كېلەتتى.

### 5. تالاپەت

ئىشتكەن خەلق دەيدۇ خەبەرنى،
ئېلىپ كەتتى دەپ نۇرغۇن ئەسەرنى.
بەختسىزلىكمۇ بىزنىڭ بارىمىز،
كەتتى تارىخىي يادىكارىمىز.

نىمشىبەھت ئېچىنىشلىرىنى شۇنداق بىلدۇرگىنىدەك، مەنمۇ بۇ يەردە ئۆز ئېچىنىشلىرىمنى تۆۋەندىكىدەك ئىزھار قىلىمەن:

«قەۋمىي شەھىدان» غا 1950 ـ يىللاردىن باشلاپ سوغۇق قول تېگىشكە باشلىغان. شۇنىڭدىن باشلاپ كەلگەن ئېچىنىشلىق تالاپەتلەر جەريانىدا، مەزكۇر «تىلاۋەتخانا» دىكى قىممەتلىك تەۋەررۇك يادنامىلەر، ۋەسىقىلەر، ھەر خىل نادىر ئەسەرلەر تالان ـ تاراج بولدى. 50 ـ يىللار ئوتتۇرىسىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن چۈشكەن يۈسۈپبەگ مۇخلىسوۋ خىزمىتىدىكى قولاي پۇرسەتلەرنى غەنىيمەت بىلىپ ئۇ يەردىكى

تاۋاپچىلارنىڭ بۇ جايغا ئاتىغان ئىئانىلىرىدىن قىلىناتتى. كىتاب تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان بىرىلگەن مۇساپىر ئاچىز - ئورۇق، يېتىملەرگە «تىلاۋەتخانا» ئاش - تاماق، كىيىم - كېچەك ھازىرلاپ بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ «تىلاۋەتخانا» كىشىلەرگە بىلىم بېرىش جەھەتتە مول «ئىلىم دەرگاھى» ئىدى.

### 4. كىتابلارنىڭ كېلىش مەنبەئى

بۇ جەھەتتە «تىلاۋەتخانا»غا كىتاب سېتىۋالىدىغان ئىشمۇ يوق، كىتاب سېتىۋالىدىغان ئادەممۇ يوق، كىتابلار پەقەت كىشىلەرنىڭ ھەدىيە قىلىشى، يادىكار قالدۇرۇشى بىلەن جۇغلىناتتى. تارىختا نەگە بارساڭ يوللار قاشاسىز بولۇپ، ۋىزىسىز دۇنيا ئەللىرىگە چىقىپ كېلىدىغان ئىشلار ئەركىن بولغاچقا، ھاجىلار ئىسلام ئەللىرىدىن ئالغاچ كەلگەن كىتابلىرىنى، تاۋاپچىلار بولسا ئۆزىدە ساقلىنىپ كەلگەن مۈلكى كىتابلىرىنى ساۋاپلىق ئىزدەپ تىلاۋەتخانىغا بەخشەندە قىلىپ قالدۇرۇپ قويۇشاتتى. «قەۋمىي شەھىدان» ئەۋلادى - ئورۇقلىرىغا ياتىدىغانلار ئۆز نەسەبلىرىنىڭ روھىنى سېغىنىپ، ھۆرمىتىگە بېغىشلاپ ئۆزلىرىنىڭ جۇشەنچىسىنى نامايان قىلىپ، تەزكىرە، رىسالە، خاتىرە، ئەسلىمىلەرگە ئوخشاش بىرەر يېزىق ماتېرىيالى يېزىپ بۇ «تىلاۋەتخانا»غا قالدۇرمىسا كۆڭلى ئۇنىمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «قەۋمىي شەھىدان» دىكى ئەجدادلارنىڭ ھەممىسى يېتىلگەن ئۆلىما، ئالىم، تارىخچى، شائىر زاتلار بولغاچقا، بۇلارنىڭ نەچچە ئەۋلاد ۋارىسلىرىمۇ ھېچبولمىغاندا ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئۇدۇمىنى

ئۇنىڭدىكى «تىلاۋەتخانا» كىتابلىرىنىڭ كۆيدۈرۈلگىنىگە، ھەر خىل نابۇت قىلىنىۋېتىلگىنىگە ئېتىراز بىلدۈرگۈچىلەردىن «قەۋمى شەھىدان» ئەۋلادى، «تىلاۋەتخانا» كاتىپلىرى موللا يولداش قارى زوراۋانلار تەرىپىدىن كەتمەن بىلەن چېپىلىپ، بېشى ئىككى بۆلەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. مەتتوختى ئاخۇنۇم، موللا موللاش غوجا قاتارلىقلار قامىلىپ، سولاقتا ناھەق ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن شۇ كەنت (قولتۇق) ئاممىسى بۇ ئېچىنىشلىق تالاپەتلەرگە چىداپ تۇرالماي، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، خوتەن ۋىلايىتى رەھبەرلىرىگە قەدەر ھەققانىي ئەرزنامىلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن يېزىپ يوللىدى. بۇ ئەرزلەر خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىق قوغداش ـ باشقۇرۇش ئورگىنىغا يوللىنىپ، ئۆز ۋاقتىدا بۇ ئىشقا خاتىمە بېرىش، تالاپەتلەرنى توختىتىش ھەققىدە خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولساقمۇ، ئۈنۈمى بولمىغان.

دېمەك، تارىختا ئۆزىمىز قۇرىمىز، تىكلەيمىز، بۇزۇشتا يەنە ئالدىدا ئۆزىمىز قول سالىمىز. شۇنداق نادانلىق، ھە ـ ھۆچىلىق، دەي ـ دەيگە سېلىنىشلار ئارقىسىدا قۇرۇق قول قالغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ.

ئەسەردىن ۋاستىلىق ۋە ۋاستىسىز ھالدا ئېلىپ كەتكەن. مەرھۇم
تۇردى سامساقمۇ 50 ـ يىللار ئوتتۇرىلىرىدا خوتەنگە كېلىپ، بىر
قانچە ناھىيىلەردە ئايلىنىش بىلەن ئەخمەتشا قاراقاشىنىڭ «ئات
قىسسىسى»نىڭ بىر ۋارىيانتىنى قولغا چۈشۈرۈۋېلىش بىلەن
بىرگە، يەنە «قەۋمي شەھىدان» تىلاۋەتخانىسىنى يوقلاشقا
مۇيەسسەر بولغان ۋە قېپقالغان ئەسەرلەردىن بىر قىسمىنى يىغقان.
يەنە «قەۋمي شەھىدان» ئەۋلادلىرىدىن بولغان موللا ئىمىن
«گوركىتى» ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىپ،
يولدا ئوڭۇشسىزلىقلارغا يولۇقۇش بىلەن مەزكۇر «تىلاۋەتخانا»
تەركىبىدىكى ئەسەرلەردىن كەڭ دۇنياغا تونۇتۇش مەقسىتىدە ئېلىپ
ماڭغان. يەنە بىرقىسىم ئەسەرلەر تالاپەتكە ئۇچراپ كەتكەن ۋە
قولدىن قولغا ئۆتۈپ، سەئۇدىنىڭ «مىسفىلە»دە بەزىلىرى
يورۇقلۇق كۆرۈپ مەتبۇئات كۆرگەن. ئۇندىن باشقا ئالمۇتا ئۇيغۇر
تەتقىقات ئورگىنى ئارخىپىغا كىرگەن يەنە بىر بۆلەك ئەسەرلەر
«كوممۇنىزم توغى» گېزىتىدە ماقالە قىلىنىپ ئۆتۈلگەن. بۇ ھەقتە
مۇھتىرەم ھېرى بەختىنىيازموۋمۇ توختالغان. تىلاۋەتخانىدىكى
ئېشىپ قالغان قالدۇق كىتابلار 1966 ـ يىللىرى «مەدەنىيەت
ئىنقىلابى» بورىنىدا كۆيدۈرۈلدى. ھەر خىل يوسۇندا نابۇت
بولۇپ، تىلاۋەتخانا قۇرۇقدالدى. شۇنىڭدەك بىر قىسىم ئەسەرلەر
مەن ناھەق زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆتكۈزگەن بەش يىللىق
مەھبۇسلۇق ھاياتىمدا گۈپپاڭچىلار تەرىپىدىن ئولجا قىلىنىپ
كەتتى. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، «قەۋمي شەھىدان» ۋە

كېرىيە ناھىيىسى قەدىمدىن بېرى شال تېرىقچىلىقى ئەڭ بالدۇر باشلانغان، تۇپرىقى مۇنبەت رايونلارنىڭ بىرى. كېرىيىنىڭ ئىپتىدائىي شال تېرىقچىلىق تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشتە، ئېلىمىزنىڭ رەسمىي تارىخنامىلىرىدىكى بايانلارغا، كېرىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يادىكارلىق ئىزلىرى ۋە قەدىمىي قەبرىلەردىن چىققان شال (گۇرۇچ) دانلىرى، باشاقلار، شال پاخلى ۋە شال تېرىقچىلىقى توغرىسىدا يېزىلغان يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان تارىشا پۈتۈك، ۋەسىقىلەردىكى خاتىرىلەرگە مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق پاكىت ماتېرىيال كەلتۈرۈپ تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمەن.

ئېلىمىزنىڭ داڭلىق تارىخىي ئەسىرى «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «چەرچەننىڭ نىرىسىدا ھەممىسى ئاشلىق تېرىيدۇ. يەرلىرىدىكى ئوت - چۆپ ۋە دەل - دەرەخلەر، تېرىقچىلىق قوراللىرى خەن سۇلالىسى زېمىنىدىكىگە ئوخشاپراق كېتىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ خاتىرە شۇ چاغلاردىكى چەرچەننىڭ نىرىسىدىكى نىيە، كېرىيىدىن تارتىپ خوتەنگىچە بولغان جايلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بۇلارنىڭمۇ بۇغداي، تېرىق، شال ۋە چۈجگۈن تېرىشنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

«سۇينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، ئۇدۇندا، «يەرلىرىگە كەندىر، بۇغداي، تېرىق، شال ۋە بەش خىل مېۋىنى كۆپ تېرىيدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا خوتەن

# كېرىيىنىڭ شال تېرىقچىلىق تارىخى ھەققىدە

جۇمەنىياز تۇرسۇن

ۋىلايىتىمىز خوتەننىڭ شالنى چوڭ كۆلەم بويىچە مول ھوسۇللۇق يېتىشتۈرۈش بازىسى، داڭلىق «گۈرۈچ ماكانى» كېرىيە ناھىيىسى قەدىمدىن بېرى تەكلىماكان بوستانلىقىدىكى ئەڭ دەسلەپ شال تېرىشقا باشلىغان كۆلەملەشكەن تېرىقچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرى.

كېرىيە ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا، كېرىيە دەرياسى ئوتتۇرا ئېقىنىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى بوستان رايونى، موغاللا، جاي، سىيەك، يېڭىباغ، قاراخان دېھقانچىلىق مەيدانى قاتارلىق تۆت يېزا، بىر مەيداننى ئوتتۇرىسىغا 100 مىڭ مودىن ئارتۇق سازلىق بەلۋاغ جايلاشقان. بۇ سازلىق بەلۋاغ شال تېرىقچىلىقىنى مۇنبەت تۇپراق بىلەن تەمىنلىگەچكە، بۇ جايدا چوڭ كۆلەملىك مول - ھوسۇللۇق شال تېرىقچىلىقى يولغا قويۇلغان. ھازىر 38 مىڭ 350 مولۇق بوستان شالچىلىق رايونى دەسلەپكى قەدەمدە كۆلەملىشىپ سالا - سالا شاللىق ئېتىزلىقلىرى بارلىققا كەلدى. كېرىيە ناھىيىسىنىڭ يىللىق شال ئومۇمىي مەھسۇلاتى 17مىڭ توننىغا يېتىپ ۋىلايىتىمىزنى ئەلا سورتلۇق گۈرۈچ بىلەن تەمىنلەپ ئىسمى - جىسمىغا لايىق «گۈرۈچ ماكانى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

1901 - يىلى ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ ستەيىن (A. Stein) «قارادۆڭ خارابىسىدا تەكشۈرۈش، قېزىش ئېلىپ بېرىپ شەھەر خارابىسى ئىچىدىن شال، بۇغداي، ئارپا قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەرنى تاپقان». ئۇ بۇ زىرائەتلەر ھەققىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ «قەدىمكى خوتەن» ناملىق كىتابىدا يۇرتىمىزنىڭ تېرىقچىلىقى ھەققىدە يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان.

جۇڭگو - فرانسىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى 1991 - يىلى كېرىيە دەريا بويىنىڭ ئۆچبۆلۈك رايونىدىن ئىنسانلارنىڭ دەسلەپكى تېرىقچىلىق مەركىزىنى بايقىدى. خارابە رايونىدىن خېلى مۇكەممەل بولغان سۇغىرىش سىستېمىسىنى (ئېرىق - ئۆستەڭ) بايقىدى. 1994 - يىلى بايقالغان شىنجاڭدىكى ئەڭ قەدىمىي شەھەر «يۇملاققۇم قەدىمىي شەھەر خارابىسى»نىڭ شەھەر سېپىل تېمىنىڭ سىرتقى قىسمى «شال پاخلى، قومۇش، يۇلغۇن، توغراق شاخلىرىنى بېسىش ئارقىلىق ياسالغانلىقىنى» تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقتى.

1997 - يىلى نىيە تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ماسلىشىپ ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى توختى تۇراخۇن قاتارلىقلار يېڭىدىن تاپقان 3 - نومۇرلۇق ئىزدىكى ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدىن «ناھايىتى قېلىن ئەخلەت ئورنى، شال پاخلى ۋە دانلىرى (گۈرۈچ، شال باشقى)» قاتارلىقلارنى بايقىغان.

يۇقىرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك ماددىي پاكىتلار تېپىلغان

رايوندا شال تېرىقچىلىقى كەڭ ئومۇملاشقان. «قامۇس» (通典) تېخىمۇ ئېنىق قىلىنىپ «ئۇ جاينىڭ سۇيى مول، تۇپرىقى قۇم شېغىللىق، كېلىماتى مۆتىدىل، شال ۋە بۇغداي تېرىشقا باپ كېلىدۇ» دەپ خاتىرىلىنىپ يۇرتىمىزنىڭ قەدىمدىن بېرى شال تېرىقچىلىقىغا باپ كېلىدىغان مۇنبەت جاي، شال تېرىش كەڭ ئومۇملاشقان رايون ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

نىيە قەدىمي شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان كارۋشتى يېزىقىدىكى 83 ـ نومۇرلۇق ياغاچ تارىشا پۈتۈكتە «... يەر ھەيدەش (ئاغدۇرۇش)، شال، بۇغداي... سىز كۆڭۈل قويۇپ باشقۇرارسىز» دەپ پۈتۈلگەن. كارۋشتى يېزىقى مىلادىيە 1 ـ ئەسىردىن 3 ـ ئەسىرگىچە نىيە، كېرىيە، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى خەلقلەر كەڭ ئىشلەتكەن يېزىق بولۇپ، كېرىيىدىكى قارادۆڭ خارابىسىدىنمۇ ھازىرغىچە ئالتە پارچە تارىشا پۈتۈك تېپىلدى. تارىشا پۈتۈكتىكى «يەر ھەيدەش»، «شال» دېگەن سۆزلەر يۇرتىمىزدا شال تېرىقچىلىقىنىڭ كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن تارىخنامىدىكى بايانلارنى پاكىت ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەپ تولۇقلايدۇ.

كېرىيە ناھىيىسىنىڭ قەدىمكى ئورنى بولغان «قارادۆڭ خارابىسى»، «يۇمۇلاققۇم قەدىمكى شەھەر خارابىسى» قاتارلىق جايلاردىن ئالدىنقى بىر ئەسىرلىك ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر داۋامىدا يۇرتىمىزنىڭ قەدىمكى شال تېرىقچىلىق تارىخىنى ماددىي پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدىغان بايقاشلار بارلىققا كەلدى.

# ئابدۇللاخاننىڭ كېرىيىگە قىلغان سەپىرى ۋە «مۇقام ئاتا»، كېرىيە تارىخىدا ئۆتكەن غوجىلار توغرىسىدا

ئابدۇكېرىم قاسىم

مەن بۇ ماقالىنى يازغاندا مىرزاشاھ مۇھەممەت جوراسنىڭ «تارىخ رەشىدى»، ھاجى نۇراجىنىڭ «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئىبراھىم نىياز يازغان «تارىختىن قىسقىچە ساۋات» قاتارلىق تارىخىي كىتابلاردىن پايدىلاندىم. «تارىخ رەشىدى»نىڭ ئاپتورى مۇھەممەت جوراس ئابدۇللاخان بىلەن بىرگە كېرىيىگە كەلگەن ۋە كېرىيىدىكى سىنىگى قالماقلارغا قارشى ئۇرۇشلارغا باشتىن - ئاياغ قاتناشقان. مەن بۇ ماقالىنى يېزىش جەريانىدا يەنە «مۇقام ئاتام» توغرىسىدا كۆپ ئىزدەندىم. مەن كىچىك چېغىمدا دادامغا ئەگىشىپ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاپ دۇئا - تەكبىر قىلىش ئۈچۈن مۇقام ئاتامغا كۆپ باراتتىم. ئاتا - ئانام ۋە يۇرت مويسىپىتلىرىنىڭ مۇقام ئاتام توغرىسىدا ئېيتىپ بەرگەن ھېكايە ۋە رىۋايەتلىرى مېنىڭ كىچىكىمدىن باشلاپلا بۇ مازارغا بولغان قىزىقىشىمنى قوزغىغان ئىدى. ياقا يۇرتلاردا يۈرگەن چاغلىرىمدىمۇ بۇ مازا توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ئېسىمدىن كەتمەيتتى.

«قارادۆڭ خارابىسى» ۋە «يۇمۇلاققۇم قەدىمكى شەھەر خارابىسى
نىڭ كاربون 14 تەجرىبىسى ئارقىلىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغ
مۇتلەق يىل دەۋرى 108±2684 يىل ۋە 50±2135 يىل
ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. قەدىمكى ئىزلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان شال
پاخىلى، دانلىرى (گۈرۈچ، شال باشىقى) قاتارلىق مادد
بۇيۇملاردىن ھەمدە تارىخي خاتىرىلەردە، ۋەسىقىلەردە ئۇچرايدىغا
شال تېرىقچىلىقى ھەققىدىكى بايانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا
بولىدۇكى، قەدىمكى كىرىيە دەريا ۋادىسىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز
بۇنىڭدىن 2 مىڭ يىللار ئىلگىرى شال تېرىقچىلىقىنى ئاسا
قىلغان دېھقانچىلىق بىلەن كەڭ شۇغۇللانغان.

بۇ خىل ئەنئەنىۋى شال تېرىقچىلىق كىرىيە دەريا ۋادىسىنى
مەركەز قىلغان ھالدا بۈگۈنكى دەۋرگىچە داۋاملىشىپ، كېيىنكى
ھازىرقى بوستان شال تېرىقچىلىق بازىسىغا ئوخشاش كۆلەملىك
شال تېرىقچىلىق مەيدانلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى تارىخي مەنب
ۋە ئەۋزەل ئاساستۇر.

ئىلىنى ئاساس قىلغان جۇڭغار خانلىقى، يەنە بىرسى ئالتە شەھەردە يەكەننى مەركەز قىلغان سەئىدىيە خانلىقى ھۆكۈم سۈردى. تارىختا سەئىدىيە خانلىقىنى يەكەننى پايتەخت قىلغانلىقى ئۈچۈن يەكەن خانلىقى، بۇ خانلىقنى دەسلەپ سەئىد ئەخمەتخان قۇرغانلىقى ئۈچۈن سەئىدىيە خانلىقى دەپ ئىككى نام بىلەن ئاتىلىپ كەلدى. سەئىدىيە خانلىقى 175 يىلدىن ئوشۇق ھۆكۈم سۈردى. بۇ جەرياندا 10 نەچچە پادشاھ خانلىق تەختتە ئولتۇردى.

يەكەن خانلىقىنىڭ ئالدىنقى يېرىم دەۋرى تازا گۈللەنگەن، يۇرت ئاۋاتلاشقان، خانلىقنىڭ ھەممە جايلىرى مەركىزىي خانىدانغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىدىغان، دۆلەت تازا قۇدرەت تاپقان دەۋرلىرى ئىدى.

1609 ـ يىلى ئابدۇرېشىتخاننىڭ نەۋرىسى مۇھەممەتخان خانلىق تەختتە ئولتۇردى، مۇھەممەتخان مەختۇم ئەزەمنىڭ مۇرىتى بولۇپ سوپى ـ زاھىد كىشى ئىدى. ئۇ سىياسىنى بىلمەيتتى، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىتىكاپتا ئولتۇرۇپ دۆلەت ئىشلىرى بىلەن كارى بولمىدى، قوقان تەرەپتىن كەلگەن سوپى ـ ئىشانلارغا ھەددىدىن ئوشۇق ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى ئۇلۇغلاپ خانلىق ئىچىدە چوڭ مەرتىۋە ـ مەنسەپلەرنى ئىنئام قىلىپ بەردى. بۇ سوپى ئىشانلار سېھىر ـ جادۇ بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزلىرىنى يوقنى بار قىلغۇچى ئەۋلىيا ـ ئەنبىيا قىلىپ كۆرسىتىپ، ئاق كۆڭۈل نادان خەلقنى ئالداپ خانلىقتىن مۇرىت توپلاپ، خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىنى ئىگىلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بىرقانچە خانلارغىچە سىياسى بىلەن دىن ئارىلىشىپ كەتتى. ھەرقايسى جايلارغا ھاكىم ـ

50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى مەن شۇ چاغدىكى پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىدىن پايدىلىنىپ «مۇقام ئاتام» مازىرى توغرىسىدا خېلى مۇكەممەل ماقالە يازغانىدىم. كېيىن جاھاننىڭ تەقدىر شاماللىرى ئاللىقاياققىدۇر ئۇچۇرۇپ يوق قىلىۋەتتى. ئەمدىلىكتە ئىشلار ئوڭۇشلىنىپ بىزنىڭ تارىخىي مىراسلىرىمىزنى يىغىش ۋە رەتلەشكە ياخشى ئىمكان يارىتىلغاندا ناھايىتى كۆپ كىچىككەنلىكىمنى ھېس قىلىۋاتىمەن. چۈنكى بۇ ھەقتە بىلىدىغان ئادەملەر، ھۆججەتلەر ئاللىقاچان ئۆلۈپ تۈگەپ كېتىپتۇ، ئۇلارنى تاپقىلى بولمىدى. 1992 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئارمۇقامغا بېرىپ ئوسمان شەيخ، باراتكام شەيخلەر بىلەن پاراڭلاشتىم. يەنە شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ھال داۋۇيىدىكى ئەمەت ئاخۇن قازىدىن مۇقام ئاتام توغرىسىدا بەزى تارىخىي گەپلەرنى ئاڭلىدىم. مەرھۇم ئەمەت ھاجىمۇ بەزى گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىپ بەرگەنىدى. شۇلاردىن ئاڭلاپ قالدۇرغان خاتىرەم ئاساسىدا بۇ ماقالەمنى يازدىم.

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك تارىخىي ھۆججەت ۋە ماتېرىياللارنىڭ تېپىلىشىنىڭ تەس بولۇشى ۋە كۆزۇمنىڭمۇ سەۋىيەمنىڭ چەكلىك بولۇشى تۈپەيلىدىن مۇقام ئاتام توغرىسىدىكى بۇ ماقالەم چوڭقۇر، ئەتراپلىق بولالماي چولتا بولۇپ قالدى. كوقورمەنلەرنىڭ كەچۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ـ مۇئەللىپتىن

مىلادى 1514 ـ يىلى سەئىد ئەخمەدخان سەئىدىيە خانلىقىنى قۇردى. بۇ چاغدا شىنجاڭدا ئىككى چوڭ خانلىق يەنى شىمالدا

يەكەنگە ئەۋەتىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ھەر جۈمە نامىزىدا ئابدۇللاخاننىڭ نامىنى ئاتاپ دۇئا - تەكبىر قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئابدۇللاخان مەملىكەتنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن جۇڭغار خانلىقى بىلەنمۇ ئۆزئارا ئۇرۇش - جېدەل قىلىشماسلىق توغرىسىدا قەشقەردە غەلدام، بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلدى. مۇشۇ چاغلاردا قارا شەھەر تېپىدىكى ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ باشلىقى سىڭگى چىدىماسلىق قىلىپ كۆچ توپلاپ خوتەن رايونىغا بېسىپ كىرىش سۇيىقەستىنى پىلانلاۋاتاتتى. بۇ بىرقانچە يىل سەرپ قىلىپ نۇرغۇن ئويرات موڭغۇل لەشكەرلىرىنى توپلاپ 1665 - يىلىنىڭ بېشىدا چارقىلىق، چەرچەن ئارقىلىق نىيە، كېرىيىلەرگە بېسىپ كىرىپ يەرلىك خەلقلەرنى نۇرغۇن خانۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى.

شۇ چاغدىكى كېرىيىنىڭ ھاكىم بېگى خۇدابەردى بەگ ۋە خوتەننىڭ ھاكىم بېگى ئەبەيدۇللا بەگلەر بىرلىشىپ يەرلىك خەلقلەرنى باشلاپ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئويراتلارغا كۈچى يەتمىدى. شۇ چاغدا ئابدۇللاخانغا بۇ ئەھۋاللارنى خەۋەر قىلىپ يەتكۈزدى. ئابدۇللاخان ئەمدىلا قەشقەردىن پايتەختكە كېلىپ تۇرغان ئىدى. كېرىيىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپلا قەشقەردىكى ئوغلى يولۋاسخانغىمۇ قارىماي (يولۋاسخان شۇ چاغدا باش لەشكەر بېشى ئىدى) مىڭدىن ئوشۇق لەشكەرلەرنى ئېلىپ خوتەنگە ئاتلاندى. خوتەندىن ئەبەيدۇللاخان ياندىشىپ ئىككى مىڭغا يېقىن لەشكەرلەر بىلەن كېرىيىگە يۈرۈش قىلدى. ئۇلار ئىككى كۈن يول يۈرۈپ دەسلەپ لايسۇغا كېلىپ چۈشۈپ يەرلىكتىن بىرقانچە

بەگ بولۇۋالغان سوپى - ئىشانلار بىر - بىرىدىن مەرتىۋە - ئاتاق
تالىشىپ ئۆزئارا تىغ كۆتۈرۈشۈپ ئۇرۇشتى. دۆلەت كۈندىن —
كۈنگە خارابلاشتى. ھەتتا خانلىقنىڭ بەزى جايلىرىدىكى ھاكىم —
بەگلەر بۆلۈنمىچىلىك قىلىپ خانلىققا ئىتائەت قىلىشتىن باش
تارتتى.

مۇھەممەتخاندىن كېيىن ئوغلى ئەخمەتخان تەختتە ئولتۇردى.
بۇ كىشىمۇ سوپىزىمنىڭ ئەقىدىسى بويىچە ئىش كۆرۈپ كەلگەن
ساددا ئادەم بولغاچقا ئىچكى مۇناپىقلارنىڭ سۇيىقەست قىلىشى
بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

دېمەك، يەكەن خانلىقى مۇشۇنداق ئېغىر تالاپەتكە دۇچ
كەلگەن مەزگىللەردە يەنى 1638 - يىلى سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ
نەۋرىلىرىدىن بولغان ئابدۇللاخان يەكەندە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ
تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ تەختتە ئولتۇردى. ئابدۇللاخاننىڭ مىجەز -
خۇلقلىرى ئالدىنقى ئۆتكەن ھەرقانداق خانلارغا ئوخشىمايتتى. ئۇ
غەيرەت - شىجائەتلىك، مىجەزى چۇس، سىياسىغا ئارىلىشىدىغان،
قەيسەر، رەقىبلىرىگە قىلچە يۈز - خاتىرە قىلمايدىغان باتۇر ئادەم
ئىدى. ئابدۇللاخان تەختكە چىققاندىن كېيىن كۈچ توپلاپ
مەملىكەت ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشىدى. جايلارنىڭ
بۆلۈنمە بولۇۋېلىش ۋەزىيىتىگە خاتىمە بەردى. ھەتتا ئۇ شىمال ۋە
غەربتىكى كىچىك خانلىقلارنى ئۆزىگە تەۋە قىلىش ئۈچۈن قەشقەر،
ئاقسۇ قاتارلىق شەھەرلەردە زور ئەسكىرىي كۈچ توپلاپ
تەييارلىنىۋاتقاندا قوقان ۋە تاشكەنت خانلىرى ئاڭلاپ ئابدۇللاخانغ
ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى، ھەر يىلى مۇقىم مىقداردا خىراجەتنى

«ئۇنداق قاتتىق جەڭ بولدىكى، قىلىچ، نەيزىلەرنىڭ ئاۋازلىرىدىن، جەڭ ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىنىڭ گۈپۈرلىشىدىن تاغلارمۇ ئەندىشە قىلىپ ئۆز ئورنىدىن يۆتكىلىپ كەتكۈدەك بولدى».

بۇ قېتىمقى جەڭگە ئابدۇللاخان ئۆزى بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلدى. لەشكەر باشلىقلىرىدىن قاسىم بەگ، مەتيۈسۈپ خوجا، پازىل ساغرىچى ۋە تارىخىي رەشىدىيەنىڭ ئاپتورى مىرزاشاھ ماھمۇت جوراسلارمۇ بۇ قېتىمقى جەڭدە ئابدۇللاخان بىلەن بىللە بولدى. ئۇزۇن ئېلىشىش ئارقىلىق قالماقلارنى تاغدىن چۈشۈرۈپ خانىنىڭ يارلىقى بويىچە ئويتوغراقنىڭ جاڭگاللىرىدا قوغلاپ يۈرۈپ زەربە بېرىپ نىيە، چەرچەنلەرگىچە ئاپىرىۋېتىپ لەشكەرلەر قايتىپ كەلدى. ھەر ئىككىلا تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەملەر ئۆلدى.

موڭغۇللارنىڭ كېرىيىدىكى توپىلىڭى بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن ئابدۇللاخان كېرىيىگە قايتىپ كېلىپ كېرىيىدە بىرقانچە ۋاقىت تۇرۇپ جەڭدە خىزمەت كۆرسەتكەن باتۇلارغا نۇرغۇن يەر، سۇ ئىنئام قىلدى ۋە ئۇلاردىن باج ئالماسلىقنى بۇيرىدى.

ئىككىنچىدىن كېرىيە، چىرالاردا بىرقانچە ئاساسلىق ئۆستەڭلەرنى ياستىپ سۇنى تۆۋەت بىلەن تۇتۇش تەرتىپلىرىنى بېكىتىپ بەردى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ تۈزۈم داۋاملىق داۋاملىشىپ كەلگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ھازىرقى قارلۇق ئۆستەڭ، 5 ـ رايوندىكى كونا «يامۇل» ئۆستەڭ، چىرادىكى مەخمەل ئۆستەڭلەر ئابدۇللاخانىنىڭ ئەمرى بويىچە ياسالغان ئىكەن. دېمەك، ئابدۇللاخانىنىڭ كېرىيىگە كېلىشى بىرىنچىدىن، يۇرتىنىڭ ئامان ـ ئىسەنلىكىنى قوغداپ خەلقنىڭ بەختەرلىكىنى ۋە مال ـ

ئادەملەرنى كىرىيىگە ئەھۋالنى ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن خۇپىيا
ئەۋەتتى. ئۇلار كىرىيىگە كېلىپ دۈشمەن تەرەپتىن ئىككى ئادەم
تۇتۇپ باغلاپ ئابدۇللاخان ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئابدۇللاخان
ئىككى نەپەر ئادەمدىن دۈشمەننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بىرقۇ
ئىگىلەپ قىرغاز، قاراسۇ (سېرىق ئىلەك) قاتارلىق جايلاردىن
ئۆتۈپ كىرىيە شەھىرىدىكى ھاكىم بەگ مەھكىمىسىگىمۇ چۈشمەي
ئۇدۇللا ياغبۇلاق (ياغىلاق) قا چۈشۈپ چىدىر ۋە توغ - ئەلەملەرنى
تىكلەپ ياغ بۇلاقتا جەڭ بارگاھىنى قۇردى.

ئابدۇللاخان موغۇللارغا قارشى جەڭ تەييارلىقىنى
قىلىۋاتقاندا يەرلىكلەردىن تاغ يوللىرىنى بىلىدىغان، يۇرتىنى
قوغداش ئۈچۈن ئۆز جېنىنى ئايىمايدىغان باتۇر يىگىتلەرنى جەڭگە
قاتنىشىشقا، جەڭدە خىزمەت كۆرسەتكەن خىزمىتىنىڭ
چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ يەر - زېمىن، تاغ - دەريالارنى ئىنئام
قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا يۇرتقا پەرمان چىقاردى. ھازىرقى
سىيەكتىن بىجان پالۋان، قالۇقتىن ئىسكەندەر پاۋان (پالۋان)،
سوقتۇياقتىن كۆچەت پالۋان قاتارلىق يەرلىك پالۋانلار ئۆزلىرىنى
مەلۇم قىلدى. سىڭگى قالماقلىرىغا قارشى جەڭ تەييارلىنىۋاتقاند
ئوغلى يولۋاسخانمۇ بىر بۆلۈك لەشكەرلەر بىلەن كىرىيىگە يېتىپ
كەلدى. لەشكەرلەرنى قايتىدىن رەتلەپ تاغ ۋە تۈزلەڭلىك بويىچ
جەڭ دۈمبىقى چېلىنىپ قوشۇنلار جەڭگە ئاتلىنىپ كەتتى.

كىرىيىگە بېسىپ كەلگەن قالماقلارنىڭ ئاساسلىق تۇرارجايى
ئاتچان بولۇپ، تاغ ئەتراپىدا قاتتىق جەڭ بولدى. تارىخىي
كىتابلاردا شۇ قېتىمقى جەڭنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازىدۇ-

ئازاد بولۇپ بارلىق فېئوداللىق تۈزۈم ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنلا ئاندىن كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئەركىنلىككە ئېرىشىپ يەرگە، سۇغا ئېرىشتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يول ئېچىلدى.

**مۇقام ئاتام مازىرى توغرىسىدا**

مۇقام ئاتام بىر مازار بولۇپ، كېرىيە خەلقى بۇ مازارنى مۇقام ئاتام دەپ ئاتايدۇ.

مۇقام ئاتام كېرىيە بازىرىنىڭ بىر كىلومېتىر نېرىسىدىكى شەرقىي تەرىپىدە بولۇپ، كېرىيە دەرياسىنىڭ غەربىي تۆپىلىكىگە جايلاشقان. گۈمبەزلىرى يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تارىخىي مازار بولۇپ، يەرلىك خەلقلەر بۇ مازارنىڭ تارىخى توغرىسىدا ھەر خىل ئەپسانىۋى گەپ - سۆزلەرنى قىلىشىدۇ.

ئەسلى ئابدۇللاخان قالماقلارنىڭ كېرىيىدىكى تۆپىلىكىنى باستۇرۇش جەريانىدا مەيلى خانلىق لەشكەرلەردىن بولسۇن ۋە يەرلىك قىسىملاردىن بولسۇن نۇرغۇن كىشىلەر جەڭدە قۇربان بولدى. جەڭدە قۇربان بولغانلارنىڭ جەسىتىنى يىغىپ مۇشۇ تۆپىلىككە كۆمدۈردى. كېيىن بۇ جايغا ياندىشىپ يەرلىكلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنى دەپنە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ بىر چوڭ مازارغا ئايلانغان. كونا ئادەملەرنىڭ ئېيتىشىچە 60 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا مازارنىڭ بىر قىسمىنى ئېچىپ يەر قىلغاندا 20 - 30 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئويۇلغان تۆت چاسا شەكىلدىكى جۈي تېپىلغان بولۇپ، بۇ ئازگاللارنىڭ توپىسىنى توغراق، يىكەن،

مۇلكىنى ساقلاپ قالغان بولسا، ئىككىنچىدىن، نۇرغۇن مۇكەممە
چوڭ ئۇستەڭ، ئېرىقلارنى ۋە سۇغىرىش ئەسلىھەلىرىنى ياسىتىپ
سۇنى ئۇۋەت بىلەن تۇتۇشتەك بىر يۈرۈش تۈزۈملەرنى بېكىتىپ
شۇ دەۋردىكى كېرىيە ھەم چىرا بوستانلىقىنىڭ كېڭىيىشى ۋە يېڭ
ئېگىلىكىنىڭ بىر پەللە يۈكسىلىشى ئۈچۈن ئاساس يارىتىلىپ
كېرىيىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى
ئۈچىنچىدىن، خوتەن، چىرا، كېرىيىلەردە نۇرغۇن خانىلىق
مەدرىسە - مەكتەپلەرنى، خانىقالارنى سالدۇردى. بۇ مەدرىسە
مەكتەپلەر شۇ بىر جاھالەت دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ مەلۇم دەرىجىد
دىلىنى ئاقارتىش رولىنى ئوينىدى.

ئابدۇللاخان كېرىيىگە كېلىپ نۇرغۇن ياخشى، ساۋاپلىق
ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ يەنە كېرىيە تارىخىدا پەيدا
قىلغان سەلبىي تەسىرلىرىمۇ بار.

بولۇپمۇ ئۇنىڭ كېرىيىدە يۈرگۈزگەن يەر سۇيۇرغاللىق
تۈزۈمى، ھەم ئابدۇللاخانغا ئەگىشىپ كېرىيىگە كەلگەن بىرقىسىم
سوپى - ئىشانلارنىڭ نادان خەلقنىڭ ئۆزىگە مۇرىت قىلىش
ئارقىلىق ئالداپ كۆپلەپ زېمىنلەرنى ئىگىلىۋېلىشى بىلەن مۇتلەق
كۆپ قىسىم زېمىنلەر ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ چاڭگىلىغا ئۆتتى.
نەتىجىدە كېرىيە جەمئىيىتى ئاز ساندىكى زېمىندارلار بىلەن كۆپ
ساندىكى يەرگە باغلانغان ياللانما (يانچىلار) غا ئايلاندى. بۇ ئەھۋال
ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى چۈشەپ كېرىيىنىڭ تارىخىي
تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويغانىدى.

پەقەت 1949 - يىلى كېرىيە خەلقى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىد

قاتياقلىق غوجىلار، لايسۇلۇق غوجىلار دېگەنگە ئوخشاش ئۆزىنى غوجىلار دەپ ئاتىۋالغان نۇرغۇن غوجىلار بار ئىدى. بۇ غوجىلارنىڭ بىرقىسمى 2 ـ 3 يۈز يىل مابەينىدە سىرتتىن يەنى يەكەن، خوتەن تەرەپلەردىن مازايىماشايىقلارنى تاۋاپ قىلىش جەريانىدا توختاپ قېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان كىشىلەردۇر. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇلار ئۆزلىرىنى «سىيىت» ئەۋلادى، يەنى پەيغەمبەر ئەۋلادى دەپ ئاتىۋېلىپ ئۆزىگە مۇرىت توپلاپ يۇرت ئىچىدە باش كۆتۈرگەن كىشىلەردۇر. ئۇلار ھاكىمىيەتنىمۇ تىزگىنلىۋالغان بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاچقان ياكى ئىگىلىۋالغان زېمىنلىرى ئۈچۈن ھېچقانداق باج، سېلىق تۆلىمەيتتى. ھېچقانداق ئالۋان ـ ياساقلارغا بارمايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى يۇرت ئىچىدە پەۋقۇلئاددە پۇخرا دەپ ئاتىۋالغان. بەزىلىرى ئابدۇللاخان دەۋرىدە ئورۇۋشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن نۇرغۇن يەر ـ زېمىن، سۇ، تاغ ـ دەريالارغا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا تەسەررۇپ قىلىش ئۈچۈن سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن. مەسىلەن، قالماقلارغا قارشى ئورۇۋشتا كۆچەت پالۋان دېگەن ئادەم ئەسلى تاغلىق بولۇپ، تاغ يوللىرىنى ئوبدان بىلگەچكە قالماقلارنىڭ «تاغ ئوراسىنى» ئىشغال قىلىشتا ئالاھىدە تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا 110 نەچچە پاتمان يەر ـ زېمىن ۋە تاغ ـ دەريالارنى «ئەۋلادىغىچە ۋەخپى» قىلىپ بېرىلگەن. كۆچەت پالۋاننىڭ زېمىنى شۇ چاغدا كىرىيە شەھىرىدىن جەنۇب تەرىپى تاناي بېشىدىكى ئېگىز ئېرىق بويىدىن، شىمالى تەرەپ ھازىرقى موغاللا كەنتىنىڭ كوشۇك مەھەللىسى، غەرب تەرىپى كونا موغاللا ئۆستەڭ، شەرق تەرىپى بورۇنقى قوش يولغۇن ئۆستەڭ

قومۇشلار بىلەن كۆمگەن، ئازگاللارنىڭ ئىچىدىن قاتىرىس
تىزىپ ياتقۇزۇلغان، يانلىرىدا قىلىچ، نەيزىلەرنى ئاسقان، جە
ساۋۇتلىرىنى كىيگەن لەشكەرلەرنىڭ جەسەتلىرى تېپىلغان.
ئەھۋاللار ئاشۇ قېتىمقى جەڭلەردە شېھىت بولغانلارنىڭ مۇن
جايغا دەپنە قىلىنغانلىقىنى ھەم بۇ مازارنى ئابدۇللاخاننىڭ يارلىغ
بىلەن خانلىق مازار قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغا
پاكىتلاردۇر.

ئابدۇللاخان يەنە شېھىت بولۇپ مۇشۇ جايدا قالغار
قەۋملىرىگە دۇئا تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن يەكەندىكى خانلىق
خانىقادىن ئارۇب ئىسىملىك بىر كىشىنى بۇ مازارغا شەيخ قىلىپ
بېكىتكەن. بۇ كىشى'سوپى - زاھىد بولۇپ، خانىقالاردا ھۆكۈمەت،
مۇقام ئېيتىش بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن ۋە يەرلىك خەلقلەرنىڭ
ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر بۇ ئادەمنى
«مۇقامچى ئاتام» دەپ ئاتىغان. كېيىن بۇ مازار شۇ كىشىنىڭ
سۇپىتى بىلەن «مۇقام ئاتام» دەپ ئاتىلىپ كەلدى.

مازارنىڭ جەنۇب تەرىپىدە مازارغا يانداش ئارا مۇقام دېگەن
بىر مەھەللە بار. بۇ مەھەللە ئاروب مۇقام دېگەن كىشىنىڭ نامى
بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. كېيىنكى ۋاقىتدا ئارۇب مۇقام دېگەن
ئاتالغۇ «ۋۇپ» بوغۇمىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى بىلەن ئار مۇقام دەپ
ئاتىلىپ قالغان دېيىشكە بولىدۇ.

**غوجىلار توغرىسىدا**

كىرىيىدە بۇرۇن ھاللىق غوجىلار، ساياتلىق غوجىلار،

يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن.

بىر رىۋايەتتە ئاخۇنلۇقۇمنىڭ يەكەنگە بارغان ۋاقتى دەل ئۇ يەردە ۋابا كېسىلى پەيدا بولغان ۋاقتى بولۇپ، ئاخۇنلۇقۇم ۋابا كېسىلى بىلەن ئۆلگەن دېيىلسە، يەنە بىر رىۋايەتتە ئاخۇنلۇقۇمنىڭ يەكەنگە بارغان ۋاقتى دەل سەئىدىيە خانلىقى ئاغدۇرۇلغان پەيتكە توغرا كېلىپ كېيىنكى ھاكىمىيەت ئەمەلدارلىرى ئاخۇنلۇقۇمنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلاپ ئۆلتۈرگەن دەيدۇ. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن ئاخۇنلۇقۇمنىڭ تۇپراق بېشى يەكەننىڭ «چىلتەنلىرىم» دېگەن قەبرىستانلىقىدا ئىكەن.



ئابدۇكېرىم قاسىم 1937 - يىلى كېرىيەدە تۇغۇلغان. 1946 - يىلىدىن 1950 - يىلىغىچە كېرىيە ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1950 - يىلىدىن 1952 - يىلى 9 - ئايغىچە خوتەن دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. 1952 - يىلىدىن 1955 - يىلى 9 - ئايغىچە سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كادىرلار مەكتىپىنىڭ خەنزۇ تىلى كەسپىدە، 1956 - يىلى 12 - ئايغىچە سابىق جۇڭگو - سوۋېت بىرلىشىپ باشقۇرغان ئالىي تاغ تېخنىكومىنىڭ رۇس تىلى كەسپىدە ئوقۇغان. 1957 - يىلىدىن 1979 - يىلىغىچە سابىق شىنجاڭ ئالىي تاغ تېخنىكوم، شىنجاڭ كان - سانائەت ئىنستىتۇتى، قەشقەر كان - سانائەت تېخنىكومى قاتارلىق

ئارىلىقىدىكى مۇنبەت زېمىنلارنىڭ ھەممىسى كۆچەت پالۋانغا بېرىلگەن.

كۆچەت پالۋان 80 نەچچە ياشلىرىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى ئاخۇن غوجا ئىگىدارچىلىق قىلدى. ئاخۇن غوجا ياش ۋاقتىدا يەكەندە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ يەكەندىكى سوپى - ئەزىم ئەقىدىلىرىگە ئىخلاسمەن بولغاچقا، كېيىنكى ۋاقىتلاردا كىشىلەر ئۇنى «كارامەت كۆرىدىغان ئەۋلىيا» دەپ ئۇلۇغلاپ، «ئاخۇنلۇقۇم» دەپ ئاتاشقان. ئاخۇنلۇقۇمنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنى «بىز سەئىد» ئەۋلادى «غوجىلار» دەپ ئاتىشىپ باشقىلارنى ئۆزىنى ئۇلۇغ قىلىپ كۆرسىتىپ كەلدى. ھازىرقى تېخنىكا پونكىتىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن باشلاپ شەرقىي تەرىپى ھازىرقى باغچا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئورۇنلىرىغىچە بولغان جايلارنىڭ ئورنى ئاخۇنلۇقۇمنىڭ قەسىرلىرى بولۇپ كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە بۇ قەسىرگە 8 دەرۋازا بىلەن كىرىدىكەن. ئىچى باش ھويلا، ئوتتۇرا ھويلا، ئىچكى ھويلا دەپ ئۈچ قىسمغا بۆلۈنگەن، ھەر بىر ھويلا چىرايلىق، نەپىس نەقىشلەنگەن خانىقا، مەدرىس، مەسچىتلەر قەد كۆتۈرۈپ ئالدى تەرىپى پېشايۋانلىق كۆل بىلەن ئورالغان. ھازىرقى ھال كەنتى ئەسلىدىكى ھاللىقلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ قەسىرلەر 1937 - يىللىرى تۇڭگانلار تەرىپىدىن بىرقېتىم بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. 1945 - يىلى سۇ ئاپىتىگە ئۇچرىدى. قالغىنى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بۇزۇۋېتىلدى.

ئاخۇنلۇقۇم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا نۇرغۇن سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ يەكەن خانىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن يەكەنگە بارغان ۋە شۇ

# كېرىيە تارىخي خاتىرىلىرىدىن قىسقا قۇرلۇق چاتما بايانلار

بارات ئىمىن

*ئىلاۋە: «كېرىيە تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ بىرىنچى كىتابى 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا نەشردىن چىقىپ، «كېرىيە تارىخي خاتىرىلىرىدىن قىسقا قۇرلۇق چاتما بايانلار» دېگەن ماقالىنىڭ بىر بۆلىكى مەزكۇر توپلامدا ئېلان قىلىنىپ، كۆپچىلىككە تارىخي ئۇچۇرلار يەتكۈزۈلگەن ئىدى. ھازىر يەنە ئۇنىڭ داۋامى بېرىلدى.*

تارىخ سەھىپىلىرىدىن بىرگە تۆۋەندىكىلەرنى يەتكۈزىدۇ: مىلادىدىن ئىلگىرىكى «ئۇزۇنتاقى دۆلىتى» نىڭ پايتەختى كېرىيە بولۇپ، كېرىيە قەدىمدىلا تارىخى ئۇزۇن يۇرتلارنىڭ بىرىدۇر. كېيىن ئۇ، «ئودۇن دۆلىتى» گە قوشۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ئەينى شۇ چاغلاردا كېرىيە «لوپ»، «ئىلچى»، «چىرا»، «كېرىيە»، «قاراقاش» لارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

* *

1915 - يىلى كېرىيىنىڭ تەخمىنەن 139 كىلومېتىر شىمالىدىكى «ئۇزۇنتات خارابىسى» دىن بىر دانە مىس قازان تېپىلغان بولۇپ، قازاننىڭ دىئامېتىرى 50 سانتىمېتىر،

مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى، تەرجىمان بولۇپ ئىشلىگەن. 1979 ـ يىلى كېرىيىگە قايتىپ كېلىپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

ئابدۇكېرىم قاسىم 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئەدەبىي تەرجىمە بىلەن شۇغۇللانغان. 1982 ـ يىلى ئۇنىڭ «مولالام مازىرىنى زىيارەت» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي ئىلمىي ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. 1954 ـ يىلى «مومايىنىڭ ھېكايىسى» ناملىق ئوچېركى شىنجاڭ رادىئو ئىستانسىسىدا، شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان.

ئابدۇكېرىم قاسىم 1992 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، ۋاقتىنى بوش ئۆتكۈزمەي كېرىيىنىڭ تارىخىي تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ «ئابدۇللاخاننىڭ كېرىيىدىكى سەپىرى»، «مۇقىم ئاتا مازارى توغرىسىدا»، «ئىسمائىلخان ھەققىدە ئەسلىمە»، «كېرىيە جاي ئىسىملىرىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى توغرىسىدا»، «كېرىيە مائارىپىنىڭ تارىخى توغرىسىدا» دېگەن ئىلمىي ماقالىلىرىنى يېزىپ كېرىيە تارىخىي تەزكىرە كىتابىغا تاپشۇردى. ھازىر يەنە ئىزچىل ھالدا ئەسلىمە ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

نومۇرلۇق مۇزلۇقتىن باشلىنىپ، «يىپار»، «لوش»، «پولو»، «باشلاپقا»، «ئارال»، «يېڭىئېرىق»، «كۆكيار»، «كېرىيە»، «ياغلاق»، «بەگمەھەللە»، «ھەسىنتىم»، «مىرسالەي»، «توغراق ئېغىل» لاردىن ئۆتۈپ، تەكلىماكان قۇملۇقىغا سىڭىپ كېتىدۇ. «كېرىيە تاغ ئېغىزى» دىن «توغراق ئېغىل» غىچە بولغان ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 400 كىلومېتىر، سۇ يىغىش مەيدانى 7358 كۋادرات كىلومېتىر، نۇرمۇھەممەت سۇ پونكىتى ئۇدا 20 يىل ئۆلچەپ خۇلاسىلىگەن يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 701 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ئەڭ ئاز يىلى (1979 - يىلى) 525 مىليون كۇب مېتىر بولغان.

* *

«كېرىيە» نىڭ يەر شەكلى كۆپ خىل بولۇپ جەنۇبىي قىسمىدىكى سوغۇق «ئېگىز تاغ رايونى» نىڭ كۆلىمى 10 مىڭ 204 كۋادرات كىلومېتىر، ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن بولغان ئېگىزلىكى 3300 مېتىردىن ئۇشۇق بولۇپ، ئاساسلىق چوققىسى «مۇز تاغ چوققىسى» دېڭىز يۈزىدىن 6920 مېتىر ئېگىزدۇر. شىمالىدىكى قۇملۇق رايونىنىڭ يەر كۆلىمى 21 مىڭ 4 . 428 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، قىروسىز مەزگىلى 174 كۈن، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.6°C . 1 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 5.8°C . 7 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 25.3°C . ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 41.2°C . ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 24.3°C . پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2490 مىللىمېتىر، ھۆل - يېغىن مىقدارى

ئېگىزلىكى 30 سانتىمېتىر ئىدى.

* *

كېرىيە ئىلگىرىكى زامانلاردىن تارتىپ يىپەك يولىنىڭ مۇھ-
قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، شەرققە ماڭسا چەرچەنگە، شىمالغا كېر-
دەرياسىنى بويلاپ ماڭسا كۇچارغا، «كېرىيە دەرياسى»نى بويلا-
جەنۇبقا ماڭسا، «كېرىيە تاغ ئېغىزى» ئارقىلىق تىبەت-
ھىندىستانلارغا، غەربكە ماڭسا قەشقەرگە بارغىلى بولاتتى.

* *

كېرىيە ناھىيىسىدە ئەينى مەزگىللەردە 17 مىڭ 979 ئائىلە
97 مىڭ 806 نوپۇس بولۇپ، ئۇ چاغدا بۇ ناھىيە «كېرىيە»
«چىرا»، «نىيە»نى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 1986 - يىلىدىكى
مەلۇمات بويىچە كېرىيىدە 12 يېزا، ئىككى بازار بار بولۇپ
ئومۇمىي نوپۇسى 161 مىڭ 800 ئىدى.

كېرىيىنىڭ ئاساسلىق سۇ مەنبەلىرىدىن توققۇز دەريا - ئېقىن
ۋە سەككىز بۇلاق بولۇپ، يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 998
مىليون 420 مىڭ كۇب مېتىر، بۇلار: - «كېرىيە دەرياسى»
«سالقىنتاش دەرياسى»، «ھاتەم دەرياسى»، «كوراب دەرياسى»
«سوقتاياق دەرياسى»، «پىشكە دەرياسى»، «توھيا دەرياسى»
«ئۆلۈغكۆل»، «ئاچچىقكۆل»، «سىغىزكۆل»، «ئۈرايىمكۆل».

* *

«كېرىيە دەرياسى» شىنجاڭ ئىچىدىكى «چوڭ دەريالار»نىڭ
بىرى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 6920 مېتىر ئېگىز بولغان
«ئۇستۇن تاغ»نىڭ «چوڭ مۇزتاغ» چوققىلىرىدىكى 5636

يىغىشىلىنىپ قامىلاتتى.

* *

كىرىيىدە ئازادلىقتىن بۇرۇن تەشكىللىي ئاپپارات جەھەتتە «چوڭ يامۇل» (ئامبال يامول)، «كىچىك يامول» (بوسا يامول)، «سىپلىقچى دۆي» (جىڭسا دۆي)، «باجخانا»، «داكچى خانا»، (پوچتىخانا)، (خەلقلەر پوچتىخانىنى «چىپەرخانا» پوچتالىيونىنى «چىپەرچى» دەپ ئاتاتتى)... قاتارلىق مەمۇرىي كەسپىي ئورۇنلار بار ئىدى.

* *

كىرىيىنىڭ بۇرۇنقى «چوڭ يامۇلى» نىڭ دەرۋازىسى شەھەر - بازار رەستىسىگە قاراپ تۇراتتى. دەرۋازا چوڭ ئىككى قانات ياغاچ دەرۋازىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، دەرۋازا ئالدىدا «زاڭگاڭچى» (پوس قىلغۇچى) تۇراتتى. دەرۋازىنىڭ ئىچى تەرەپ بىقىنىدا بىر تۆۋرۈكتە كونۇس شەكىللىك ئەينەك پانۇس ئېسىلغان بولۇپ، بۇ پانۇس كېچىلىرى دەرۋازا يېنىنى سۈس - خۇنۇك هالدا ئاران يورۇتۇپ تۇراتتى.

«يامۇل» ئالدى سەينە (مەيدان) بولۇپ، مەيداننىڭ ئالدى چېتى چوڭ يول رەستە ئىدى. يول بويلىرىدا كىچىك - كىچىك ھەرخىل ماگىزىنلار بولۇپ، ھەرخىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى، چەرچىن ماللار سېتىلاتتى. مەيداندا روزى ھېيت، قۇربان ھېيت، بايرام مەزگىللىرىدە داۋازلار دار ئوينايتتى. «چاقپەلەك»، «بۆشۈك چاقپەلەك»، «لەپپەك»... قاتارلىقلار تىكلىنىپ، قىز - ئوغۇللار، ياشلار، ھەتتا ياشانغان ئەر - ئاياللارمۇ شادلىنىپ

43.1 مىللىمېتىردۇر.

تاغ باغرىدىكى ئېدىرلىقنىڭ يەر كۆلىمى 2148 كۋادر
كىلومېتىر، سايلىقنىڭ يەر كۆلىمى 3382.6 كۋادر
كىلومېتىر، ئوتتۇرا قىسمى تىنىما تۈزلەڭلىك بولۇپ بۇ ئاساسل
دېھقانچىلىق رايونى ئومۇمىي يەر مەيدانى تەخمىنەن 25 مىڭ 57
گېكتار كېلىدۇ. يەنى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ 91.3%نــ
تەشكىل قىلىدۇ.

كېرىيە تارىختىن بۇيان دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى ئاسا
قىلغان بولۇپ، هاۋاسى قۇرغاق، يېرى مۇنبەت، ئوتلاقلار كۆلىم
كەڭ، سۈيى ياخشى، بايلىقى بىلەن ئۆز ئاھالىسىنىلا ئەمەس، بەلك
ئۆز باغرىدا ياشىغۇچى مىللەتلەرگە نېمەت يەتكۈزۈپ بېقىپ كەلگەن.

* *

ئازادلىقتىن ئىلگىرى كېرىيىنىڭ بىر «لەڭزى» (ھەربى
تۇرۇشلۇق جاي) سىدىن باشقا يەنە ئىستىھكام سېپىللىرى بۇ
ئىدى. لېكىن توگون (ھەرغول، چوڭ يول) ئېغىزلىرىغا چول
دەرۋازىلار ياسالغان بولۇپ، شەھەر ئىچى 40 دەرۋازا بىلە
بېكىتىلىپ، مەركىزىي ئورۇندىكى بەش چوڭ دەرۋازىغا ياندا
كېچىسى كۆزەت قىلىدىغان ئىككى قەۋەتلىك كۆزىتىش راۋ
سېلىنغانىدى. ھەر كۈنى كەچ، (خۇپتەندىن كېيىن) سىگنا
بېرىلىش بىلەن تەڭ بۇ دەرۋازىلار بىردەك تاقىلىپ كېتەتتى
ھەرقانداق كىشى سىرتقا (بىرەر يەرگە) بارسا، دەرۋازىلار تاقىل
كېتىشتىن بۇرۇن يېتىپ كېلىپ، دەرۋازىدىن كىرىۋالمىسا ئۇندا
كىشى سىرتتا قالاتتى. ئاندىن ئۇلارنى چارلامچىلار چارلاپ كېلى

قائىدىسى بويىچە «ئامبال» ئۆزى سوت ئېچىپ، ھۆكۈم ئېلان قىلاتتى. «يامۇل» نىڭ ئىچىدە چوڭ ياغاچ جازا ئۈستىگە كالا تېرىسىدە يېپىلغان چوڭ دۇمباق يانتۇ قويۇلغان بولۇپ، «ئامبال» قاتىللىق ئەنزىسىنى تەكشۈرۈپ تەھقىقلەپ چىقىپ بىر تەرەپ قىلغان چاغدا چېلىناتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، بىر كىچىك دۇمباق ۋە جازىغا ئېسىپ قويۇلغان بىر «چويۈن قوڭغۇراق» بولۇپ بۇلار ھەركۈنى «بامدات نامىزى» مەزگىلىدە بىر قېتىم چېلىناتتى ھەم بىر پاي «پاختىۋەن زەمبىرەك» ئېتىلاتتى. ناماز شام ۋاقتىدا يەنە شۇنداق قىلىناتتى.

*ئىلاۋە: «زەمبىرەك» كىچىك «توپ» دىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ كامىرىغا مىلتىق دورىسى قاچىلاپ، دورا ئۈستىگە سىخمز چىڭداپ بەتلەپ، پىلتىسىگە ئوت يېقىپ ئاتىدىغان كېرىيىنىڭ ئەنئەنىۋى قورالى ئىدى. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك كۆرسىتىلگەن شۇنداق چاغلاردا «زەمبىرەك» ئېتىش شۇ چاغدىكى تۈزۈملەردىن بىرى ئىدى.*

* *

كېرىيىنىڭ ھازىرقىدەك ھاكىمى ئىلگىرى «ئامبال» دېيىلەتتى. «ئامبال» دېگەن ئىسىم ئەنزە ئىشلىگۈچى دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ، ناھىيىنىڭ باشلىقى، «ھاكىم» دېگەن مەنىدە ئىدى. «ئامبال» پۈتۈن ناھىيىنىڭ مەمۇرىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، قانۇن، مائارىپ. . . قاتارلىق بارلىق ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.

«ئامبال» ئۆز ۋاقتىدا ھەر يىلى بىر قېتىم شىنجاڭ

ئۇنى ئۇچاتتى. چايخانا، ساماۋەرخانىلاردا گۆش، ئاش - تاماق
شورپىلار تەييارلىنىپ كىشىلەر كىرىپ ئولتۇرۇشۇپ مەز
قىلىشاتتى. داڭلىق ناخشىچى، مۇقامچى، مۇزىكىچىلار سازلار
سازلاپ ئۇسسۇل قاينايتتى. . . ناغرا - سۇناي ئاۋازى پۈتۈن ناھى
شەھەرنى بىر ئالاتتى.

دېمەك، «يامۇل» ئالدى قىزىقچىلىق، تەنتەنە مەيدانى بولۇ
كېتەتتى. داستانچى، قىسسىچىلار، مەدداھ - ۋائىزلارغىچە ئۆ
تالانتىنى نامايان قىلىپ، كىشىلەرگە مەنىۋى زوق، شوخلۇقنى
ھەسسىلەپ كەلتۈرۈپ بېرىشەتتى. بۇنداق چاغلاردا «ئامبال» نىڭ
ئۆزى ۋە «خېنىملىرى» ياپىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا تاماشىغا قەدە
تەشرىپ قىلىپ چىقىپ، شەھەر ئايلىنىپ كىرىپ كېتەتتى
«يامۇل» دەرۋازىسى ئۈستىدە تۇرۇپ «ئامبال» نىڭ پەرزەنتى
جەمەتلىرى، خېنىملىرى دەرۋازى ئالدىدىكى قىز - چوكانلارغا
ئۇسسۇلچىلارغا «داچەن»، پۇل ۋە قەغەز پۇللارنى ئاتاتتى. بۇ پۇللارنى
يىغىۋېلىش ئۈچۈن كىشىلەر باس - باس بولۇپ پومداقلىشىپ
كېتىشەتتى.

«ئامبال» يامۇلدىن چىقار ۋاقىتلىرىدا، قايتىپ كىر
كېتىش ۋاقىتلىرىدا چوڭ ئاۋازلىق «زەمبىرەك» ئېتىلاتتى. ب
«ئامبال» نىڭ سىرتقا چىقىش - كىرىش ھەققىدە شەھەر خەلقىگ
بېرىدىغان سىگنالى بولۇپ ھېسابلىناتتى.

* *

كىرىيىدە بۇرۇنقى چاغلاردا كىشىلەر ئادەم ئۆلتۈرگە
قاتىلنى «شومپاڭ» دەيتتى. «شومپاڭ» نى «ئامبال يامۇلى» نىڭ

ھەرخىل ئەمەللەرگە ئېرىشتۈرەتتى. بۇلارمۇ «ئامبال»نىڭ سايىسىدا خەلقنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ، چۆنتەكلىرىنى توشقۇزۇپ «ئامبال» يۆتكەلگەندە بىرگە كېتەتتى.

«ئامبال» سىرتقا چىقسا، 20 گە قەدەر قوراللىق چىرىك ۋە يايىلار ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ سەپ بولۇپ ئالدى ـ كەينىدە ماڭاتتى. «توڭچى» (تەرجىمان) ھەم توپبېشىلار «ئامبال»نىڭ يېنىدا ماڭاتتى. «ئامبال» جالدۇر ـ جۇلدۇر قوڭغۇراقلىق، جابدۇنغان ئەمەلدار مەپىسىدە ئولتۇرۇپ ھەشەمەت بىلەن ماڭاتتى. بۇنداق سۈر ۋە سۈلكەت ناھىيىدە شۇ «ئامبال» ئۈچۈن مۇناسىپ قىلىنغانىدى.

* *

كېرىيىدىكى بۇرۇنقى «سوراق ئىشلىرى» ، «ئامبال يامۇلى» دىكى خاس «سوراق ئىشلىرى داتاڭى»دا ئېلىپ بېرىلاتتى. «داتاڭ»نىڭ يۇقىرى تەرىپىگە ئۇزۇنچاق تۆت چاسا «سوراق جوزىسى» قويۇلاتتى. جوزا ئۈستىگە قىزىل شەلپەرە يوپۇق يېپىپ قويۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىيادان، يۇڭ قەلەم، ئادەم چاقىرىش چەنزىلىرى ۋە سوراق قىلغاندا ئادەم چۆچۈتۈش ئۈچۈن جوزىغا ئۇرىدىغان تاختىلار رەتلىك تىزىلاتتى. جوزىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە تاقاپ ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتە تۆت چاسا قىزىل شەلپەرە ئورالغان جازا قويۇلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئۈستىدە سېرىق رەختكە ئورالغان «ئامباللىق تامغا ساندۇقى» قويۇلاتتى. جوزىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بەش مېتىر ئەتراپىدىكى يىراقلىقنىڭ ئىككى تەرىپىدە بەشتىن ئون دانە ئۇزۇن ساپلىق قىلىچ، نەيزە ۋە چوماق . . . قاتارلىق قەدىمكى

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەيىنلىشى بىلەن ئالمىشىپ تۇراتتى
«ئامبال»نىڭ قول ئاستىدا بىر كاتىپ، ئۈچ بۆلۈم يەنـ
«شىڭفاڭ» (جىنايى ئىشلار بۆلۈمى)، «مىنفاڭ» (خەلق ئىشلا
بۆلۈمى)، «جاڭفاڭ» (مالىيە بۆلۈمى) بولۇپ بۆلۈم باشلىقلىر
«سى يې»، بۆلۈم ئەزالىرى «گويى»، ياللانما بۆلۈم ئەزالىر
«گويۈەن» دەپ ئاتىلاتتى. يەنە ئالتە بەن بولۇپ، بەننىڭ باشلىق
«بەنتو» (توپ بېشى ياكى دوغابەگ) دېيىلەتتى. بۇلار «يايى»
(دورغا) لارنى باشقۇراتتى. يايىلاردىن 50 ـ 60 كىشى بار ئىدى.
بۇنىڭدىن باشقا «ساقچى ئەترىتى» بولۇپ 30 دىن ئارتۇق ئەسكىرى
بولۇش بىلەن بۇلارنى خەلقلەر «يامۇلنىڭ چىرىكلىرى» دەپ
ئاتىشاتتى. بۇلارنىڭ باشلىقى «لاۋيى»، 10 نىڭ باشلىقى
«شىجاڭ» دېيىلەتتى. بۇلار كۈندۈزى «يامۇل»نىڭ چو
دەرۋازىسىدا ئۆزۈن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ پوس قىلاتتى
كېچىلىرى بولسا سارايلارنى، دەڭلەرنى تەكشۈرەتتى. كوچىد
پاترونلۇق (چارلاش) ئېلىپ باراتتى. «ئامبال» سىرتقا چىقسا
مىلتىقلىرىنى كۆتۈرۈپ «ئامبال»نىڭ ئىككى يېنىدا مۇھاپىزەتچى
بولۇپ ماڭاتتى. «ئامبال» ناھىيىگە يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ
كەلگەن چېغىدا بىر مەيدە كەلسە، قەرەلى توشۇپ كېيىن قايتقاند
بىرقانچە ھارۋا. . . بىلەن كېتەتتى. «ئامبال» مائاش ئېلىشتىن
سىرت ھەرخىل باج، غەللە ـ پاراقلارغا ئۆزى ئۈچۈن پىرسەنت
قوشۇۋالاتتى.

«يېڭى ئامبال» كېلەر چېغىدا، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان
ئەل ـ ئاغىنە ۋە يۇرتداشلىرىدىن 7 ـ 8 كىشىنى ئېلىپ كېلى

خەلق ئىشلىرى (مىنفالىڭ) داۋاسى ئاساسەن ئالغۇ ـ بەرگۈ، قەرز، ئەرز ـ دات، سودا ـ سېتىق، مىراس، ئۆي ـ ئىمارەت، يەر ـ سۇ . . . قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، سوراقتا بىر تەرەپ تانسا، ئىقرار قىلمىسا ياكى تانمىسا شۇ تەرەپ ياكى يەنە بىر تەرەپ «بەندى شەرىئەت» دەپ «شەرىئەتكە» بۇيرۇشنى تەلەپ قىلسا «ئامبال» دەرھال ئەرزنىڭ كانارىسىغا «مەھكىمە شەرئىگە ئاپىرىلسۇن!» دەپ تەستىق سىلىپ، «مەھكىمە شەرئىگە» يوللايتتى. چۈنكى، مىنفالىڭ (خەلق ئىشلىرى) داۋاسى مۇرەككەپ ھەم بىر تەرەپ قىلىش تەس بولغىنى ئۈچۈن «ئامبال» ئاۋارىگەرچىلىكتىن باش تارتىپ شۇنداق قىلاتتى. بۇنداق قىلغاندا، «ئامبال» ئاۋارىگەرچىلىكتىن قۇتۇلاتتى. «ئاپەۋەت» يەنە ئوخشاشلا كېلەتتى. «شىڭفالىڭ» (جىنايى ئىشلار) داۋاسىنى «ئامبال» ئۆزى سوراق قىلاتتى. ئىقرار قىلمىغانلارنى قىيناشلار ئارقىلىق ئىقرارغا كەلتۈرەتتى. بەزىلىرى قىيىن ـ قىستاق، ئازابقا بەرداشلىق بېرەلمەي يالغاندىن ئىقرار قىلاتتى. شۇڭا، ناھىيىدە ناھەق، ئۇۋال ئەنزىلەرنىڭ سانى ئازلىماي كۆپىيىپ تۇراتتى. «ئامبال» سوراققا ئولتۇرغاندا، چوڭ قورۇغۇچ بولۇپ بىر ياي «ئامبال»نىڭ كەينىدە تۇراتتى.

«ئامبال» سوراق جوزىسىدىن چۈشۈپ كىرىپ كەتمەكچى بولغاندا يايلار «دارىن شاتاڭ!» (ئامبال سوراقتىن ياندى) دەپ جاكارلايتتى. «قاتىللىق ئەنزى»نى تەكشۈرۈپ، قاتىلنى تۇتۇپ كىرىشتە بولسا، «ئامبال» ئۆزى، توبىبشى، ياي ۋە چىرىكلەرنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى بىلەن ئاتلىق تەكشۈرۈپ چىقىپ، قاتىلنى

زامان قوراللىرى جازىغا ئېسىقلىق تۇراتتى.

جوزىنىڭ ئۇدۇلىدىكى يەردە رەتلىك تىزىپ قويۇلغان لوتا ۋە ئالىقانغا ئۇرىدىغان «شاپالتاق»، ھوشۇق چاقىدىغان «كالتەك» ئاياللارنىڭ يۈزىگە ئۇرىدىغان «چەملىك پالاق»، شۇنداقلا قول قىسىدىغان «قىسقۇچ»... قاتارلىق ھەرخىل جازا ۋە قىيناش قوراللىرى تۇراتتى.

«ئامبال» سوراققا چىقىشتىن ئىلگىرى، سوراق جوزىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە «تۇڭچى» (تەرجىمان)، توپبېشىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئالدى - ئارقىسىغا «يايى» دېگەن خەت چاپلانغان قارا، قىسقا جۈيازىنى ئۇزۇن كىيىم ئۈستىگە كىيىۋالغان «يايىلار» تىزىلىپ تۇراتتى. شۇنداق دەبدەبە، ئەسئەسە تەييارلىقلار تەييارلىنىپ بولغاندىن كېيىن، «دارىن شاڭتاڭ!» (ئامبال سوراققا چىقتى) دەپ جاكارلايتتى. شۇنىڭ بىلەن «ئامبال»نىڭ چىقىشى بىلەن ھو...ھو...ھو... دېيىشىپ توۋلىشاتتى. جاكار ساداسى ئىچىدە «ئامبال» «دەرپەردە» ئارقىسىدىن چىقىپ، ئورۇندۇققا غادىيىپ ئولتۇرۇپ، ئەتراپقا بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتۈپ بولۇپ «سوراق»نى باشلايتتى. ئالدى بىلەن جوزا ئۈستىگە قويۇلغان ئەرز قىلغۇچى ۋە ئەرز قىلىنغۇچىلارنىڭ ئىسىملىرىنى بىر - بىرلەپ چاقىرىپ، قىزىل رەڭلىك يوڭ قەلەم (ماۋبى قەلەم) بىلەن ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى ئۈستىگە «بەلگە» قوياتتى. دەۋاگەرلەر جوزىدىن 3 - 4 مېتىر يىراقلىقتا ئوتتۇرىدا تۇرۇپ، باش ئېگىپ، قول قوشتۇرۇپ تۇراتتى ۋە يەر تېگىدىن «ئامبال»غا كۆز تىكىپ قارىشاتتى.

خىلاپلىق قىلغان، دىنىي قائىدە - يوسۇنلارنى بۇزغانلارنى «تەزىرلەش» دەررى بىلەن ئۇرۇپ - جازالاش ئىشلىرىنى ئېلىپ باراتتى. بەزى ئىشلارنى سۈلھى - سالا قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلاتتى. «پاھىشە» قىلغۇچىلارنى بولسا، يۈزىگە قارا سۈركەپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ «سازايى ئالەم» قىلاتتى. ناۋايلارنىڭ نانلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەمگە يەتمىگەنلەرنى ئۇشتۇپ (پارچىلاپ) تاشلايتتى. تارازا، گىر قاتارلىق ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى تەكشۈرەتتى. يۈزى ئوچۇق بازارغا چىقىپ قالغان ئاياللار يولۇقسا، «تەزىر» بىلەن ئۇرۇپ «يۈزۈڭنى ياپ! ئۇياتسىز شەرمەندى» دەپ ياپتۇراتتى. ھەر بازار كۈنى (ئۇ چاغلاردا ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە كۈنى بازار كۈنى ئىدى) رەئىس ئاخۇنۇم ئاتلىق بازارغا چىقاتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى نەپەر موللام «دەررە» كۆتۈرۈپ پىيادە ماڭاتتى. «دەررە» بىلەن ئۇرۇپ جازالاشقا ھۆكۈم قىلىنغاندا، ئۇرۇلغۇچى بىرسى يۈدۈپ تۇراتتى. يەنە بىرسى «دەررە» بىلەن ئۇنىڭ يالىڭاچ دۈمبىسىگە ئۇراتتى. «دەررە» نىڭ زەربىسىگە چىداپ تۇرالماي «ۋايجان، ۋايجان» دەپ توۋلاپ پەريات قىلاتتى. «دەررە» ئۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك جازالانغۇچىدىن «دەررە ھەققى» دەپ پۇل ئالاتتى. ھەتتا نامازغا چىقمىغان، روزى تۇتمىغانلارنىمۇ ئۇرۇپ جازالايتتى. مال - مۈلۈك، پۇل - مۇئامىلە دەۋاسىدا، بەزىلەرگە «قەسەم» بۇيرۇلسا، «قەسەم ئىچكەندە ئادەم ئۆلۈپ كېتىدۇ» دەيدىغان قورقۇش ئىدىيىدە بولغانلىقتىن، ناھەق ئىشلارغا ئىقرار بولۇشقا مەجبۇر بولۇپمۇ كېتەتتى. بەزىلەر «ئەلھەكمۇللا، مىنىڭ

تۇتۇپ، بويىنغا «تاقاق» سېلىپ ئېلىپ كىرگەندە، «يامۇل» نى
ئالدىغا قوناق شېخى بىلەن يېقىلغان ئوت ئۈستىدىن «ئامبال
ئېتىنى سەكرىتىپ ئۆتەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۈچ پا
«زەمبىرەك» ئېتىلاتتى. «ئامبال» داتاڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈپ
قاتىل تۇتقانلىق مۇراسىمى ئۆتكۈزەتتى. چوڭ دۇمباق چېلىنىپ
10 نەپەر يايى قىزىل بويالغان ئۇزۇن كالتەكنى كۆتۈرۈپ، داتاڭ
ئارىلىقىدا دەۋرى قىلىپ «هو، هو. . . » دەپ چۇقان سېلىپ،
كالتەكلىرىنى «تاراققىۋ - تۇرۇققىۋ» قىلىپ يەرگە تاشلىشاتتى.
بۇنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن، مۇراسىم
ئاياغلىشاتتى.

* *

كىرىيىدە ئىلگىرى «مەھكىمە شەرئى» تەسىس قىلىنغان
بولۇپ، دىنغا دائىر ئىشلارنى باشقۇرۇش بىلەن، ئۇ بەش نەپەر
ئاخۇندىن تەركىب تاپاتتى. خەلقلەر بۇنى بەزى هاللاردا «بەش
ئاخۇن ئورنى» دەپمۇ قوياتتى.

بۇلار: «قازى»، «قوزان»، «ئەلەم»، «موپتى»، «رەئىس
ئاخۇنۇم» دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى.

«مەھكىمە شەرئى» پۈتۈن ناھىيە بويىچە «ئىمام»،
«مۇئەززىن»، «خاتىپ»، «مۇدەررىس» قاتارلىقلارنى
باشقۇرۇش، تەيىنلەش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئۆشرە - زاكات
ئېلىش، مازار، مەسچىت ۋە ۋەخپە يەرلەرنى باشقۇرۇش، ھەرخىل
ئەرزلەرنى قوبۇل قىلىپ سوراق قىلىش، شەرىئەت ھۆكۈمى بويىچە
پەتىۋا چىقىرىش، تانغۇچىلارغا قەسەم ئىچكۈزۈش، شەرىئەتكە

«دوغا» بولاتتى. «بەگلەر»مۇ ئوخشاشلا خەلقلەرنىڭ ئەرزى - دادلىرىنى قوبۇل قىلىپ سوراق قىلاتتى. «بەگلەر»نى ئىش بېجىرىدىغان، سوراق سورايدىغان جايلىرى شۇلارنىڭ شەخسىي هويلا، ئايۋانلىرىدا بولاتتى. «بەگلەر»نىڭ كۆپىنچىلىرى ساۋاتسىز بولغانلىقتىن، يۇقىرىغا يازىدىغان ۋە تۆۋەنگە چۈشۈرىدىغان خەت - چەك ئالاقىلەرنى «توبېبشى» يازاتتى. «بەگلەر»نىڭ تامغىسى يوق ئىدى. پەقەت ئۆزىنىڭ شەخسىي نامىدىكى «تۇجاڭزىسى»لا بولۇپ، ئۇنى قولغا سالىدىغان «ئۈزۈك»نىڭ كۆزىگىلا ئويدۇرۇۋالاتتى.

خەلق ئىشلىرىغا دائىر ئەرز - دادلارنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلاتتى. قانۇنى جازا بېرىشكە تېگىشلىكلىرىنى «يامۇل»نىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بەرگەندىن باشقىلارنى «بەگلەر» ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلىپ چىقاتتى. بىر تەرەپ قىلالمىغان ياكى دەۋاگەرلەر «شەرىئەت»كە يوللاپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئەرزلەرنى «مەھكىمە شەرئى»گە ئەۋەتەتتى. «بەگ»، «توبېبشى» ۋە «دوغا»لارغا دۆلەتتىن ئىش ھەققى بەرمەيتتى. ئەرزلەرنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ھەر ئىككىلا تەرەپنى چاقىرىپ كېلىشكە «دوغا» بۇيرۇلاتتى. «دوغا» ئۇلارنى چاقىرغاندا چاقىرغاندا ئۇلاردىن تاپان ھەققى ۋە ئۇلاقلىرى ئۈچۈن يەم - خەشەك ئالاتتى. دەۋا بىر تەرەپ بولغاندا، دەۋانىڭ قىممىتىگە قاراپ «بەگ» ۋە «توبېبشى»لار ئۈچۈن خىزمەت پۇلى تۆلەيتتى. ناھىيىدىن يۇرتقا ھەرخىل ئالۋاڭ - ياساق چاچقاندا، «بەگلەر» ئۇنىڭغا پىرسەنت قوشۇپ يىغىۋېلىپ ئۆزىنىڭ چۆنتىكىگە سالاتتى.

سەندە ھەقىقەتەن پۇلۇم بار» دەپ قارا نىيەتلىك قىلىپ بوھتى
چاپلاپ «قەسەم» قىلىپ تۇرۇۋېلىپ، يوق يەردىن پۇل ئۇندۇرۇپ
ئالاتتى. نەتىجىدە بىر قىسىم كىشىلەرگە ناھەق ۋابال بولۇپ
ئەكسىچە، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ھارام دۇنياغا ئىگە بولىدىغا
ئىشلار بولاتتى.

شۇنى ئېيتىپ كېتىش كېرەككى، جازانىڭ ئەڭ قاتتىقى
«ئۆلۈم» ، ئۇنىڭدىن قالسا «قەسەم» ئىدى. شۇڭا «قەسەم»
قىلسا، «ئۇ بىر چوڭ جازانى ئادا قىلدى» دەپ قارىلىپ، قەسەم
قىلغۇچىنى بىر ياقلىق قىلىش پۈتتى دەپ سانىلاتتى. بۇ ئوتتۇرىدا
«موھور پۇلى» ، «چاي پۇلى» ، «خىزمەت پۇلى» دېگەن ناملار
بىلەن پۇل ئالغۇچىلار قاقتى - سوقتى قىلىپ ئۆزلىرىنى
بېيىتاتتى. ئەقەللىسى، ئاما ئارىسىدا بولۇپ تۇرىدىغان ئالغۇ -
بەرگۈ، ئۆتنە - يېرىم، قەرز - مۇئامىلە، مىراس ئايرىش، ئۆي
- ئىمارەت، يەر - زېمىن سودىسى. . . قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە
خەت - چەك تۈرغۇزۇپ، تىلخەت، ھۆججەت شەكىللەندۈرۈلەتتى.
«موھور» بېسىلاتتى. «موھور» بېسىلمىسا ئىناۋەتسىز ئىدى.
شۇڭا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئەمەلدارلارنىڭ چۆنتىكىگە پۇل
كىرىپ تۇراتتى.

* *

كىرىيىدە ئىلگىرى «بەگلىك» نى «شياڭ» ، «بەگلەر» نى
بولسا «شاڭيو» دەپ ئاتايتتى. كەنتلەردە «يۈز بېشى» ، «ئون
بېشى» دېيىدىغانلار بار ئىدى. يۇرتنى مۇشۇ كىشىلەر سورايتتى.
«بەگ» نىڭ قول ئاستىدا بىر نەپەر «توببېشى» ۋە 4 - 5 نەپەر

سېلىنغانلار ئوڭدىسىغا ياتاتتى. ئوغرىلار ئىقرار قىلمىسا ھەرخىل قىيناش قوراللىرىنى ئىشقا سېلىپ ئازابلاپ، قىيناپ ئىقرار قىلدۇراتتى. بەزىبىر «ئوغرى» دەپ قارىلىپ تۇتۇپ كېلىنگەن ياخشى ئادەملەر قىيىن ـ قىستاققا بەرداشلىق بېرەلمەي ئىلاجىسىز يالغاندىن ئىقرار قىلىپ ئوغرىلار قاتارىغا قوشۇلۇپ كېتەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنداقلارنىڭ ئېزىز، پاك ئۆمرى زىندان ـ تۈرمىلەردە بىھۇدە ئۆتۈپ سېسىپ تۈگەپ كېتەتتى. قامالغانلاردىن «قاماق ھەققى»، «چاي پۇلى»، «خىزمەت پۇلى» دېگەن ناملار بىلەن ئۇلارنى زار ـ زار قاخشىتىپ قاقتى ـ سوقتى قىلاتتى. ھەتتا بەزى ئوغرىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ ئۇلارنى ئوغرىلىققا سالاتتى. شۇڭا «پاششاپ»لار ئۇزۇن ئۆتمەيلا، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە بايلىشىپ كېتەتتى.

* *

كېرىيىدە ئىلگىرى «جەزنىخور» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قىسىم «جازانىكەشلەر» بار ئىدى. بۇلار ئاساسەن ئۆسۈمگە پۇل بېرىپ، سۈتخورلۇق قىلاتتى. پۇلغا ئېھتىياجلىق بولغان خەلق ئۇلارنىڭ كېسىلچىلىرى ئارقىلىق «تىلخەت» يېزىپ بېرىپ ئۆسۈمگە پۇل قەرز ئالاتتى. ھەربىر «جەزنىخور»نىڭ 2 ـ 3 دىن خادىملىرى بولۇپ، بۇلار قەرز ئالغۇچى بىلەن بەرگۈچىدىن ئىبارەت قەرز ئالغان پۇل ئانا پۇل، ئۇنىڭ ئۆسۈمى «بالىسى» دەپ ئاتىلاتتى. ۋاقتى ـ مۇددىتى بويىچە كېسىلچىلەر قەرزدارلارنى قەرزنى تۆلەشكە ياكى ئۇنىڭ «ئۆسۈمى»نى تۆلەشكە ھەيدەكچىلىك قىلاتتى. قەرز ئالغان پۇلنىڭ «ئۆسۈمى» ئېغىر بولۇپ، قەرزدارلار قەرزنىڭ ئانا، بالىسىنى

يېڭىدىن تەيىنلەنگەن «بەگلەر»نىڭ ئىشىك، دەرۋازا تاملىرى
شەخسلەر تەرىپىدىن چوڭ قىزىل قەغەزگە يېزىلغان تەبر
خەتلىرى چاپلىناتتى. مۇبارەكلىشەتتى. «يېڭى بەگ» ئۇلارنى
ئالدىغا چىقىپ «ھەشقاللا» ئېيتىپ ئاز - تولا ئىنئام بېرەتتى
ئۆز تەۋەسىدىكى يۇرتتىن «يۈز بېشى»لار خەلققە سېلىق - سېلى
يامبۇ، تەڭگە، ئات، قوي، كىگىز، گىلەم . . . قاتارلىقلارنى
يىغىۋېلىپ خەلق نامىدىن «يېڭى بەگ»دىن ھال سورايتتى.

* *

«پاششاپ» دېگەن سۆز ئەرەبچىدە «پادىشاپ» دېگەن سۆزنىڭ
ئۆزگىرىشى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى، «كىچە پادىشاسى» دېگەنلىك
بولىدۇ. خەلق ئارىسىدا بولسا «پاششاب بىگىم» دېيىلىدۇ.
كىرىيە ناھىيىسىدە ئىلگىرى «پاششاپ» بىرلا بولۇپ، ئىش
بېجىرىش ئورنى بازاردا ئىدى. مەرتىۋىسى يۇرت «بەگلىرى»نىڭ
مەرتىۋىسىدىن تۆۋەنرەك بولاتتى. ئۇنىمۇ «ئامبال» تەيىنلەيتتى
«پاششاپ»نىڭ ۋەزىپىسى، كىرىيە «ئامبال يامۇلى»
ياردەملىشىپ ئوغرىلارنى تۇتۇش، ئوغرىلىق ئەنزىلىرىنى بىر تەرەپ
قىلىش، چوڭراق بولغان ئوغرىلىق ئەنزىلىرىنى «يامۇل»غا يوللاپ
بېرىش، كېچىلىرى كوچا چارلاشتىن ئىبارەت ئىدى.
«پاششاپ بەگ»نىڭ بىرقانچە «دوغا»لىرىنىڭ چويون
قاتتىق ياغاچتىن ئىشلەنگەن «كالتا» ھەم ئۇزۇن ساپلىق
چوماقلىرى، ئادەم قىيناش قوراللىرى بولاتتى. ئۆز ئالدى
قاماقخانىسى بولۇپ «قاماقخانا»دا ئوغرىنىڭ پۇتىغا سالىدىغان
«كۆتەك» (گۇندا) بولاتتى. پۇتىغا «كۆتەك» (گۇندا

ھەرياڭزا كەمستىش سەۋەبلىرىنى كۆرسىتىپ قوبۇل قىلىشمىغاندا بەگلەر ئۇلارغــــمۇ پۇل ۋە نەرسە - كېرەك سوۋغىلاپ قوبۇل قىلدۇراتتى. قوبۇل قىلىنغان بۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ ئۆيخۇرچە ئىسمىغا يېقىنلاشتۇرۇپ خەنزۇچە ئىسىم قويۇپ، ئۇنى پارچە قەغەزگە يېزىپ ئۇنىڭ جوزىسى ئۈستىگە چاپلاپ قوياتتى. قويۇلغان بۇ خەنزۇچە ئىسىمنى 3 - 2 كۈن ئوقۇپ يادلىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن رەسمىي دەرس ئۆتۈلەتتى. خەنزۇ ئەمەلدارلار بالىلىرىنى يامۇلدىكى خۇسۇسىي مەكتەپكە بېرەتتى. شەھەردىكى كەسىپدار خەنزۇلار بولسا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە بىۋاســـتە قارايدىغان مەكتەپلەرگە بېرەتتى.

دېمەك، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىر سىنىپتا بىر ياكى ئىككىسى بولاتتى. بۇ مەكتەپلەرگە قىزلار قوبۇل قىلىــــنمايتتـــى. ئوقۇغۇچىلارغا كېرەكلىك دەرسلىك كىتاب، ماۋبى قەلەم، سىياھ، قەغەز . . . قاتارلىقلار مەكتەپ تەرىپىدىن تارقىتىپ بېرىلەتتى. تۆت يىل داۋامىدا ئوقۇلىــدىغان دەرسلەر: «گوۋېن» (دۆلەت يېزىقى)، «شيو شىڭ» (ئەخلاق، ھېساب، رەسىم)، «چەنۆېن» (چەنتۇ يېزىقى دەرسلىكى ۋە شېئىر، گىمناستىكىدىن ئىبارەت ئىدى). بۇ دەرسلىك كىتابلار بىرىنچى قىسمىدىن ئىككىنچى قىسمىغىچە بولۇپ، ھەر مەۋسۇمدە بىر كىتابنى ئوقۇپ تۆت يىلدا تامام بولاتتى. ھەر كۈنى ئالتە سائەت دەرس مەشغۇلاتى بار ئىدى. دوسكا يېنىغا ئالىقانغا ئۇرىدىغان «شاپالتاق تاياق» ئېسىقلىق ئىدى. ئەگەر ئوقۇغۇچىلار دەرسنى بىلەلمىسە ياكى تەرتىپ - ئىنتىزامنى بۇزسا، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنىڭ ئالىقىنىغا «شاپالتاق

ۋاقتىدا تۆلىيەلمەي قالغاندا، «جەزىخور» ئۇنى سوت ئورنى
سۆرەپ ئەكىرەتتى. سوتچى ئۇنى ياتقۇزۇپ، يوتىسىغا شاپالت
تاياق بىلەن بىر - ئىككى يۈزنى ئۇردۇرۇپ بولۇپ، ئاندىن سور
قىلىپ پۇلنى تۆلەشكە مەجبۇرلايتتى. تۆلەشكە قۇدرىتى يەتمە
ئۇنىڭ مال - مۈلۈك، ئۆي - جاي، يەر - زېمىنلىرىنى ساتتۇر ۋ
تۆلەتتى. شۇنىڭ بىلەن قەرز ئالغۇچى ۋەيران بولۇپ، قەر
بەرگۈچى «سۇلتان» بولۇپ كېتەتتى.

* *

كىرىيىدە ئىلگىرى تۇنجى خەنزۇچە مەكتەپ 1933 - يىلىنى
ئاخىرىدا قۇرۇلۇپ «شوتاڭ» دېيىلەتتى. ئوقۇتقۇچىلار ئاساسە
ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنەتتى. ناھىيىنى
«ئاچىلى» نازارەتچىلىك قىلاتتى. مائاش ۋە مەكتەپ راسخوتى
ناھىيىنىڭ مالىيىسىدىن بېرىلەتتى. ئوقۇش مۇددىتى تۆت يىل
بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى
ئورنىغا يېڭى بالا قوبۇل قىلىناتتى. بالىلارنى يۇرتلارغا سېلى
سېلىپ يىغىۋالاتتى. ئۇ چاغلاردا كىشىلەر ئۆز بالىلىرىنى خەنزۇچ
مەكتەپكە بېرىشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن كەمبەغەللەرنى
بالىلىرىنى سېتىۋېلىپ ئۆز بالىلىرىنىڭ ئورنىغا سەپلەيتتى
سېتىۋالىدىغان بالىلارنىڭ باھاسى 40 - 50 سەر كۈمۈش ئىدى
بۇ خىلدىكى بالا سېتىۋېلىش ئىشى باشلانغاندا يېزا بەگلىرى نۇرغۇ
قاقتى - سوقتى قىلىۋالاتتى. بەگلەر بالىلارنى ئېلىپ كەلگەن
ئوقۇتقۇچىلار كۆرۈپ: «ماۋۇ تاز ئىكەن، ماۋۇ پوقاق ياكى س
ئىكەن؛ بېشى چوڭ ياكى كىچىك ئىكەن...» دېگەندەك ھەرخ

«لىشان» نىڭ خىزمىتىدە بولاتتى. «ھاپىز» بولسا: جەھرى - سۆھبەت بولغاندا، ھۆكمەت ئوقۇپ، جەھرىنى قىزىتاتتى ۋە مۇرىتلارغا ئىلھام بېرەتتى. . . ئازنە (جۈمە) كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن «جەھرى - سۆھبەت» تە ھاپىزلارنىڭ ئوقۇغان ھۆكمەتلىرىگە ماسلىشىپ، مۇرىت ۋە سوپىلار «ھو. . . ھو. . . » دەپ ساما قىلىپ، خانىقا ئىچىدە ئايلىنىپ دەۋر قىلاتتى.

جەھرىن «دەۋۋارەئى كولبەم ئىچىدە ئۇرگىلۇر باشىم مېنىڭ،

يار ۋەسلىگە يېتەلمەي تۆكۈلەر ياشىم مېنىڭ. »

دەپ باشلانغان «ھوۋەيدا» نىڭ بۇ «مەتلىئىسى» ۋە «نەۋبەتى» نىڭ «غەزەللىرى» بىلەن ئەۋجىگە چىقىراتتى.

«جەھرى - سۆھبەت» ئاياغلىشىپ جۈمە، پېشىن نامازلىرى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئىشاننىڭ «ئايۋانى» دا داستىخان سېلىنىپ، خەلقلەر تەرىپىدىن نەزىر - چىراغ قىلىنغان قوي ۋە ئاشلىقلار تەرىپىدىن ئېتىلگەن «شىلان» (گۆرۈچ، بۇغداي، گۆش بىلەن پىشۇرۇلغان كوچا ئاش) ياكى ئوماچ كەلتۈرۈلەتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا بەزى كەنتلەردىمۇ خەلىپەلەرنىڭ رىياسەتچىلىكىدە جۈمە كۈنلىرى شۇنداق جەھرى - سۆھبەت ئۆتكۈزۈلەتتى. «جەھرى - سۆھبەت» نىڭ غول - تۈگۈنى «قەۋمى شەھىدان» دېگەن «نەۋبەتى قەبرىستانلىقى» نىڭ خانىقالىرى ئىدى.

* *

كېرىيىدە ئىلگىرى ئەڭ چوڭ ئاتالغان مەشھۇر مازارلاردىن

تاياق» بىلەن ئۇراتتى. يىللىق ئىمتىھان ۋە ئوقۇش پۈتتۈرۈ
ئىمتىھانىنى «ئامبال» ئۆزى ئالاتتى. ئۇيغۇرچە دەرس دەر
پروگراممىسىدا بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ ئورنىــــغا دىن دەر
ئۆتۈلەتتى. بىر ھەپتىدە بىر سائەت ئىدى. دەرسنى ئاخۇنۇم
ئۆتەتتى. تۆت يىلغىچە بېرىدىغان دىنىي دەرس پەقەت ئۆشش
سۈرىدىن ئىبارەت ئىدى. ئىمتىھاندىن ياخشى ئۆتكەن ئوقۇغۇچىل
بىرقەدەر يۇقىرى ئوقۇش ئورۇنلىرىغا ئەۋەتىلىپ، ئىككى يە
ئوقۇپ، ئوقۇش تۈگىگەندىن كېيىن، بەزىلىرى «ئامبال يامۇلى
دا بۆلۈم ئەزاسى، «تۇڭچى» (تەرجىمان) بولۇپ قالاتتى. گ
ساندىكىلىرى ئۈرۈمچىدىكى «جاڭخۇۋتاڭ» مەكتىپىگە ئەۋەتىلەتتى

* *

كېرىيىدە ئىلگىرى «تەرىقەت» يولىنى تۇتقانلاردىن ئابدۇغېن
ئاخۇنۇم ئىشان، ھامۇقخان ئىشان. . . قاتارلىــــقلار بولۇپ
بۇلارنىڭ ئۆز (شەخسىي) خانىقالىرى بار ئىــدى. ھەر ئاز
(جۈمە) كۈنى ئەتىگەندىن جۈمە ۋاقتىغىچە «جەھرى - سۆھبەت
ئۆتكۈزۈلەتتى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ (ئوتتۇرا ھېساب بىلەن
بىرە مىڭغا يېقىن ئادەم سىغىدىغان بۇ خانىقالارغا «جەھرى
سۆھبەت» ئۈچۈن 800 ـ700 كىچە مۇرىتلار كېلەتتى. بۇلا
«ئىشانغا قول بەرگەن مۇرىتلار» دەپ ئاتىلاتتى. ئادەتتىك
مۇرىتلاردىن باشقا، «خەلىــــپە»، «سوپــــى»، «ھاپىــز
دېيىدىغانلارمۇ بار ئىدى. «خەلىپە» دېگىنىمىز ـ «ئىشان»نى
ئورۇنباسارى سۈپىتىدە تەرىقەت يولىغا دائىر ئىشلارنى ئىشلەيتتى
«سوپى» بولسا ھەمىشە خانىدا تۇرۇپ ئىبادەت قىلىش بىلـ

بۇ ھەقتە بىر پاكىت شۇكى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە «تۆت كونىنى يوقىتىش» شۇئارىنى كۆتۈرۈۋالغان بىر قىسىم زوراۋانلار «قەۋمى شەھىدان»نى نابۇت قىلىشقا ئاتلانغاندا «قەۋمى شەھىدان» ئەلىدىن «توختىشاخۇن» دېگەن پىداكار، زوراۋانلارغا يەكلە تۇرۇپ مەيدانغا چىققانلىقى ئۈچۈن ئاتالمىش «ئەكسىل ئىنقىلابچى ئۇنسۇر» دەپ قاماققا ئېلىنىپ تۈرمىدىن ئۆلۈكى چىققان ۋە «يولداش غوجا» دېگەن پىداكارنىڭ بېشىنى چېپىپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. سۆزلەپ كەلسەك بۇنداق مىساللار بەك كۆپ.

*

كىرىيىدە ئېلگىرى سودىگەر ئومۇمەن قىلغاندا چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنەتتى. چوڭ سودىگەرلەرنىڭ بىر قىسمى كۆمۈش تەڭگە، يامبۇ قاتارلىق ماللارنى ئېلىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە قاتناپ تاۋار، دۇردۇن، دورا - دەرمان، چاي، چىنە - قاچا. . . قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلەتتى. بىر قىسمى ئەنجانغا قوي يۇڭى، تېرە، ئۆچەي، پاختا. . . قاتارلىق خام ئەشيالارنى ئېلىپ بېرىپ پاختا توقۇلما رەخت، يىپەك ۋە يۇڭ رەخت، كىيىم تىكىش ماشىنىسى، تۆمۈر بۇيۇم. . . قاتارلىقلارغا ئالماشتۇرۇپ كېلەتتى.

يەنە بىر قىسىم سودىگەرلەر مەشۇت يىپ، كىگىز، جايناماز، ماتا ۋە نەشە. . . قاتارلىقلارنى ھىندىستان، كەشمىر، پاكىستانلارغا ئېلىپ بېرىپ، ئەنگلىيە ۋە ھىندىستاندا ئىشلەنگەن ھەرخىل رەختلەر مىلىچ ماللارنى، دورا - دەرمان، ئەپيۇن. . .

«ئاخۇنلۇقۇم مازىرى» ، «نەۋبەتى» دەپىن ئېتىلگەن ھەم ئۇ
ئاتىسى ۋە ئۇنىڭ جەددى ـ جەمەتلىرىگىچە ئورۇن تۇتۇپ يا
«قەۋمى شەھىدان» مازاراتلىقى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «پەلىۋانىم
«مەۋلانىــم» ، «قىمبىــرىللاخان» ، «چوڭ مازار» ، «دۆڭ مازار
«چاراسلاغوجام» ، «سوپى بېگىم ئاھادىســى» ، «توغان تۇرۇك
«توغلۇق تۆمۈرخان» ، «ئوتان بازىرى مادى مازىـرى» .
قاتارلىقلار بار ئىدى.

مازارلارنى تاۋاپ قىلىش ئەينى چاغدا كىرىيىدىكى بىر خى
ئادەت بولۇپ، بەزى كىشىلەر مازارلارغا قەرەللىك بېرىپ دۇ
قىلسا، بەزىلىرىگە ھەمىشە بېرىپ تاۋاپ قىلاتتى. بولۇپمۇ بو
قوزىۋام ئەللامە بۇزۇرۇكۋارىم قەبرىگاھى ۋە بۇنىــڭ ئەۋلادى
«نەۋبەتى» قەبرىستانلىقى بولغان بىر قەۋملەر قەبرىستانلىقى
«قەۋمى شەھىدان» شۇنداق مازار ئىدى. شۇنداقلا، سىرتقى
ئەللەردىن تارتىپ پۈتۈن يۇرت خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكە
نوپۇزلۇق مازارمۇ بىردىنبىر مۇشۇ ئىدى. پۇلى بار كىشىلەر قو
ئۆلتۈرۈپ، نەزىر قىلىپ، پۇلى يوقلىرى چىراغ يېقىپ دۇئا تەلە
قىلىشىپ قايتىشاتتى. مازارلاردىن خەۋەر ئالغۇچىنى كىشىلە
«شەيخ» دەپ ئاتايتتــى. بەزى مازارلاردا دائىــم تۇرىدىغا
قەلەندەرلەرمۇ بار ئىدى. «تاۋاپچىلەر» ئېلىپ كەلگەن نەزىر
چىراغلىرىنى شۇلارغا خەيرى قىلىشاتتى.

يۇقىرىقى مازارلار كىرىيىدە كىشىلەر نەزىرىدە «بىر ئۇلۇ
جاي» ھېسابلىنىپ قەدىرلىنەتتى ۋە بەك قوغداپ ئاسرىلاتتى. شۇ
نابۇت قىلغۇچىلار كۆرۈلسە ئۇنىڭ بىلەن جان تىكىپ ئېلىشاتتى

ئالاھىدىراق توقۇلغان ماتا، توقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئاق ۋە كىيىشلىك بولۇش ئۈچۈن ئۇنى «ئوشتە» (سۇپسۇزۇك ئاق) قىلىناتتى. بۇنداق قىلغۇچى «ئوشتىگەر» دەپ ئاتايتتى. كېرىيەدە بۇنداق «ئوشتىگەر»لەردىن ھازىرقى «ئوتتۇرا تېرەك كەنت پوندىرا مەھەللە»دە ئولتۇرۇشلۇق «مەتنىزاخون ئوشتىگەر» دېگەن كىشى بىردىنبىر ئۇستا ئىدى. ئۇ «ئوشتە» قىلغان ماتا رەختلەر خېرىدارلىق بولۇپ كىشىلەر توپ - توپ ماتالارنى ئۇنىڭدا ئوشتە قىلدۇرۇپ بولۇپ ئاندىن كىيىم تىكتۈرەتتى.

* *

كېرىيەدە ئىلگىرى ھەر يىلى 3 - 2 قېتىم «چاڭچىلە ئويۇنى» قويۇلاتتى. «چاڭچىلە ئويۇنى» قويغۇچىلار «چاڭچىلىكەش» دېيىلەتتى. بۇنداق «چاڭچىلىكەش»لەر يەنە «سېھىرگەر»لىك قىلالاتتى. بۇلار كېرىيىگە ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە ئۈرۈمچىلەردىن كېلىپ «بۇتخانا»لەردە سەھنە تەييارلاپ 10 - 5 كۈن ئويۇن قويۇپ قايتىپ كېتەتتى. «ئامبال»، «دارىن»لار، خەنزۇ سودىگەرلەر، خەنزۇ تىلى بىلىدىغان «بەگ»، «توبېشى»لەر كېلىپ كۆرەتتى. ھەر قېتىم ئويۇن ئوينىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا «ئىنئام»لار بېرىلەتتى. خەلقلەردىن كېلىپ كۆرىدىغانلار دەرۋازا توسىدىغانلارغا پۇل تۆلەپ كىرەتتى. بۇلارنىڭ كۆرسىتىدىغان ئويۇنلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئۈچ دۆلەت دەۋرىدىكى «ليۇبېي»، «جۇ گېلياڭ»، «گۈەنگوڭ»، «جاڭ فى» قاتارلىقلار بىلەن «ساۋ ساۋ»، «سىماي» . . . قاتارلىقلار ئوتتۇرىسىدا بولغان جەڭ ھەم ھىيلە - مىكىر ئىشلار، تاڭ، سۇڭ، يۈەن، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى

قاتارلىقلارغا ئالماشتۇرۇپ كېلەتتى. بەزىلىرىنىڭ ئامبارلىرى ۋە چوڭ - كىچىك ماگىزىنلىرى بولۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك سودىگەرلەرگە ئۆزلىرى خالىغانچە باھا قويۇپ سېتىپ بېرەتتى. ئۆز دۇكانلىرىدا خېرىدارلارغا پارچە سېتىپ بېرەتتى. ئوتتۇراھال سودىگەرلەر بولسا مەخسۇس دۇكان ئېچىپ تۇراقلىق ھالدا گەزلىمە رەخت ياكى چەرچىن مال ياكى دورا - دەرمانلار بىلەن تىجارەت قىلاتتى. نەشىگە ئالماشتۇرۇپ ئەكەلگەن ئەپيۇنلارنى خەنزۇ تىجارەتچىلەرگە سېتىپ بېرەتتى. ئەمەلىيەتتە «ئەپيۇنكەشلىك» قىلىدىغانلارمۇ تولىراق شۇلار ئىدى. سودىگەرلەرنىڭ مال باھاسىنى بېكىتىپ بېرىدىغان ۋە تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان ئورگانلار بولمىغانلىقتىن ئۇلار ماللىرىغا خالىغانچە باھا قويۇپ ساتاتتى. شۇ خىل يوللار ئارقىلىق چوڭ سودىگەرلەر كىچىك سودىگەرلەرنى، كىچىك سودىگەرلەر بولسا خەلقلەرنى ئۆزىگە رام قىلاتتى. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەرلىكتە ئىشلەنگەن ماتا، ئەتلەس - شايى، بەقەسەم، چەكمەن، غەزنە، زىلچا، (گىلەم) كەتمەن - كەكە، پالتا، ئورغاق... قاتارلىقلارنى ئېلىپ ساتىدىغان سودىگەرلەر بولۇپ، ئۇلارمۇ مەخسۇس دۇكانلاردا ساتاتتى. زاۋۇتتا ئىشلەنگەن رەختلەرنىڭ ماللارنىڭ نەرخى ئۈستۈن بولغانلىقتىن ئۇنى بايلار، ئەمەلدارلار ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرى، ئوغۇللىرى ئېلىپ ئىشلىتەتتى. زور كۆپچىلىك كىرىيە خەلقى ماتا - چەكمەندە كىيىم كىيىپ ئادەتلەنگەن. كىيىم كىيىدىغان ماتا - چەكمەنلەر نىسبەتەن ياخشى ۋە سېپتىراق قىلىپ توقۇلاتتى. ئۇنىڭ يىپلىرى ئىنچىكە، تەكشى بولاتتى. كىيىم كىيىش ئۈچۈن بىر قەدەر بۇنداق

، «نەيچى»، «دۇتارچى»، «راۋابچى»لاردىن ئىبارەت ئىدى.

مېهمان چاقىرىلغاندا، ساھىبخان بولغۇچى سازەندىلەرنى تەكلىپ قىلىپ، «مەشرەپ» بېرەتتى. ئالدى بىلەن سازلار «ناخۇللىنىپ» بىرەر پەدە مۇقام چېلىنغاندىن كېيىن ساز ۋە غەزەللەرنى ئۇسسۇلغا ماس كەلتۈرۈپ چالاتتى. بېشىغا «كەمچەت» تۇماقنى قىڭغىر كىيگەن، قۇلىقىغا ئالتۇن ياكى كۈمۈش زىرە سالغان، ئەڭنىگە (ئۇستىگە) جىلىتكا ياكى پەشمەت كىيگەن چىرايلىق كىرىيە ئاياللىرى چېلىنغان سازلارغا ماسلىشىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى. سورۇندا ئولتۇرغانلار (تاماشىبىنلار) ئۆزلىرىنىڭ ھالىغا قاراپ بىر سەر، يېرىم سەر تەڭگە ياكى بىرقانچە يارماق (داچەن) ياكى قەغەز پۇللارنى ئۇسسۇل ئوينىغۇچى ئاشۇ ئاياللارنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ، سازچىلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويۇلغان «پەتنۇس» ئۇستىگە تاشلىشاتتى. ياز كۈنلىرى بولسا، شەخسلەرنىڭ باغلىرىدا «مەشرەپ» بولاتتى. مەشرەپتە چېلىنغان ساز ۋە ئوينالغان ئۇسسۇللاردىن ھوزۇرلىنىپ بەزىلەر «مۇسەللەس» ئىچىپ قوياتتى. چۈنكى كىرىيەدە ئۇ چاغلاردا «ھاراق» بولىسمۇ، لېكىن كىرىيە خەلقى ھاراقتىن بەك ھەزەر ئەيلىگەچكە ئىچمەيتتى. سازەندىلەر ئارىلاپ دەم ئالغاندا «شاھنامە» قاتارلىق ئەسەرلەردىن «ئېپوس»لار سۆزلىنەتتى. «جەمشىت»، «نۇشىرىۋان ئادىل»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، «ئىمىر ئاۋامۇسەللىم»، «ئەھمىدى زەمچى»، «غېرىب - سەنەم»، «تاھىر - زۆھرا»، «ھۆرلۇقا ھەمراجان» قاتارلىق رومان، قىسسە، داستانلار ئېيتىلاتتى. بەزىلەر يەڭگىل ھالدا دۇتار ۋە

جەڭچىلەر ۋە پادىشاھ، ۋەزىر، ئەمەلدارلار ئارىسىدىكى ھەرخىل ئەھۋاللاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەرلىك خەنزۇلار ئارىسىدىكى ھەۋەسكار ئارتىس ۋە چالغۇچىلاردىن تەركىب تاپقان ئويۇنچىلار بولۇپ كۆپرەك «نىياڭ - نىياڭ مىياۋ» (بۇ «خان ئانا بۇتخانىسى» دېگەن مەنىدە ئىدى) ھەيكەل بۇتخانىسىدا ئويۇن قوياتتى. بۇنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن، مەنچىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرى، ئىشقى - مۇھەببەت، ئەپسانە، رىۋايەتلەر ۋە خەلق ئارىسىدىكى چاكىنا، ياخشى - يامان ئىشلارنى مەسخىرە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن قوشاق قىلىپ ئېيتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

*                    *

كىرىيىدە ئىلگىرى «مەشرەپ» كىرىيە خەلقىنىڭ بىر خىل مىللىي تۈس ئالغان ئەنئەنىۋى ئويۇنى ئىدى. ئۇ چاغلاردا «مەشرەپ» دىن باشقا «تىياتىر»، «كىنو» غا ئوخشاش ئويۇنلار يوق ئىدى. شۇڭا «مەشرەپ» كىرىيە خەلقىنىڭ بىردىنبىر ئويۇنى بولۇپ ھېسابلىناتتى. «بەگ»، «توببېشى» لار، شەھەر بايلىرى، سودىگەرلەر، تىجارەتچى، قول - ھۈنەرۋەنلەر، توي - تۆكۈن، مېھمان چاقىرىش، نۆۋەتلىشىپ بىر - بىرىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇشۇش، باغ سەيلىسى قىلىش... قاتارلىقلاردا ساز چېلىپ، ئۇسسۇل ئوينالسا، بۇ «مەشرەپ» دەپ ئاتىلاتتى.

شۇ چاغدا جەمئىيەتتە ئۆزلۈكىدىن شەكىللەنگەن بىرقانچە گۇرۇپپا مىللىي سازەندىلەر بولۇپ، «ساتارچى»، «تەمبۇرچى»، «قالۇنچى»، «داپچى»، «ناغرىچى»، «بالىمانچى»، «سۇنايچى»

بولسا قاتار تىزىلغان بىرقانچە «چىلىم»لار تۇراتتى. «چىلىم» لارمۇ بىر خىل بولماستىن، بەزىسى نوگاي قاپاقتىن، بەزىلىرى تۇچ ئارىلاشقان مىستىن ياساپ نەقىشلىنىك ئىدى. بۇنداق «چىلىم» لار بەزىلىرىگە يەنىمۇ سۈپەت كىرگۈزۈپ ئايرىم جايلىرىغا قىزىل ياكى يېشىل ياقۇتتىن كۆز قوياتتى. دېمەك، «مەيدانكەش» لەر ئۆز سورۇنلىرىغا قېتىرقىنىپ ئىشلەيتتى. «بەڭگى» لەردىن بىر نېمە قىلىپ كۆپلەپ جەلپ قىلىشنى كۆزلەيتتى. «مەيدانخانا» نــى باشقۇرۇپ «نەشە» تەييارلاپ بېرىدىغان كىشىنى «بوۋام» دەپ ئاتايتتى. «مەيدانخانا» لاردا بەزىدە 20 ـ 10 چېكەرمەن توپلانسا، بەزىدە 10 ـ 8 ، بەزىدە 7 ـ 6 ، ھەتتا 3 ـ 2 كىمچە چېكەرمەن يىغىلىپ ئولتۇرۇپ چېكىشەتتى. «نەششە»نى كۆپىنچە يالغۇز چەكمەيتتى. يالغۇز چەكسە«سورۇنلۇقــى يوق بەڭگــى» دەپ مەسخىرىگە قالاتتى. «بوۋام» بولسا ھەدەپ «سەيخانە» گە «نەشە» ، «كۆك تاماكا» (تەگۋاز) ۋە ئۇششاقلانغان كۆمۈرنى قاچىلاپ تەييارلاپ بېرىپ، ئوت يېقىپ دەسلەپ قىلىپ ئۆزى بىر سۈمۈرۈپ چوغلاندۇرۇپ زاكاز قىلغۇچىلارغا سۇناتتى. «بەڭگىلەر» بىر ـ بىرلەپ قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈپ تۇتۇشۇپ چېكىشەتتى. بەزىلىرى بىر ـ بىرى بىلەن سۆيۈشكۈدەك بولۇشۇپ مۈگدىشىشقا چۈشۈپمۇ كېتەتتى. تازا لەرزان تەڭشەلگەندىن كېيىن كىمدۇر بىرســى يۆلەكلىك تۇرغان تەمبۇر ياكى ساتارنى قولىغا ئېلىپ، بېشىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ ئولتۇرۇپ:

يەك نەپەس ھۇزۇرىدىن،

دۆۋلىتى سولايمانى،

راۋاب بىلەنمۇ «مەشرەپ» ئۇيۇشتۇراتتى. مىللىي ئاشخانىلاردا، چايخانىلاردا، شورپىخانىلاردا بىر قولدىن سازەندىلەر بولۇپ، كۆڭ بويى مۇقام، «غېرىب ـ سەنەم» ئارىيەلىرى، غەزەللىرى، خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرىنى سازغا بىرلەشتۈرۈپ، كۆپلەپ خېرىدارلارنى جەلپ قىلاتتى. كىشىنى ھۇزۇر ـ ھالاۋەت بىلەن دەم ئالدۇراتتى. «مەشرەپ» نەغمىلىرىدىن سۆيۈنگەنلەر ئۆزى ئىختىيارىي قىلغان ھالدا ئۇلارغا ئاتاپ پۇل تاشلىشاتتى.

* *

كىرىيىدە ئىلگىرى (مەيلى ئۇ قايسى تەركىبتىن بولۇشتىن قەتئىينەزەر) «بەڭ» (نەشە) چېكەتتى. بۇنداقلار ئازلا بىر ئوچۇم كىشىلەردىن ئىبارەت ئىدى.

«بەڭ» (نەشە) چېكىدىغان ئورۇننى «مەيدانخانا» دەپ ئاتايتتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆيىدە «خۇپىيانە» چەكسە، بەزىلىرى «مەيدانخانا» دا ئاشكارا ھالدا چېكەتتى. چېكەرمەنلەرنى «بەڭگى» دەيتتى. بۇ «مەيدانخانا» لەر «بەڭگى» لەرنى «بەڭ» (نەشە) بىلەن تەمىنلەيدىغان ئورۇنلار بولۇپ قالماستىن، «قىمارۋاز» لارنىڭمۇ «قىمار» ئوينايدىغان سورۇنى ئىدى. كىرىيە شەھەر ئىچىدىلا 4 ـ 3 ئائىلىنىڭ شۇنداق «مەيدانخانا» سى بولۇپ، بۇ يەردىن كېچە ـ كۈندۈز «چېكەرمەنلەر» ئۈزۈلمەيتتى. نەشە پۇرۇقىدا نەشە چەكمەيدىغانلارنىڭمۇ كۆڭلى ئېلىشىپ «ھۆ» تۇتۇپ قالاتتى. «مەيدانخانا» نىڭ تۆردىكى ئوچىقىنىڭ يېنىدا، كالتە پاچاقلىق شىرە، ئۇنىڭ ئۈستىدە «سەيخانا»، كىچىك خالتىلاردا «نەشە»، «خاكى» قىلىنغان تىرەك ياغىچى كۆمۈرى، شىرەنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە

يىغىندا يېقىلىدىغان چىراغ ۋە ئەپيۇن چېكىشكە لازىملىق ھەرخىل ئەسۋاب ـ سايمانلار قويۇلاتتى. بىرسى تەييارلاپ، ئىككىسى نۆۋەتلىشىپ چېكەتتى. ئەپيۇن چېكىدىغانلار «ئەپيۇنكەش» دېيىلەتتى. ئەپيۇن چېكىشكە پۇل كۆپ سەرپ بولىدىغانلىقتىن «ئەپيۇنكەشلەر» ئۆگايلا توگىشىپ كېتەتتى. ئەكسىچە، ئۇنىڭ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغانلار بايلىشىپ كېتەتتى. «ئەپيۇنكەشلىك» كە قارىغاندا «نەشكەشلىك» نىڭ ئاقىۋىتى قەلەندەرچىلىككە، مەينەتچىلىككە ئېلىپ باراتتى. قورقۇنچاق، يۈرەكسىز قىلىپ قوياتتى. ھۇرۇنلۇق كەلتۈرەتتى.

* *

كىرىيىدە ئىلگىرى ئىستىبدات ھاكىمىيەتلەر خەلقنى جاھالەتتە تۇتۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكتىن قىمار ئويناش، ئەپيۇن، نەشە. . . قاتارلىقلارنى چېكىشتەك يامان ئادەت، يامان ئىشلار باش كۆتۈرۈپ داۋاملىشىپ كەلگەنىدى. شۇڭا «قىمارخانا»، «قىمارۋاز» دېگەنلەر مەۋجۇت ئىدى.

قىمار ئاساسەن «مەيدانخانا» لاردا، ئۆستەڭ بويلىرىدا، باغلاردا، كاۋا باراڭلىقلىرىدا، ياقا، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا ۋە شەخسلەرنىڭ ئۆيلىرىدە ئويىنىلاتتى. قىمارنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، تولىراق ئوينىلىدىغىنى «ھوشۇق قىمىرى»، «قەغەز قىمىرى»، «شىشخال»، «ماجاڭپەي». . . لاردىن ئىبارەت ئىدى. قىمارۋازلار ھوشۇقنى «دەتتىكام» دەپ ئاتاتتى. ئامىتى كېلىپ «سىيا»، «سەنجۇ» كېلىپ قالسا، ئۇتقان ھېسابلىنىپ، باشقىلارنىڭ تىككەن پۇللىرىنى يىغىپ ئېلىپ، «چەنتەزى» غا

ۋەلدەمكى غەنىمەتتۇر
ۋەل بەئدو جاھان پانى
دەپ نەزم ئوقۇسا، يەنە كىمدۇر بىرسى:
مەستى - مۇستەغرەت ھالدا،
ياپا يەكى ئاپتەزە.
كۆڭلۈم تاتار چاي - مەزە،
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى،
قات - قىتىمدىن مىلىڭ دەزە.
دەپ ئۆز ھالىنى ئىپادىلەيتتى. بەگلەر چىلىمنى قاتتىق ئىچىپ تارتىپ شورىغاندا، چىلىمدىكى نەشە ئوتى يالقۇنداپ بىر چىزا - بىر چىزا يالقۇن كۆتۈرۈلەتتى.

* *

كىرىيىدە ئىلگىرى ئۆتكەن ھەرقايسى «ئامبال» لارنىڭ ئايرىملىرىدىن تارتىپ، بەزى كىشىلەرگىچە ئەپيۇن چىكىدىغانلار بار ئىدى. ئەپيۇننى قىسمەن خەنزۇ تىجارەتچىلەر جاگوك قىلىپ كىشلەپ ساتاتتى. بۇلار ئىچكى ئۆلكىلەردىن ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەن خام ئەپيۇندىن جاگوك قىلىپ پىششىقلاپ، 10 داچەنلىك، 20 داچەنلىك دەپ پارچىلاپ قەغەزگە ئوراپ خېرىدارلارغا ساتاتتى. چەككۈچىلەرنىڭ بىر قىسمى ئۆيدە چەكسە، بىر قىسمى «ئەپيۇنخانا» لاردا چېكەتتى. «ئەپيۇنخانا» لاردا 5 - 4 كارىۋات قويۇلغان بولۇپ، بىر كارىۋاتتا ئىككىدىن كىشى بىر-بىرىگە ئالدىنى قىلىپ يانپاشلاپ يېتىپ ئەپيۇن چېكىشەتتى. ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىغا «پەتنۇس» قويۇلۇپ، ئۈستىگە قوي

بولاتتى. پىچاق تارتىشىپ قاتىللىق قىلىشاتتى. شۇڭا، قىمار ئويناپدىغان جاينى ياملۇنلىڭ ساقچى - چېرىكلىرى پات - پات كېلىپ، تەكشۈرۈپ تۇراتتى ۋە «چوتا» ئېلىپ تاپاۋەت قىلاتتى.

* *

كىرىيىدە ئىلگىرى «ئەجدىھا»، «شىر»، «ياغاچ ئاياغ»، «كىمە» ئويۇنى دېگەن ئويۇنلارمۇ بار ئىدى. «شىر ئويۇنى» ئاساسەن يېڭى يىل بايرىمى، باھار بايراملىرىدا ئوينىلاتتى. بۇ بايراملار يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا 20 - 15 گىچە كىشىنى تەشكىللەپ تەييارلىق قىلاتتى. بايرام يېتىپ كەلگەن كۈنى ئويۇن قاتناشچىلىرى، «چاڭچىلىكەشلەر» كىيىمى بىلەن كىيىنىپ پەرداز ۋە گىرىم قىلىپ ئويۇن كۆرسىتىشكە ئاتلىناتتى. ئالدىدا چوڭ دۇمباقنى بىرسى يۇدۇپ، بىرسى چېلىپ ماڭاتتى. ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىپ «جاغ» ۋە «ئۇزۇن مىس كاناي» چالاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن توققۇز نەپەر كىشى «ئەجدىھا» كۆتۈرۈپ ماڭاتتى. «ئەجدىھا» نىڭ بېشى ئاساسەن «كەركىدان» نىڭ بېشىغا ئوخشاپ كېتەتتى. مۈڭگۈزلۈك بولۇپ، ھەرخىل رەڭدە بويالغان قەغەزدە ياسالغان ھەيۋەتلىك «پانۇس» دىن ئىبارەت ئىدى. باشتىن - ئايىغىغىچە «توققۇز پانۇس» ھەم ئۇنىڭغا قادالغان «توققۇز ساپ» بار ئىدى. شۇڭا ئۇنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن توققۇز كىشى لازىم بولاتتى. ئاخشىمى «ئەجدىھا» نىڭ بېشىدىكى ئىككى دانە پانۇس بىلەن يېنىدىكى يەتتە پانۇسقا بىردىن شام يېقىلاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، بويىنىغا بىر مېتىر ئېگىزلىكتە «ياغاچ پاچاق» تاڭغان ئەر - ئاياللار كىيىنگەن، يۈزلىرىگە پەرداز قىلغان 10 -

(ئۇستى گۈل بىلەن كەشتىلەنگەن، 6 ـ 5 ئىغىزلىق يېنىغا ئىسسىۋالىدىغان پۇل خالتىسى) سالاتتى. ئەگەر ئۇتتۇرۇپ قويسا، باشقىلارنىڭ «دو» چىققان پۇلىغا پۇل تۆلەيتتى. قەغەز ئويۇنى بولسا تۆت كىشى ئوينايدىغان ئويۇن بولۇپ، «دويزە»، «بەشلەڭ»، «چىڭخو» دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنەتتى. ئۇنىڭدىن قالسا، «شىشخال» (جۈپ ـ تاق) «ماجاڭپەي» ئويۇنلىرى بولۇپ، بۇلارنى خەنزۇلار ئوينايتتى. «قىمار» ئوينالغان ئۆينىڭ ئىگىلىرى «ئۇتقان» لاردىن «چوتا» پۇلى ئالاتتى. نەخ پۇل «دو» چىقىپ ئوينىغاننى «كەنچەندا» ئويناش دەپ ئاتايتتى. نەخ پۇل بولمىغاندا بىرسى «جەزى» قىلاتتى. «جەز قىلغۇچى» نى «جەزىخور» دېيىشەتتى. جەزى قىلغۇچى قىمار ئوينىغان تۆت كىشى ئۈچۈن، يەرگە تۆت كاتەكچە سىزىپ قويۇپ، «ئۇتقان»، «ئۇتتۇرغان» لارغا داچەن پۇل بىلەن بەلگە سالاتتى. ئاخىرىسىدا «قىمار» ئوينىلىپ بولغاندىن كېيىن ھېساب ـ كىتاب قىلىنىپ، «جەزىخور» ئۇتقانلارغا پۇل تۆلەپ، «ئۇتتۇرغان» لاردىن پۇل تۆلىتىپ ئالاتتى. تۆت كىشىنىڭ بىرسى ئۇتسا، ئۈچ كىشى ئۇتتۇرۇپ بارلىق پايدا «جەزى خور» غا بولاتتى. «ئۇتتۇرغان» لار پۇل تۆلىيەلمىسە، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سالدۇرۇۋالاتتى. ئۆي ـ زېمىنلىرىمۇ سېتىلىپ كېتەتتى. ھەتتا خوتۇنلىرىمۇ قولدىن كېتىپ قالىدىغان چاغلارمۇ بولۇپ قالاتتى. «بەڭگى»، «قىمارۋاز»، «ئوغرى» دېگەندەك، بەزىلىرى بارلىق ۋەج ـ ئوقىتىدىن ئايرىلىپ «ئوغرى» بولۇپ كېتەتتى. ناھايىتى ئاز ساندىكى «قىمارۋازلار» قانداقتۇ بايلاپمۇ قالاتتى. قىمار ئويناش جەريانىدا ئۇرۇش ـ جېدەل كۆپ

بىلەن تۈگەيتتى. ھەربىر مەيدان ئويۇن ئىككى سائەت داۋام قىلاتتى. ئالدى بىلەن «ئەجدىھا ئويۇنى»، ئۇنىڭدىن كېيىن، «ياغاچ پاچاق ئويۇنى»، ئاندىن «شىر ئويۇنى»، ئاخىرىسىدا «كېمە ئويۇنى» ئوينايتتى. «ياغاچ پاچاق ئويۇنى» بىلەن كېمە ئويۇنىدا غەزەل - قوشاقلار ئوقۇلاتتى.

* *

كىرىيىدە ئىلگىرى (1933 - 1934 - يىللىرى) قوزغالغان دېھقانلار قوزغىلىڭى، 1931 - 1932 - يىللىرى پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا ئىستىبدات جىڭشۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن غوجا نىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ زۇلۇمغا، ئېزىلىشكە قارشى بىر قېتىملىق زور قوزغىلىش ئىدى. ئۇنىڭ تىغ ئۇچى باشتىن - ئاخىر مۇستەبىت چىرىك ھاكىمىيەتكە ۋە ئۇنىڭ خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلىرىغا، مۇناپىق قولچوماقلىرىغا، ئەسەبىي تۈرمىلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، بۇ «كىرىيە قوزغىلىڭى»غا نەچچە مىڭ كىشى پىدائىيلىق كۆرسىتىپ ئۆزلۈكىدىن قاتناشقان ۋە كىرىيە خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا، ھىمايىسىگە ئىگە بولغانىدى. خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتى، ھۆرلۈك - ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشنى بىردىنبىر مەقسەت، چىقىش قىلغان بۇ «قوزغىلاڭ» شۇنداق شىددەت ياسىغانىدىكى، ئۇنىڭ دولقۇنىنى نەچچە مىڭ قات ئېغىر تاغ قاتلىمىنى بۆسۈپ چىققان «ۋولقان» دېسەك بۇ ئاز كېلەر ئىدى. ئېيتىش كېرەككى، ئۇ شۇنداق بىر دولقۇن ئىدىكى، ئۇ كىرىيىنىلا ئەمەس، پۈتۈن

8 نەپەر كىشى ماڭاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىچىگە ئىككى ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلغان «شىر» ۋە بېشىغا كۆز، قۇلاق، ئېغىز، بۇرۇن سىزىلغان قاپاق كىيىۋالغان «شىر ئويناتقۇچى» ماڭاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىرايلىق بېزەلگەن، ئوتتۇرىسىدا «شىپاڭ» بار، «شىپاڭ» نىڭ ئەتراپىغا ھەرخىل ئۇششاق پانۇسلار ئېسىلغان «كېمە» كېمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شىپاڭدا پىلنىڭ يۇقىرىسى چىقىپ تۇرغان، گىرىم قىلغان نازىنىن بىر قىز ئولتۇراتتى. بىر ئادەم كېمىنى كۆتۈرۈپ ماڭسا، بىر ئاق ساقاللىق بوۋاي كېمىنى ھەيدىگۈچى بولۇپ ھەيدەپ ماڭاتتى. ئەتراپتا بولسا ئىچىگە شام يېقىلغان ھەرخىل رەڭلەر بىلەن گۈل سىزىلغان ئۇزۇن ساپلىق (دەستىلىك) چوڭ پانۇسنى كۆتۈرگەنلەر يولنى يورۇتۇپ ماڭاتتى.
بايرامنىڭ 1 - كۈنى يۇقىرىدىكى تەرتىپ بويىچە رەستىگە چىقىپ، جاڭ، دۇمباق ۋە كانايلىرىنى چېلىپ ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ، ئادەت بويىچە «ئەجدىھا» نىڭ تۇمشۇقىنى سۇغا تەگكۈزەتتى. بۇنى «ئەجدىھا» نى «سۇغىرىش» دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ھەرقايسى بۇتخانىلارغا بېرىپ بىر مەيداندىن ئويۇن ئويناپ، قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن پانۇسلىرىغا شام يېقىپ ھەممىدىن ئاۋۋال «چوڭ يامۇل» غا كېلىپ ئويۇنلىرىنى ئويناپ «ئامبال» نىڭ «ئىنئامى» نى ئالغاندىن كېيىن، كىچىك يامۇل ھەربىي قىسىم ۋە ھەرقايسى ئىدارىلەرگە شۇنداقلا شەھەردىكى خەنزۇ سودىگەر، تىجارەتچىلەرنىڭ ئىشىك ئالدىلىرىغا بېرىپ، ئويۇنلىرىنى كۆرسىتىش بىلەن ئۇلاردىن ئالدى بەش سەر، ئاخىرسى بىر سەرگىچە ئىنئام ئالاتتى. ئۇلارنىڭ ئويۇنى بايرامنىڭ ئاخىرلىششى

نەيزىگە سانچىپ، ئالدىدا كۆتۈرۈپ ماڭاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قولى كېسىلگۈچىنى ئازابلانغىنىغا ۋە نالە ـ زار قىلغىنىغا قارىماي ھەيدەپ مېڭىپ شەھەرنى ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىپ، ئىبرەت قىلاتتى. مۇنداق ئادەملەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ قولى ئالقىنىنىڭ ئۈستىدىن تارتىپ كېسىلىدىغانلىرىمۇ بولاتتى.

مەسىلەن، ئابلا چولاق، لىتىپكام چولاق دېگەنلەرنىڭ قولى شۇنداق قىلىنغانىدى. بۇلار ئوغرىلار ئىدى. ئوغرىلارغا شۇنداق قاخشاتقۇچ جازا بېرىلەتتى. («ئابلا چولاق، لىتىپكام چولاق» دېگەنلەر كىرىيە شەھەر ئىچى «ئوتان بازىرى» مەھەللىسىدە ئولتۇراتتى. بۇ جاي ھازىر ناھىيىلىك قول سانائەت بىرلەشمىسى).

② «كوشوكقا سېلىپ، چەللىگە ئېسىش»تا 12 ياشتىن يۇقىرى قىز ۋە ئاياللارنىڭ رەستىگە چىقىشى قاتتىق مەنئى قىلىناتتى. يۈزىنى يۆگەپ ياكى «چۈمبەل» تارتماي سىرتقا چىقىشقا بولمايتتى. ئەگەر چىقىپ قالىدىغان بولسا، كوشوكقا سېلىپ، چەللىگە ئېسىلغاندىن باشقا «دەررە» بىلەن ئۇرۇلاتتى. ئاتا ـ ئانىسىنىڭكىگە ئازنىلىق (جۈمە كۈنلۈكتە يوقلاش) قىلىش ياكى توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ۋە ھېيت ـ بايرامغا بېرىش توغرا كەلسە، كېچىسى بېرىپ كېلەتتى. «دەررى» ئۇرۇلغاندا ئاياللار قورقۇنچىدا بەزىبىرلىرى سىيىپ تاشلايتتى. ناۋادا، سۇيدۇكى بىرىۋىنىڭ كىيىمىگە تېگىپ قالىدىغان بولسا، كىيىمىنى تولۇقلاپ ئالاتتى.

③ «چوماقلاپ ئۆلتۈرۈش»تە، بىر بۆلەك چوماقچىلار، «چوماقلانغۇچى»نى قورشاپ ھالقىسىمان بولۇپ تۇرغاندا، بىر

ۋىلايەتنىڭ ئىنقىلاب كەلكۈنىگە زور كەلكۈن قوشقانىدى. ئۇ شۇنداق بىر دولقۇن ئىدىكى، پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدىكى لاۋۇلداۋاتقان چوڭ «يانغىن»غا بىر ئۈلۈش «يانغىن» قوشقان قالتىس پارتلاش ئىدى. مەلۇمكى، ئۇنىڭ قۇدرىتىگە شۇ چاغدىكى موخالىيەتچىلىك تەسلىم بولماي تۇرالمىغان، چىداش بېرەلمىگەن. شۇڭىمۇ ئۆزىدە بولمىغان قۇرۇق «قۇدرەت»كە تايىنىپ، نەچچە زامانلاردىن بېرى ئۆزلىرىنى تەڭداشسىز چاغلاپ كېلىشكەن زالىملارنىڭ تەختى - تەختى تالاپەت تاپقان، جېنى ئېلىنىپ جاڭگالغا تاشلانغان. ئۆلۈكى داڭگالغا تاشلانغانىدى.

كېرىيە خەلقىنى ئېزىپ، شىلىپ يەپ كۆرگەن هارام هالاۋىتى ئاخىرى زەهەر - زوققۇمغا، دوزاخ ئازابىغا ئايلانغانىدى. خەلق ئۆزىنى ئوبدان بىر تونۇتقانىدى.

* *

كېرىيىدە ئىلگىرى 1933 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1934 - يىل 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنىگىچە بولغان هاكىمىيەت مەزگىلىدە «دارغا تارتىش»، «چوماقلاپ ئۆلتۈرۈش»، «قول كېسىش»، «كوشاكقا سېلىپ، چەللىگە ئېسىش» جازالىرىنى كۆرگىلى بولاتتى.

① «قولى كېسىلىدىغان ئادەم»نىڭ قولىنى ئالدى بىلەن چەينىكىدىن ئۇششاق قوللىرىغىچە چىڭ ئېشىلگەن شويىنىدا مەهكەم باغلىغاندىن كېيىن بەشمالتاق قولىنى پىچاق بىلەن كېسىپ تاشلايتتى. قان ئاقمىسۇن ئۈچۈن كېسىلگەن قولىنىڭ ئۈچىنى قازاندىكى قىزىتىلغان ياغقا سېلىپ داغلايتتى. كېسىلگەن قولىنى

«ھەۋزى كەۋسەردىن سۇ ئىچسۇن!» دەپلا تاپانچىدىن ئوق قويۇپ بېرەتتى.

* *

1934 - يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىنىڭ كېيىنكى يېرىم مەزگىللىرىدە كېرىيىدە «خوجانىياز ھاجى بىلەن شىڭ شىسەي بىرلىشىپتۇ، خوتەندە دوتەي ئالماشقۇدەك، ماجۇڭيىڭنىڭ 36 - شىسى يېقىن كەلگۈدەك...» دېگەن سۆزلەر ئاڭلىنىشقا باشلانغىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن راست دېگەندەك (ئۇزۇن ئۆتمەي) 36 - شىنىڭ موخالىيەتچى ئەسكەرلىرى يېتىپ كېلىپ، خوتەن رايونىدا ماخۇسەننىڭ 13 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى ئورۇنلىشىپ، خاس كېرىيىدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بىر لويدىن ئىككى لويگىچە ئەسكەر مۇنتىزىم تۇرغانىدى.

36 - شىنىڭ ھەربىر لوي بىر خىل ئات مىنەتتى. ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرى «ئاق ئاتلىق»، «قارا ئاتلىق»، «بوز ئاتلىق»، «تورۇق ئاتلىق» لاردىن ئىبارەت ئىدى. ئەسكەرلىرىنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكى خۇيزۇلار، ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرى خەنزۇ ۋە ئۇيغۇرلاردىن ئىدى. شۇ چاغدىكى بىر لوي ئىككى تۇەن، ئىككى يىڭ، ئالتە ليەن ئىدى. بىر ليەندە ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بولۇپ، 150 ئەسكىرى بار ئىدى. بىر لويدە 1200 دەك ئەسكەر ئىدى.

ھەربىي جەھەتتىن خوتەن رايوندا: 1) ھەربىي لاۋازىمەت باشقارمىسى 2) ھەربىي ئەسلىھە باشقارمىسى 3) ھەربىي قانۇن باشقارمىسى 4) مەھرەملەر باشقارمىسى 5) سىياسىي تەلىم -

يۇشتەك چىلىنىش بىلەن «چوماقچىلار» بۇ ئادەمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرەتتى. ئۆلگەندىن كېيىن ئۆلۈكنى خېلى جىق چوماقلايتتى.

④ «چىپىپ ئۆلتۈرۈش»تە، ئادەملەر سانجاق - سانجاق بولۇپ چۆلغۈشاتتى. چۆلغاشقان بۇ ئادەملەر توپى ئالدىدا «چىپىلغۇچى» يالاڭاياغ، ئىشتانچاق قىلىنىپ، تىز يۆكتۈرتۈپ، ئولتۈرغۇزۇپ قويۇلاتتى. ئۇلار بىر ئالدىغا، بىر ئارقىسىغا قاراپ، گويا بىرەر قۇتقۇزغۇچىدىن ئۈمىد كۈتكەندەك ئولتۇراتتى. بۇ ئۆلۈم مىنۇتلىرى مەزگىلدە خەلقلەردىن بەزىلىرى:

كىمكى ئۆلمەستىن بۇرۇن،
بىلمەس بۇ جاننىڭ قەدرىنى.
كىم ئۇلەر ھالەتكە يەتسە،
شۇ بىلۇر جان قەدرىنى.

دېيىشىپ «تۇۋا» دېيىشەتتى. «ھۆكۈمچى» تەرىپىدىن «چىپىپ ئۆلتۈرۈلسۇن! » دېگەن ئاۋاز چىقىشى بىلەن تەڭ، «گاچ - گۇچ» قىلىپ قىلىچ ئۇرۇلاتتى. بەزىلىرى «قىلىچ سىلىنىش» بىلەنلا جان ئۈزمەستىن، ئوڭدىسىغا يىقىلىپ، پۇت تېپىپ، جان تالاشقىلى تۇرۇشاتتى. بۇنداق چاغدا «تاپانچا» بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرەتتى. گاھىدا، قىلىچ ئۇرۇلغان ھامان دەرھال ئۆلمەي ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ «سۇ . . . سۇ. . .» دەپ ۋارقىراپ كېتەتتى. بىر ياندا ئۇنىڭ يىغلاپ تۇرغان ئاتا - ئانىسى ياكى خوتۇن - قىز، پەرزەنت، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىرەر قاچا سۇ ئۇزۇتاتتى. سۇنى قولىغا ئېلىپ ئاغزىغا ئاپىرىشىغا «تاپانچىلىق كىشى»

ۋاران، ئۆي - ئىمارەت ئىگىلىكلىرىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇشقانىدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بابكا، تۆمۈرچى، سەيپۇڭ. . . قاتارلىق ھۈنەرۋەنلەرنى قىسىم ئىچىگە تۇتۇپ ئەكىرىۋېلىپ، ھەربىي كارخانا قۇرۇپ، بۇلارنى يىپ ئىگىرىش، ماتا توقۇتۇش، بوياش، ھەربىي كىيىم - كېچەك تىكتۈرۈش، قىلىچ سوقتۇرۇش. . . قاتارلىق ئىشلارغا سالغانىدى. «كارخانا» ئەتراپىغا قوراللىق پوس تۇرغۇزۇپ سىرتقا چىققىلى، بالا - چاقىلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى قويمايتتى. بۇلاردا دەم ئېلىش كۈنى يوق ئىدى.

شۇنىمۇ قەيت قىلىش كېرەككى، ماخوسەن موخالىيەتچىلىرىنىڭ بىر لىيەن ئەسكىرى خەلقنى «كېرىيە تاغلىرى»دىن ئالتۇن ۋە قاشتېشى قازدۇراتتى. بۇنىڭ بىلەن نەچچىلىگەن كىشىنى كان بېسىپ، ئۆلۈكى تاغ ئارىلىرىدا قالغان بولۇپ، بۇ توغرىدا ئېغىز ئېچىپ بىر نېمىدېگۈچىلەر قىيناپ، ئېسىپ ئۆلتۈرۈلەتتى. باش كۆتۈرگۈزمەيتتى. كان ئاستىدا بېسىلىپ جېنى چىقماي، تىرىك قالغۇچىلارمۇ قۇتقۇزۇپ قېلىنماي ئاخىرى بىھۇدە شۇ يەردە ئۆلۈپ كېتەتتى.

* *

ماخوسەن موخالىيەتچىلىرىنىڭ كېرىيىدە ئېلىپ بارغان ھەرخىل تولا ئالۋان - سېلىقلىرىنىڭ تۈرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش (مېنىڭچە) مېنىڭ بىھۇدە گەپ ساتقانلىقىم بولماس، بەلكىم ئۇ ھازىرقىلارنى شۇنىڭدىن خەۋەردار قىلىپ ئۆتكەنلىكىم بولار! شۇڭا تۆۋەندىكىلەرگە نەزەر سېلىپ ئۆتۈش ئورۇنسىز ئىش ئەمەس،

تەربىيە باشقارمىسى 6) ھەربىي ئات ـ ئۇلاغ باشقارمىسى 7) ھەربىي دوختۇرلۇق باشقارمىسى 8) مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسى قاتارلىق سەككىز باشقارما بولۇپ، كىرىيىدە بۇلارنىڭ تارماق پونكىتسىيىلىرى تەشكىل تاپقانىدى. شۇنىڭدەك پىيادە ئەسكىرى، توپچىلار قىسمى، مىلتىق قىسمى، ساقچى قىسمى، ئاتلىق قىسمى، قىلىچ، نەيزە قىسمى قاتارلىق ئەسكىرى تورلار بار ئىدى.

دېمەك، ماخوسەن يۇقىرىقىدەك قىسىملار ئارقىلىق كىرىيىدە ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن ھەربىي ئۆزۈمنى چىڭ تۇتسا، يەنە بىر تەرەپتىن يەرلىك ھاكىمىيەتنى چىڭ تۇتقانىدى.

ماخوسەن، ماجۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا مۇۋەققەت شىنجاڭ (دېۋىزىيە كوماندىرى) بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇۋانى جۇڭجاڭ (گېنېرال لېيتېنانت)، لويجاڭلىرى شاۋجىياڭ (گېنېرال مايور) ئىدى.

ماخوسەن قىسىملىرى كۈن بويى مەشىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ھېچقانداق ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشمايتتى. كىرىيە ئۈچۈن بۇلار بىر ئېغىر بالايىئاپەت ئىدى. پۈتۈن يېمەكلىك، كىيىم ـ كېچەك، ئات ـ ئۇلاغلىرىنىڭ يەم ـ خەشەكلىرىنى تەمىنلەشلەرگىچە ھەممە، ھەممىسى پۈتۈنلەي خەلق ئۈستىگە يۈكلەنگەنىدى. ھەر كۈنى ئوتۇن، سامان، پىچاق. . . قاتارلىقلارنى كەنت ـ كەنتلەردىن دېھقانلار ھەقسىز توشۇپ كېلەتتى. ھەرخىل ئالۋان ـ سېلىقلار خەلق بېشىغا چۈشكەنىدى. ئازاب ـ ئوقۇبەت ئاستىدا قالغان دېھقانلار يەر ـ زېمىن، باغ ـ

مەش، توڭزا، ئاياغ، قوشۇق

15) كاساڭ، ئەمبەن، شال - تاختا. . . قاتارلىقلار.

16) كالا، تۆگە (تايلاق) ئات، قوي، (يېيىش ھەم مىنىش ئۈچۈن)

17) توخۇ، ئۆردەك، كەپتەر، باچكا (تامىقى ئۈچۈن)

18) توخۇ، ئۆردەك، كەپتەر قاتارلىقلار تۇخۇمى (يېيىش ئۈچۈن)

19) ئىگەر، يۈگەن، ئىزەڭگۈ، نوختا، پوشتاڭ (ئاتلىرىنى جابدۇندۇرۇشقا)

20) ئاياللارنىڭ چېچى، كىرپە (ئاتلىرىنى سەمرىتىش ئۈچۈن)

21) جىگدە ۋە ئۆرۈك يېلىمى (ئاياغ تىكىش ئۈچۈن)

22) قاشتېشى (نەپىس بۇيۇملار ياساش ئۈچۈن)

23) داۋىخان تېرىسى (چاپانلىرىغا ياقىلىق ئۈچۈن)

24) تۈلكە تېرىسى (چاپانلىرىغا ياقىلىق ئۈچۈن)

25) پاي پۇلى (تەنزە پۇلى)

دېمەك، ماخوسەن مۇخالىيەتچىلىرى يۇقىرىقىدەك ئالۋاڭلار بىلەنلا قانائەتلىنىپ، چەكلىنىپ قالماي، يەنە تېخى ھۈنەرۋەنلەرنى تۇتۇپ، مەجبۇرىي ئىشلىتىش ئارقىلىق ئازابلايتتى. قارشىلىق قىلغانلارنى ئېسىپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرەتتى. بۇنداق زۇلۇملاردىن بىزار بولغان ھۈنەرۋەنلەر «ئۆز ھۈنىرىمىز ئۆزىمىزگە دۈشمەن بولدى» ، «يارەببىنازەلەمنا» يەنى ئۆزىمىز ئۆزىمىزگە قىلدۇق دېيىشىپ ھەسرەت ئەيلەيتتى.

ئەلۋەتتە:

1) غەللە (يەرگە قويۇلغان ئاساسلىق باج)

2) ئۆشرە (مۇسۇلمانچىلىق قائىدىسىدىكى 10 نىڭ بىرىنى بېرىش)

3) دەن ئاشلىق (بىر دەن ئون چارەك)

4) چورىمە ئاشلىق (بوغازغا كېلىدىغان ئاشلىق)

5) ھەر مو يەرگە كەلگەن بۇغداي، قوناق، گۈرۈچ، ئارپا (ئاتلىرىنى سەمىرىتىش ئۈچۈن)

6) كېپەك (ئاتنى بېقىش ئۈچۈن)

7) ئوتۇن، سامان، پىچاق (ئات - ئۇلاغلار ئۈچۈن)

8) ئالتۇن، كۈمۈش، يامبۇ

9) خام، چەكمەن، پاختا يىپ (كىيىم - كېچەكلىرى ئۈچۈن)

10) خۇرۇم، چەم، كونا تېرە (ئاياغلىرى ۋە ئات جابدۇقلىرى ئۈچۈن)

11) تۆمۈر، مىس، چويۈن، قوغۇشۇن، قەلەي، توچ، پولات... (ئاتلىرى ئۈچۈن يۈگەن، تاقا، قىلىچ، كوكەي، مىشەك - بومبا ياساش ئۈچۈن)

12) ئارغامچا (ئادەم باغلاش، يۈك - تاق تېڭىش، ئاتلىرىنى باغلاش ئۈچۈن)

13) تاغار، چوڭ - كىچىك خۇرجۇن (ئەسكەرلىرىگە ئاشلىق توشۇش، ئاتلىرىغا يەم - خەشەك توشۇش ئۈچۈن)

14) چىنە، قاچا، لىگەن، پەتنۇس، چەينەك، چۆمۈچ،

جايلارنى ئۆز ئىشغالىيەتلىرىگە كىرگۈزىۋالىدۇ. شۇ چاغدا، قايسى جايدىندۇ «تۇتقۇن» لۇققا ئېلىپ كەلگەن 17 نەپەر دۆلەتپەرۋەر ئەسكەرنى مەشىق مەيدانىغا ئېلىپ چىقىپ، ماخوسەن تەيىنلىگەن خۇيزۇ «ھاجى شەنجاڭ» دېگەن ئادەم قولىغا قىلىچ ئېلىپ، بۇلارنى تىزلاندۇرۇپ قاتار ئۆلتۈرغۇزۇپ «بىسمىللا، ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بىر - بىرلەپ چېپىپ ئۆلتۈردى.

شۇنىڭ بىلەن (شۇ مەزگىللەردە) ياردەم تەلەپ قىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قوماندان نالىك باشچىلىقىدا، قىرغىزلاردىن پولىك كوماندىرى مەۋلانوف باشچىلىقىدا قوشۇن يېتىپ كېلىپ ئايروپىلان، تانكىلەرنىڭ ياردىمى ئاستىدا 36 - شىسىگە (ماخوسەن مۇخالىيەتچىلىرىگە) ئەجەللىك قاقشاتقۇچ زەربە بېرىشنىڭ مۇقەددىمىسى شىددەتلىك باشلىنىپ كېتىدۇ. كىرىيە مانا شۇ «باشلىنىش» نىڭ كىرىيىگە تېزراق قانات يېيىپ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ «ماخوسەن» گە قارشى قىلىچ بىلەن تەييارلىنىپ تۇرىدۇ.

* *

كىرىيىنىڭ كۈتكىنىدەك (راست دېگەندەك) 1937 - يىل 10 - ئاينىڭ باشلىرىدىن كېيىنكى بىر كۈنى، كىرىيە ھاۋا بوشلۇقىدا قوش قاناتلىق، كۆك رەڭلىك ئۈچ ئايروپىلان غارقىراپ پەيدا بولىدۇ. پەسلەپ شەھەر ئىچىنى بىرقانچە قېتىم دەۋرى قىلىپ ئايلىنىپ ئۇچۇپ، يەنە غارقىراپ ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ ماخوسەن قوشۇنلىرى جايلاشقان «لەڭزى» ئىچىگە دەللەپ بىرقانچە «بومبا» تاشلىۋېتىپ، بىر مۇنچىلىغان تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى چېچىۋېتىپ قايتىپ كېتىدۇ.

مانا مۇشۇنداق ئوقۇبەتلەرگە قالغان ھۆنەر ئىگىلىرى 40 يىلدىن ئاشاتتى. بۇ ھۆنەر ئىگىلىرىنى مەجبۇرىي ئىشلىتىشنىڭ سىرتىدا، يەنە يىلمۇيىل، ھەريىل ئۇسۇللار بىلەن ئادەم تۇتۇپ، ئەمەلدارلارنىڭ شەخسىي ئىشلىرىغىچە سېلىپ ھايۋان قاتارىدا خورلايتتى. يۇقىرىقىدەك ئالۋاڭ - سېلىقنىڭ كۆپلۈكىدىن ياشلار ئەسكەرلىككە تۇتۇلسا، قېرىلار ئوتۇن، سامان. . . توشۇش بىلەن ئۆتەتتى. شۇڭا ماخوسەن مۇخالىپەتچىلىرى ھۆكۈم سۈرگەن كېرىيىدە يەيدىغان نەرسە يوق كونىچىرىنى نان ئورنىدا يېگەن. زارلانغانلار، ئىستىھزا بىلدۈرگۈچىلەر پاجىئەلىك باستۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەرلىك تۇرمىلەرمۇ «ئۆلگەننىڭ ئۇستىگە تەپمەك» دېگەندەك ھىيلىگەرلىك ئىشلىتىپ، خەلقنىڭ سېلىقىنى بىھۇدە تۆپلەپ كۆپەيتىپ، قاتمۇ قات قىيىنىغان. مىسالى، خېلىل ھاجى ئاغىقا بېرىپ «سىلەر ماڭا 500 سەر ئالتۇن بەرسەڭلار، مەن سىلەرنى ماخوسەننىڭ ئېغىر قىيىن - قىستاق زۇلۇمىدىن قۇتقۇزۇپ قويىمەن. . . » دەپ مۇھەممەت مۇسا دېگەندىن 500 سەر ئالتۇننى ئالداپ ئېلىۋالغان بولسىمۇ، بۇنى ماخوسەن ئاڭلاپ غەزەپلىنىپ، «تاغ خەلقى»گە دەھشەتلىك ھالدا تېخىمۇ قاتتىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن.

* *

غوجا نىياز ھاجىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەربىي قىسىم قوماندانى مەھمۇت سىلىڭ ھىندىستانغا كەتكەندىن كېيىن، ئابدۇنىياز سىچاڭ 36 - شى بىلەن بىرلىشىپ، شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا بىر قىسىم

مۇخالىپەتچىلىرى بولسا، بۇلاپ - تالاپ، قاقتى - سوقتى قىلىپ قولىغا كەلتۈرگەن ئالتۇن - كۈمۈش، يىپەك. . . قاتارلىق پۇللۇق ھەم يەڭگىل نەرسىلەرنى تېڭىقلارغا قاچىلىشىپ نىيە، چەرچەن تەرەپ بىلەن قېچىشقا باشلايدۇ. بۇ قېچىش شىڭ شىسەي قوشۇنلىرى كېرىيىگە يېتىپ كەلگۈچە بولغان تۆت - بەش كۈنگىچە داۋام قىلىدۇ. مۇشۇ تۆت - بەش كۈن ئىچىدە ماخوسەن مۇخالىپەتچىلىرى ئەڭ ئۈچىغا چىققان ۋەھشىيلىكلەرنى قىلىشىۋېلىپ، كۆپتىن - كۆپ پۇل مال بۇلىۋالىدۇ. بۇلانغانلارنىڭ پۇل - مالى بۇلىنىپ تۈگىگەندىن كېيىن ئېسىپ ئېتىپ تاشلىۋېتىپ چىقىپ كېتىشىدۇ.

مىسالى، ماخوسەن چېرىكلىرى شۇ ئەجىلى يېقىنلاشقان ئاخىرقى كۈنلەرنىڭ بىرىدە (كېچىدە) بازار كوچىدىكى زەرگەر ھەم قاشتاشچى ھېيتىنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ، قورال تەڭلەپ، نەخ بار بولغان «ئالتۇن» لىرىنى قىستاپ بۇلاپ ئېلىۋېلىپ، يەنە تېخى قانائەت قىلماي، ئۆي ئىگىسىنى ئېسىپ باغلاپ قويۇپ، «نە - نەدە يەنە ئالتۇن، پۇل، بايلىق بار؟» دەپ قىينايدۇ. ئۆي ئىگىسى «ئەمدى ھېچ نېمە قالمىدى، تۈگىدى» دېيىشى بىلەن شۇ يەردىلا ئېتىۋېتىپ چىقىپ كېتىشىدۇ. . . بۇ خىل زورلۇق، زومبۇلۇق پاجىئەنى ئاڭلىغان باي ۋە ھاللىق كىشىلەر ئۆي - ماكان، مال - مۈلۈكلىرىنى تاشلاپ قولىغا چىققاننى ئېلىپ، جان قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەر تەرەپلەرگە قېچىشقا باشلايدۇ. مانا شۇنداق بۇلاڭچىلىقلار بولىۋاتقاندا، «مەھكىمە شەرئى» دىكى ئاخۇنلار رەستىلەرگە چىقىپ، بەزى يامان غەرەزلىك تېررورچى،

شەھەردىكى خەلق «قاچ - قاچ» بولۇشقا باشلايدۇ. تەشۋىق ۋەرەقىلىرىدىكى سۆزلەر: «ماخوسەن ئەسكەرلىرىنى ئۆيۈڭلەردە يوشۇرۇپ ساقلىماڭلار! ئۇلارغا ئوزۇق - تۈلۈك، نەرسە - كېرەك بىلەن تەمىن ئەتمەڭلار ۋە يول كۆرسىتىپ ياردەملەشكەنلەر قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ! پاش قىلىپ تۇتۇپ بەرگەن ھەم كۆرسىتىپ قويغان، بىزگە ياردەملەشكەنلەر مۇكاپاتلىنىدۇ!» دېگەنلەردىن ئىبارەت بولۇپ:

دوبەن: شىڭ شىسەي،

مۇئاۋىن رەئىس: غوجا نىياز ھاجى دەپ ئىمزا چېكىلىپ، تەشۋىق ۋەرەقىلىرىدە مىخ مەتبەدە بېسىلغانىدى.

تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى قولدىن - قولغا ئېلىپ، تالىشىپ ئوقۇغان كىرىيە خەلقى خۇشال بولۇشۇپ، مۇخالىپەتچىلەرنىڭ كىرىيەدىن پاتراق يوقىلىشىنى تىلەپ، ئالدىدا بولىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى كۆرمەككە مۇنتەزىر بولىدۇ.

ماخوسەن مۇخالىپەتچىلىرى سەكراتقا چۈشۈپ، ئەجىلى كۆزىگە كۆرۈنۈۋاتقان بۇ ئاخىرقى مەزگىللەردە شەھەر ئىچىدە تالان - تاراج كۆپىيىپ كېتىدۇ. پاتپاراقلاشقان ئەسكەرلەر كۈندۈزلىرى يىزىلارغا تارقاپ مۆكۈنۈپ يېتىپ، كېچىلىرى شەھەرگە بېسىپ كىرىپ، باي بولسۇن، نامرات بولسۇن ئۆيمۇ ئۆي بۇلاڭچىلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆي، مال - مۈلۈكىرى بۇلىنىپ كەتكەن خەلقلەر ۋە ماخوسەننىڭ «ھۈنەر كارخانا»لىرىغا مەجبۇرىي تۇتۇلۇپ، ھۈنەر قىلىۋاتقان ھۈنەرۋەنلەر قولىغا چىققان نەرسىنى ئېلىپ ئۆز ماكانلىرىغا كېتىۋېلىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. ماخوسەن

چېرىكلىرىنىڭ ئۆلۈكى چۆللەردە كۆمگۈچىسى يوق قالدى. نەچچىلىرى ئۆزىنى - ئۆزى چۆللەردە قۇمغا كۆمۈپ ئۆلدى. بەزىلىرىنىڭ خوتۇنلىرى يەرلىكلەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ «پاناھلىق» تىلەپ ئاخىرى خوتۇنلۇققا ئۆتۈپ بالا - ۋاقا تېرىپ يەرلىككە ئۆزگىرىپ كەتكەنلەرمۇ بولغان. بۇنداقلارنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈلسە، ھازىر كېرىيەدە تېپىلىدۇ. ئەر قاچقۇنلاردىن كېرىيە ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا قالغانلارنى، شىڭ شىسەي قوشۇنلىرى كېرىيىگە كەلگەندىن كېيىن يىل ئاخىرىغىچە تازىلاپ بولىدۇ.

* *

«شىڭ شىسەي يېڭى ھۆكۈمىتى كېلىدىكەن» دېگەن خەۋەرلەر ئۇقتۇرۇش بولۇپ، كېرىيە خەلقى «مەھكىمە شەرئى» ئاخۇنلىرىنىڭ باشچىلىقىدا ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. ئالدىدا تانكا، كوڭكا (ماشىنا)، ئاندىن كېيىن ئۇلىشىپ قوشۇنلار كېلىدۇ. بۇ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئورۇس ئەسكەرلىرى بولۇپ، ئۇلاردىن كېيىن ئاتلىق قىرغىز ئەسكەرلەر كېلىدۇ. بۇلار دەسلەپ «ئاستون ئۆي» دىكى (ھازىرقى يازدا كەلكۈن كېلىدىغان) دەريا ساھىلىغا (ئەينى زاماندا بۇ جاي «سوجاڭ» دەپمۇ ئاتىلاتتى) چېدىر تىكىپ ئورۇنلىشىدۇ. جەمئىيەت ئاساسى جەھەتتىن تىنچلانغاندىن كېيىن ئاندىن ناھىيىگە چىقىپ ئورۇنلىشىدۇ. باشقا قىسىملار بولسا كېتىدۇ. بۇلار ماخوسەن قوشۇنلىرىدىن ئەسىرگە چۈشكەن ۋە ئۆز - ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ كەڭچىلىك تەلەپ قىلغانلاردىن پەقەت «پەيجاڭ» دىن يۇقىرى ئەمەل تۇتقانلارنى ئېلىپ قېلىپ،

لۈكچەكلەرنىڭ توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ خەلقنى يەنىمۇ جىق تالاپەتكە دۇچار قىلماسلىقنىڭ نەسىھەتلىرىنى سۆزلەپ، مەھەللىلەردە، ئائىلىلەرنى ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ، ئۆز - ئۆزىنى قوغداشقا، ھوشيار تۇرۇشلارغا چاقىرىدۇ. ئەمما، ماخوسەن مۇخالىيەتچىلىرى بولسا، ئالدىغا نىمە ئۇچرىسا شۇنى «غەنىمەت» بىلىپ ئالىدۇ. ھەتتا قېچىش جەريانىدا يولدا ئۇچرىغان، جاڭگاللاردا بېقىلىۋاتقان چارۋىلارنى بۇلاپ، ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ شەرققە قاراپ نىيە، چەرچەن، چارقىلىق يولى بىلەن چىڭخەي تەرەپكە قاچىدۇ.

بۇ ھەقتە يەنە بىر مىسالكى: تۇرسۇن ئاخۇن ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە 15 - 16 ياشلاردا بولۇپ، چەرچەندە بىر باينىڭ قويىنى جاڭگالدا بېقىۋاتقاندا كېرىيىدىن قېچىپ بۇ يەردىن ئۆتكەن ماخوسەن قاچقۇنلىرى ئۇ بېقىۋاتقان 600 نەچچە قوينى، ھېلىقى تۇرسۇن ئاخۇن بىلەن بىرگە قوشۇپ ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ ماڭىدۇ. بۇ قويلارنى «قاچقۇنلار» يول بويى يەپ تۈگىتىپ، قويچىسىنى چىڭخەيگە ئاپىرىپ ئېتىپ تاشلايدۇ.

بۇ كۈنلەردە شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن ئايروپىلانلار ھەر كۈنى كېرىيە ئاسمىنىدا پەيدا بولۇپ، چارلاپ، شەرق تەرەپكە قاراپ ئۇچۇشتىن داۋام قىلىپ، نىيە، چەرچەن يوللىرىدا چۆللەردە كېتىۋاتقان ماخوسەن «قاچقۇن»لىرىغا قاراپ پەسلەپ ئوق ياغدۇرۇپ، كەچ كىرىشى بىلەن قايتىپ كېتىدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە قاچقانلار كۈندۈزى يول يۈرمەي، يوشۇرۇپ يېتىپ كېچىسى قاچىدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ، نەچچىلىگەن ماخوسەن

# كېرىيە ناھىيىسىنىڭ مائارىپ تارىخى

ئابدۇكېرىم قاسىم

## 1. قەدىمكى مەدەنىيەت مائارىپى

كېرىيە خوتەن ۋىلايىتى بويىچە تارىخى بىرقەدەر ئۇزۇن جاي بولۇپ، قەدىمدە بۇ جايدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇزۇن تارىت دۆلىتىدىن كېيىن ئۇدۇن دۆلىتى قۇرۇلغان (ئۇدۇن خەنزۇچە يۈتيەن دەپ ئاتالغان). مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى كىتابلىرىدا بولسۇن، مۇتەپەككۇر ـ ئالىملار، تارىخچىلار، دۆلەت ئەربابلىرى بولسۇن يۈتيەن دېگەن ئىسمنى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ نامىغا سىمۋول قىلىپ ئىشلەتكەن.

قەدىمدە ئۇدۇن دۆلىتى غەربىي يۇرتتىكى مەشھۇر چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ سانالغان. ئۇ ياۋروپا، ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى ئىدى. بۇرۇن قۇرۇلغان ئۇزۇنتات دۆلىتى مەزگىلىدە مانى دىنى، شامان دىنىي مەدەنىيەتلىرى تازا گۈللەنگەنىدى. بۇنىڭ ئالدۇق ئالامەتلىرى ھازىرمۇ خەلقىمىز ئارىسىدا ساقلانماقتا. مىلادىيە 217 ـ يىلى ئۇزۇنتات دۆلىتى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇدۇن دۆلىتى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ خەلقىمىز ئارىسىدا ئالدىنقى دىنلارنىڭ ئورنىنى بۇددا دىنى ئىگىلەپ ئۇزۇن تارىخ جەريانىدا بۇددا مەدەنىيىتى يارىتىلدى.

ئەمگەكچان كېرىيە خەلقى 2 مىڭ يىلدىن ئۇزاق تارىخى

قالغانلارنى كەڭچىلىك قىلىپ قويۇپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر ئەسكەرلەر گ
بىر قۇردىن يېڭى كىيىم بېرىدۇ. ئېلىپ قالغان «پەيجاڭدىن
يۇقىرى» ئەمەل تۇتقانلارنى بولسا ھەركۈنى «غادىراڭ» نىڭ
بويلىرىدا، «بوغرىقۇم» ساھىللىرىدا بېسىقتۇرۇۋېتىدۇ. شۇ چاغدا
مەۋلانوپ تۇەنجاڭنىڭ قوشۇنىدا بەنجاڭ بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەن
ئىگەمبەردى ھازىر قارامايدا دەم ئېلىشقا چىققان ئىشچى بولۇپ،
سۆھبەت بايان قىلىپ بېرىپ: «مەن مەۋلانوپ تۇەنجاڭنىڭ
قوشۇنىدا بەنجاڭ ئىدىم، ماخوسەن ئەمەلدارلىرىنى يوقىتىشتا
ئۇلارنى ماشىنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قوملۇققا ئېلىپ چىقىپ، ئاندىن
كېيىن ھەممىسىنىڭ بويىنىدىن سىم بىلەن بىر - بىرىگە چېتىپ
قوياتتۇق. ئۇلارغا ئوق ئىشلەتمەيلا چېتىلغان سىمنىڭ ئۇچىنى
ماشىنىنىڭ دىنامىنىڭ توكىگە ئۇلايتۇق - دە، شۇنداق قىلىپ،
ھەممىسىنى بىراقلا يۇغۇشتۇرۇپ قوياتتۇق» دەپ ھېكايە قىلىدۇ.
شۇنى قىستۇرۇپ كېتىش لازىمكى، ماخوسەن ھاكىمىيەت سۈرگەن
چاغدا ئۆز ئالدىغا پۇل ياساپ تارقاتقان بولۇپ، بۇ پۇللار خام
قەغەزدە ئىشلەنگەن تويچا قەغىزى، «خاپىيو» (قەشقەر تىزىسى)، «يو
پىيو» (خەسەگە باسقان پۇل يەنى ياغ تىزا) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت
ئىدى. بەزى چاغلاردا كونا داچەنپۇلمۇ خەجلىنەتتى.

يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ پۇللار ۋە ماخوسەن مۇخالىيەتچىلىرىنىڭ
ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بارلىق يىرتقۇچلۇق تالاپەتلىرى 1937 -
يىلىدىن باشلاپ تىنجىپ، كىرىيە خەلقى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن
ماخوسەن ۋە ئۇنىڭ مۇخالىيەتچىلىرىدىن ئىبارەت كاللا
كېسەرلەردىن ئۆزۈل - كېسىل قۇتۇلدى.

تەلىماتلىرىنى بىرلىكتە ئۆگىنىدىكەن. كىچىك ئىبادەتخانىلاردا يېتىپ تەلىم ئالىدىغانلارنىڭ سانى 300 نەپەردىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلار كارۋىشتا يېزىقىدا يېزىلغان «دارماپادا.... ھىسانايا» (كىچىك كۆلەمگە) ئەقىدىلىرىگە ئائىت كىتابلارنى تەپسىر قىلىشىدىكەن.

مافايانا مەزھىپىدىكىلەر «پىراجىنيا»، «پىراھىتيا» دېگەن كىتابلارنى ئوقۇيدىكەن. دەرس ئوقۇغان ۋە كىتابلارنى مۇتالىئە قىلغاندا، راھىب كالاملار ئۆز رېتى بويىچە ئولتۇرۇشىدىكەن. ئەدەپ - ئەخلاقتا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدىكەن.

مىلادىيە 400 - يىللىرى يەنى چىن پادشاھلىقى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھەتتا دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ بۇ جايغا ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئادەملەر كەلگەن. ئۇلار بۇ جايدا ئۇزۇن مەزگىل تۇرۇپ، بۇددا ئەقىدىلىرى بويىچە راھىب كالام دەرىجىسىگە ئېرىشىپ، ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ، بۇددا ئەقىدىلىرىنى يۇرتلىرىدا كېڭەيتكەن. دېمەك، ئۇدۇن دۆلىتىدىن ئىبارەت بۇ بوستانلىق غەرب بىلەن شەرقنىڭ بۇددا مەدەنىيىتىنى ئالماشتۇرۇشنىڭ مۇھىم مەركىزى، شۇنداقلا يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇپ كەلگەن.

**2. مەدرىسە مائارىپى**

10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇدۇن دۆلىتى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ قاراخانىلار تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىندى. بۇ چاغدا بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئىسلام دىنى ئىگىلەشكە باشلىدى. دەسلەپكى چاغلاردا جاھىل بۇددىستلار بىلەن ئىسلام دىنىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن دىنىي كۈرەشلەر بولدى. ھەتتا ئۆزئارا بىر - بىرىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ئىشلىرىمۇ كەينى - كەينىدىن يۈز بېرىپ

يىللاردىن بۇيان بۇ مۇنبەت زېمىندا ياشاپ، ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتى، ئەمگەكچان بىلىكىگە تايىنىپ بۇ زېمىندا بوستانلىق مەدەنىيەت مۆجىزىلىرىنى ياراتتى. دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىغا ئوخشاش يۇرتىمىز كېرىيىدىمۇ مائارىپ ئىنسانلار پائالىيىتى باشلانغان ۋاقىتتىن باشلاپلا بارلىققا كېلىپ ۋە يولغا قويۇلۇپ، راۋاجلىنىپ كوئىنلۇن باغرىدىكى بۇ بىر پارچە زېمىننى ئۆزگەرتىشتە غايەت زور رول ئوينىدى. مەيلى قەدىمكى تاش قوراللار دەۋرى، قۇللۇق جەمئىيەت ياكى ئۇزۇن دەۋر ھۆكۈم سۈرگەن فېئوداللىق جەمئىيەت بولسۇن ھەممىسى مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى.

مائارىپ - ئۆگىتىش، باشقۇرۇش، تەربىيىلەش دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. كېرىيىدىن ئىبارەت بۇ بوستانلىقنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ھەرقايسى جەھەتلەردە، مەسىلەن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول - ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆگىتىش، بىلدۈرۈش ئارقىلىق پەيدا بولغان ۋە راۋاجلانغان. ئۆگىتىش، بىلدۈرۈش، تەربىيىلەشنىڭ ئۆزىمۇ خەلقىمىز ئەقىل - پاراسىتىنىڭ نامايەندىسىدۇر. بولۇپمۇ ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا ئۇدۇن دۆلىتىدە شەكىللەنگەن بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى شۇ دەۋردىكى كونا مائارىپ ئارقىلىق پەيدا بولغان دېسەك مۇبالىغە بولمايدۇ. ۋېي، چىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە بۇددا دىنى تازا گۈللەنگەن بولۇپ، بۇددا ئەقىدىلىرىنى ئۆگىنىدىغان ساكراملار يەنى ئىبادەتخانىلار، چوڭ دەرسخانىلار 14 جايدا بولۇپ، تەلىم ئالغۇچىلارنىڭ سانىنى ساناپ بولغىلى بولمايدىكەن. كىچىك ساكراملار (دەرسخانىلار) ھېسابسىز ئىكەن. راھىبلار، تالىپلار كەڭ ھۇجرىلاردا بىرلىكتە يېتىپ قوپىدىكەن. بىرلىكتە تاماق يەيدىكەن. ماپايانا

مەدرىسە، مەكتەپلەر ئۈچۈن ۋەخپى قىلىنغان يەر - زېمىن، تۈگمەن، سوقا ۋە سارايلار بار ئىدى. مەكتەپلەرنىڭ چىقىمى، ئوقۇتقۇچىلار (ئاخۇنۇم) لارنىڭ تۇرمۇش تەمىناتى شۇ ۋەخپىلەردىن هەل قىلىناتتى.

1500 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كېرىيە سەئىدىيە خانلىقىغا قارىدى. 1642 - يىلى ئابدۇللاخان كېرىيىگە كېلىپ موغۇللارنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇپ، كېرىيىدە بىر مەھەل تۇردى. بۇ چاغدا ئابدۇللاخاننىڭ يارلىقى بىلەن بىرقانچە جايلاردا خانلىق مەدرىسە مەكتەپلەر قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ تەمىناتى بىر زامان مەخسۇس هۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلگەنىدى. ئابدۇللاخان يەنە مەكتەپ، مەدرىسلەرنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن مەخسۇس نۇرغۇن يەر - زېمىن ئاجرىتىپ بېرىپ، كېرىيىدە مەدرىسە مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى شارائىتلارنى يارىتىپ بەردى. خۇسۇسلار ئاچقان دىنىي مەكتەپلەرمۇ كېرىيىنىڭ هەممە كەنتلىرىنى قاپلىدى. شۇ زاماندىكى يۇرتنى ئىدارە قىلغۇچى بەگ، مىڭبېشى، ئىمام، مۇدەررىس (ئوقۇتقۇچى)، كاتىپلارنىڭ هەممىسى مەدرىسە مائارىپىدا ئوقۇپ چىققانلار ئىدى.

1678 - يىلىدىن كېيىن هىدايىتۇللا ئىشان (ئاپاق غوجا) جۇڭغار خانلىقىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، ئۆز هۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن خەلقنى خۇراپاتلىققا، تەركىدۇنيالىققا، جاهالەت ۋە نادانلىققا باشلايدىغان دىنىي تەرىقەت ئېقىمى سوپىزم يولغا قويۇلدى. خوتەندە جۈملىدىن كېرىيىدە، سوپى - ئىشانلارنىڭ خانىقالىرى قۇرۇلۇپ، مۇرىت توپلاش هەرىكەتلىرى ئەۋج ئالدى. باشلىرىغا كولا، ئۈچىلىرىغا جەندە كىيىۋالغان دىۋانىلەر، قەلەندەرلەر كۆپىيىپ شەهەرلەردە، يېزا - قىشلاقلاردا سوپىزم ئەقىدىلىرىنى تەشۋىق

تۇردى. ئىككىنچىدىن، قاراخانىلار ھاكىمىيىتى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن كونا ئۇيغۇر يېزىقىنى قالدۇرۇپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئەرەب يېزىقىنى، ئەرەب تىلىنى قوللىنىشنى يۈرگۈزدى. بۇنداق ئادەت بارا - بارا ئومۇمىي خەلق ئارىسىدىمۇ كېڭىيىپ ئەرەب يېزىقى، ئەرەب تىلىنى بىلىدىغانلار ئەتىۋارلىنىدىغان ۋە ھۆرمەتلىنىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىيات شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئەرەب يېزىقىنى ئۆگىنىش، ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ئۆگىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. كىرىيە خەلقىمۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى ئۇزاق مەزگىللەر داۋامىدا ئۆزلىرىنىڭ پەن - مەدەنىيەتكە بولغان ھېرىسمەنلىكى ۋە ئىنتىلىشچانلىقى بىلەن شەھەرلەردە، يېزا - كەنتلەردە نۇرغۇن مەدرىس خاراكتېرىدىكى مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، خەلقنىڭ ئىلىمگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرغان. نەتىجىدە نۇرغۇنلىغان مەكتەپ، مەدرىسلەر قۇرۇلۇپ ئەرەب يېزىقىدىكى، ئىسلام ئەقىدىلىرى توغرىسىدىكى كىتابلار مەجبۇرىي ئۆگىتىلدى. 14 - ئەسىرلەردە ھازىرقى بارار كوچا، قارلۇق، چۆپچىلە، پوندىرا قاتارلىق كەنتلەردە ناھايىتى كاتتا مەدرىسە، مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، بۇ مەدرىسە، مەكتەپلەردە نۇرغۇن ئاتاقلىق دىنىي ئۆلىمالار دەرس ئۆتكەن. ھەربىر مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 100دىن ئېشىپ كەتكەن.

بۇ چاغدىكى مەدرىسە، مەكتەپلەردە يالغۇز دىنىي دەرسلەر ئۆتۈلۈپلا قالماستىن بەلكى ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمى نۇجۇم، مۇزىكا قاتارلىق دەرسلەرمۇ ئۆتۈلەتتى. نۆبىتى، غېرىبىگە ئوخشاش ئاتاقلىق ئەدىبلەر ۋە نۇرغۇن تېۋىپ، ھۆكۈمالار، مۇزىكانتلار يېتىشىپ چىقىپ ئىلىم - پەن ساھەسىدە ئاجايىپ مول بايلىقلار يارىتىلغان. شۇ مەزگىللەردە كىرىيىدە مەخسۇس

مەدرىستە روزاخۇنۇم مۇنەججىم ئۈزۈن يىل مۇدەررىسلىك قىلغان) گە ئوخشاش نۇرغۇن مەدرىسلەر شۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن.

كىرىيە ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىش جەھەتتە شۇ زامانلاردا سانى قەشقەر (ئىككىنچى قەشقەر) دەپ ئاتالغانىدى. ياقا ـ يۇرتلاردىن كۆپلىگەن بىلىم ئالغۇچىلار كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ ياناتتى. نۇرغۇن يارامىلىق كىشىلەر بۇ مەدرىسلەردە دەرس ئۆتكەچكە مەتقاسىم ئاخۇنۇم (رەھۇرى) دەك داڭلىق شائىر، تېۋىپلار، ئىبراھىمخان ھاجىمدەك خەلقئارا ئىسلام دۇنياسىدا داڭ چىقارغان ئالىملار، ئەمەت ھاجىمدەك ئاتاقلىق تېۋىپ ۋە تارىخشۇناسلار، مەتتوختى ئەلەم، سەيدىئەخمەت ھاجىم، روزاخۇنۇم مۇنەججىم، توختاخۇنۇم داموللامغا ئوخشاش مەدرىسە مائارىپىنىڭ پېشۋا ئۇستازلىرى يېتىشىپ چىققان. بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ تەرىپلەشكە ئەرزىيدىغىنى ئىبراھىمخان ھاجىمدۇر. بۇ كىشى 1910 ـ يىللىرى كىرىيىنىڭ ئاستىن ئۆي كەنتىدە ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ياش ۋاقىتلىرىدا دادىسى مۇھەممەد نىياز ھاجىم ئاچقان خۇسۇسىي مەدرىسىدە يۇقىرى بىلىم ئالغان، دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن تېخىمۇ يۇقىرى بىلىم ئېلىش مەقسىتىدە ھىندىستانغا چىقىپ، دۆلەتلىك ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇپ، ھىندىستاننىڭ يېڭى دېھلى، كەشمىر، بىنگال قاتارلىق دۆلەتلەردە مۇدەررىسلىك قىلغان. 1938 ـ يىللىرى سەئۇدى ئەرەبىستانغا چىقىپ، پادىشاھلىق مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلىپ، پادىشاھنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ، 1990 ـ يىللىرى مەككىدە 100 نەچچە يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

مەتقاسىم ئاخۇنۇم زەھۇرى 1890 ـ يىللاردا كىرىيە بازار ئىچىدە تۇغۇلغان. 1920 ـ يىللارغىچە كىرىيىدە ئېچىلغان مەدرىسلەردە ئوقۇغان. 1930 ـ يىللاردا قەشقەر خانلىق مەدرىسگە

قىلىپ خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن بولغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مۇزىكا، ناخشا ـ ئۇسسۇل، سىركىچىلىك، تىبابەتچىلىك، تەرجىمە، خەتتاتلىق قاتارلىقلارنى قاتتىق مەنئى قىلدى. مەدرىسە، مەكتەپلەرنى تاقاپ پىچەتلىدى ياكى بۇزۇپ چاقتى. مەدرىسلەردە ئوقۇلىدىغان دەرسلىكلەرنى «پەرەڭلەرنىڭ سېھرى»، «جەدىتلىك»، ئوقۇتقۇچىلارنى (ئاخۇنۇملارنى) دەھرى دەپ جار سېلىپ ھاقارەتلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەمدىلا باش كۆتۈرۈپ گۈللىنىشكە باشلىغان مەدرىسە مائارىپى تۇنجۇقتۇرۇۋېتىلدى. ھىدايىتۇللا ئىشان ۋە ئۇنىڭ قول چوماقلىرى خوددى باشقا جايلارغا ئوخشاش خوتەن، جۈملىدىن كېرىيە خەلقىگىمۇ تارىخ مەڭگۈ كەچۈرمەيدىغان بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈردى.

1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدىكى غوجىلار توپىلىڭىنى تىنجىتىپ، مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرى ۋە يەرلىك فېئودال پومېشچىكلار بىرلەشكەن ھۆكۈمرانلىقنى تىكلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن كېرىيىدىن ئىبارەت بۇ گۈزەل بوستانلىقتا مەدرىسە مائارىپى يەنە پەيدا بولدى. 1884 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇپ ۋىلايەت، ناھىيىلەر تەسىس قىلىندى. 1885 ـ يىل 11 ـ ئايدا كېرىيە ناھىيە بولۇپ تەستىقلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن كېرىيىنىڭ مەركىزي شەھەرلەردىن يىزا ـ قىشلاقلىرىغىچە مەدرىسە مائارىپى ئارقا ـ ئارقىدىن ئەسلىگە كەلدى. بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ئىلىم ـ بىلىمگە ئىنتىلىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر شۇ دەۋرنىڭ بايلىرى بىلەن بىرلىشىپ مەكتەپ ئاچتى. مەسىلەن، ھازىرقى ھېيتگاھتىكى دۆڭ مەدرىسە، قاراڭغۇ سايدىكى سەيدى ھاجىم مەدرىسى، ھالدىكى ئاخۇنلۇقۇم مەدرىسى، كۆكياردا توقسۇن موللام مەدرىسى، ئاستىن ئۆيدە مۇھەممەتنىياز ھاجىم مەدرىسى، قارلۇق ئۆستەڭ بېشىدىكى ئاخۇن ھاجىم مەدرىسى (بۇ

ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن مازارلارنى ئۆزى باش بولۇپ، كەتمەن بىلەن ئېچىپ كىشىلەرگە ئۆلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق خەلقنىڭ مازار - ماشايىقلارنى تاۋاپ قىلىشتەك بىھۇدە ئاۋارىچىلىققا خاتىمە بەرگەن. توختاخۇن داموللام خەلققە ئاددىي - ساددا ياشاشنى، ھەرقانچە باي بولسىمۇ ئىسراپچىلىق قىلماسلىقنى تەرغىب قىلغان. دىنىي زاتلارنىڭ دىنىي ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىشنى، بولۇپمۇ ئۆلۈم - يېتىم مۇراسىملاردا، ھېيت - ئايەملەردە، توي - تۆكۈنلەردە ناماز ھەققى ئېلىش، نىكاھ قىلىش ھەققى ئېلىش، سوۋغا - سالام ئېلىش قاتارلىق دىنىي سىپلىقلارنى قەتئىي مەنئى قىلىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغان. ئاجىز، ئورۇق، كەمبەغەللەرگە يار - يۆلەك بولۇشنى ئاللانىڭ ھۆكمى دەپ قاراپ، بايلار كەمبەغەللەرگە ئۆشرە - زاكات بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغان. بىر كۈنى داموللامنىڭ بىر كەپسىز ئوغلى بىر تالىپنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. داموللام بۇ ئىشقا قاتتىق غەزەپلىنىپ، ھېلىقى بالىسىنى ئۆز قولى بىلەن باغلاپ ناھىيە بازىرىغا ئەكىرىپ، قانۇن ئورگانلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ ۋە ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ تۆلەم تۆلەيدۇ.

ئەمەت ھاجىم 1890 - يىللىرى كېرىيىنىڭ ساياتلا كەنتىدە باي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 20 ياشلىرىغىچە كېرىيىدىكى داڭلىق مەدرىسلەردە ئوقۇغان. 21 ياشلىرىدا ھىندىستاندىكى دۆلەتلىك دىنىي دارىلفۇنۇندا ئوقۇغان. كېيىن ھىندىستاننىڭ بومبايدىكى بىر تېبابەت مەكتىپىدە ئىككى يىل ئوقۇپ، ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج قىلغاچ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. 30 - يىللارنىڭ بېشىدا كېرىيىگە قايتىپ كېلىپ، پۈتۈن ئۆمرىنى خەلقنى داۋالاش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇ ئاددى، ئەرزان رېتسىپ ئارقىلىق كېسەللەرگە

بېرىپ ئوقۇغان. ئۇ يەردىن ئۆز يۇرتى كېرىيىگە قايتىپ كېلىپ، شېئىرىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، نادانلىققا نەپرەت بىلەن قاراپ، ئىلىم - مەرىپەتكە ئۈندەيدىغان شېئىرلارنى يازغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھازىرمۇ خەلق ئىچىدە ئېغىزدىن -ئېغىزغا كۆچۈپ ئېيتىلماقتا. تىبابەتچىلىك جەھەتتىمۇ ئىزدىنىپ كېسەللەرگە شىپالىق بېرىدىغان نۇرغۇن ياخشى رېتسېپلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

توختاخۇن داموللام 1890 - يىللارنىڭ بېشىدا كېرىيىنىڭ يېڭىئېرىق كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. ياش چاغلىرىدا كېرىيىدىكى خانلىق مەدرىسلەردە يۇقىرى بىلىم ئالغان. كېيىن قەشقەردىكى ھۆسەينىيە نامىدىكى خانلىق مەدرىستە بىرقانچە يىل بىلىم ئاشۇرغان. باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇخاراغا بېرىپ، بىلىم ئاشۇرۇپ داموللام دېگەن ئىلمىي ئۇنۋان ئالغان. توختاخۇن داموللام 30 يېشىدا ئۆز يۇرتى يېڭىئېرىققا قايتىپ كېلىپ، خۇسۇسىي مەكتەپ ئاچقان. 40 - يىللىرى داموللامنىڭ مەدرىسى ناھايىتى ئاۋاتلىشىپ خوتەن، لوپ، چىرا، نىيە، چەرچەن، چاقىلىق قاتارلىق جايلاردىن 300 دىن ئوشۇق كىشىنىڭ ئايغى ئۈزۈلمەي ئوقۇغان. توختاخۇن داموللام قىلچىمۇ كىرىمى يوق كىشى بولۇپ، مەدرىسنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ياخشىلاشتا تالىپلار بىلەن بىرلىكتە يەر ئېچىپ، ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەمىناتىنى ۋە مەدرىسنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلىغان. بۇ شۇ دەۋردە كېرىيىدىكى ئىسلام دىن ئاخۇنلىرى ئىچىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، «بىر ئاللادىن باشقا ھەرقانداق كىشى مازار ـ ماشايىق، ئىشان، ئەۋلىيا، ئەنبىيالارغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ. ئۇلار كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ» دېگەننى تەرغىب قىلىپ، خەلقنىڭ ئۇزۇن يىل جەريانىدا ئۇلۇغ دەپ

ئوقۇپ چىققانلار بارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت كونا ئەقىدىلەرنى بارلىق ئوي - پىكىرنىڭ مەركىزى قىلىپ كەلگەن.

ئىككىنچىدىن، مەدرىسە مائارىپىنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولغانلىقتىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى خەت ئوقۇشنى بىلىدىغان، لېكىن خەت يازالمايدىغان چالا ساۋاتلار ئىدى. ئوقۇغۇچىلار ياش قۇرامى ياكى سەۋىيىسىگە قاراپ سىنىپلارغا ئايرىلماي ھەممىسى بىر سىنىپتا ئوقۇيتتى. ئوقۇغۇچىلار ئاتا - ئانىسى قاچان ئېلىپ كەلسە، شۇ ۋاقىتتا مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىدىغان بولغاچقا، ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇيدىغان دەرسىمۇ ئوخشاش ئەمەس ئىدى. مەدرىسلەردە پارتا - ئورۇندۇق بولمىغاچقا ئوقۇغۇچىلار يەردە ئولتۇرۇپ ئوقۇيتتى. مۇدەررىسلەرمۇ يەردە ئولتۇرۇپ ساۋاق بېرەتتى. مەدرىستە ئوقۇغۇچىلار ئەرەبچە ئېلىپبە يېزىقىنى ئوقۇغاندىن كېيىن قائىدە، ھەپتىيەكلەرنى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەدرىسلەردە قۇرئان، سوپىئاللايار، نەۋائىي (تۈركىي تىلدا)، خوجا ھاپىز مۇپايىيان (پارس تىلىدا) قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلەتتى. لېكىن ئوقۇغۇچىلار ھېساب دەرستىن خەۋەرسىز ئىدى. بىر قىسىملار داۋاملىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا، ئىقتىسادي ئاساسى يار بەرگەنلەر پاكىستان، مىسىر، ھىندىستان، كەشمىر، سەئۇدى ئەرەبىستان، باغدات قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئوقۇيتتى. يەنە ئاز بىر قىسىملار قەشقەر، خوتەنلەردىكى خانلىق مەدرىسلەرگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرۇپ كېلەتتى.

ئۈچىنچىدىن، مەدرىسىدە ئوقۇغانلار كىتابنى پەقەت قارىيچىلاپ ياد ئېلىشنى بىلەتتى. لېكىن مەزمۇنى، ماھىيىتىنى بىلمەيتتى. ھەتتا ئۆزى ئوقۇغان ئەرەب تىلىنىڭ مەنىسىنى

دورا بۇيرۇپ، كېسەللەرنىڭ بولۇپمۇ كەمبەغەل كېسەللەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولغان. ئۇ خالىس كېسەل كۆرەتتى. بىر ئۆمۈر كېسەل كۆرۈپ داۋالاش جەريانىدا بىرمۇ ئادەمدىن بىر تىيىنغا چاغلىق ھەق ئالمىغان ئالىيجاناب كىشى ئىدى. كىرىيە خەلقى ئارىسىدا «جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرغان ئادەمنى ئەمەت ھاجىم كۆرسە شۇ زامان ساقىيىپ قالىدۇ» دەيدىغان رىۋايەت بار. ئەمەت ھاجىم 1991 ـ يىلى 120 يېشىدا كىرىيىدە ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەت جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، خوتەن ۋىلايەتلىك مىللىي تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ پەخرىي باشلىقى، خوتەن ۋىلايەتلىك مىللىي تېبابەت ئالىي تېخنىكومىنىڭ پەخرىي پروفېسسورى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سەھىيە نازارىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ مىللىي تېبابەت قامۇسى» دېگەن كىتابنى يېزىشقا قاتناشقان. ئەمەت ھاجىم يۇقىرىقىدەك زور شان - شەرەپلەرگە مۇيەسسەر بولغان كىشى بولسىمۇ، كەسپىي ئەخلاقتا قىلچە خىلاپلىق قىلمايتتى. كېسەللەرنىڭ كېسىلىنى ئېنىق تونۇيالىغان بولسا دورا بۇيرۇپ داۋالايتتى. بەزى مۇرەككەپ كېسەللەرنى دوختۇرخانىغا بېرىپ كېسىلىنى ئېنىقلىتىشنى بۇيرۇيتتى. ھازىرقى بەزى ھۆكۈمالارنىڭ قارىسىغا گەپ قىلىپ خەلقنى ئالدايدىغان ئىشلارنى قىلمايتتى.

كىرىيىدە مەدرىسە مائارىپى 1950 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملاشتى. بۇ ئۇزۇن تارىخىي يىللاردا مەدرىسە مائارىپى جەمئىيەتنى مەلۇم ئاقارتىش رولىنى ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن باشتىن ـ ئاياغ نادانلىق، جاھالەتتىن قۇتقۇزالمىدى ۋە قۇتقۇزۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى مەدرىسە مائارىپىنىڭ ئوقۇتۇش نىشانىغا ئىدىئالىزم پەلسەپىسى سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ،

ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شەرق تەرىپىدىكى كونا بۇتخانىدا يەنە بىر شوتاڭ قۇرۇلغان. بۇتخانىنىڭ بەزى شەيخلىرىمۇ مۇشۇ شوتاڭدا دەرس ئۆتكەن. 1930 - يىللىرى بۇرۇنقى قوچاق لەڭگىرى دەپ ئاتالغان بايىنىڭ بېغىدا يەنى قاچۇن ئۇستەڭ بويىدا يەنە بىر شوتاڭ قۇرۇلغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئۇيغۇر، تۇڭگان، خەنزۇ باللىرى بولۇپ 140 نەپەردەك ئوقۇغۇچى ئوقۇغان. بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان باللارغا ئۇزۇن چاپان كىيدۈرىدىكەن. ئۇزۇن چاچ قويدۇرىدىكەن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ چىچى، چاپىنى ئۇزۇن بولغاچقا كىشىلەر بۇ مەكتەپنى «ئۇزۇن شوتاڭ» دەپ ئاتاشقان. بۇ شوتاڭلاردا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جاڭ لوسى، خەن لوسى (بۇلار ئىچكىرىدىن كەلگەن) تۇرسۇنبەگ لوسى، مەتسەيدى بەگ لوسى، تۇردىبەگ لوسى، قۇربان بەگ لوسى، ھەسەنبەگ لوسى، نەنشو سەن لوسى قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئۆتكەن بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى كېرىيىلىك، بەزەنلىرى چىرا، لوپ، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن كەلگەنلەر ئىدى. بۇ مەكتەپلەردە ئاساسەن خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇلۇپ قوشۇمچە ھېساب، كۆڭزى، مىڭزى ئەقىدىلىرى، تەنتەربىيە، شېئىر قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلەتتى. مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش قائىدە - پرىنسىپلىرىنى دەرس پروگراممىسى قىلىپ بېكىتكەنىدى. مەكتەپنىڭ بارلىق تەمىناتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق، كىيىم - كېچەكلىرى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلەتتى. كۆڭ شەنجاڭ دەۋرىدە كېرىيىدە تەنتەربىيە ئىشلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ خېلى راۋاجلانغان. كۆڭ شەنجاڭ ئۆزى ئىچكىرىگە بېرىپ تەنتەربىيە سايمانلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، مەكتەپلەرگە بېكىتىپ بېرىش بىلەن مەكتەپلەر ئارا ۋالىبول توپ مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرغان.

شوتاڭ مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر شۇ دەۋردىكى ھۆكۈمەت

چۈشىنىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى. ئوتتىنچىدىن، مەدرىسە مەكتەپلىرىدە تەبىئىي پەنلەر توغرىسىدىكى دەرسلىكلەرنى ئوقۇشنى قاتتىق مەنئى قىلىپ كەلگەن. بۇ توغرىلىق گەپ قىلغانلار «ئىماندىن ئايرىلغانلار» دەپ قارىلاتتى.

### 3. بىلىم يۇرتى (شوتاڭ مائارىپى)

شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن چىڭ ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىگە خىزمەت قىلىدىغان مۇلكى ئەمەلدارلارنى تەربىيىلەش مەقسىتىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىلىم يۇرتى (شوتاڭ) مەكتەپلىرىنى قۇرۇپ ئۇيغۇر بالىلىرىنى شوتاڭ مەكتەپلىرىگە مەجبۇرىي قوبۇل قىلىپ خەنزۇچە ئوقۇتۇشقا باشلىدى. 1910 ـ يىلى كىرىيىدە ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن 1925 ـ يىللارغىچە كىرىيىدە كەينى ـ كەينىدىن ئالتە ئورۇندا شوتاڭ مەكتەپلىرى قۇرۇلدى. بۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكىسى 1912 ـ يىلى بازار كوچا راۋاقتا ئالتە سىنىپلىق خەنزۇچە ئوقۇتۇش مەكتىپى (شوتاڭ) قۇرۇلدى. بۇنىڭدا 150گە يېقىن ئوقۇغۇچى بار ئىدى. بالىلارنىڭ كۆپ قىسمى بايلارنىڭ بالىلىرى، ئانچە ـ مۇنچە مەجبۇرىي تۇتۇپ كېلىنگەن كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرى ئىدى.

ئىككىنچى قېتىمقىسى ھازىرقى دوختۇرخانا ۋە بالىلار يەسلىسىنىڭ ئورنىدا بولۇپ 1915 ـ يىلى بەش سىنىپلىق شوتاڭ قۇرۇلدى. بۇنىڭدا 100 دەك بالا ئوقۇيتتى.

ئۈچىنچى قېتىم قۇرۇلغىنى ھازىرقى باسما زاۋۇتىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، 80 گە يېقىن بالا ئوقۇغان. 1920 ـ يىلى ھازىرقى پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ ئورنىغا يەنە بىر شوتاڭ قۇرۇلدى. بۇنىڭدا ئۈچ سىنىپ بار ئىدى. 1923 ـ يىللىرى ھازىرقى

### 4. يېڭىچە پەننى مەكتەپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى

1933 - يىلى كېرىيىدە يۈز بەرگەن دېھقانلار قوزغىلىڭى ماخۇسەن قوشۇنلىرىنىڭ باستۇرۇشى بىلەن ئاخىرلىشىپ خوتەن رايونى تۇڭگانلارنىڭ ئىشغالىيىتىگە كىردى. ماخۇسەن تۇڭگانلىرىنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا كېرىيىدە مەدەنىي مائارىپ چەتكە قېقىلدى. 1938 - يىلىنىڭ بېشىدا تۇڭگانلار كېرىيىدىن قاچتى. ئۇزۇن ئۆتمەي شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تىكلەندى. شىڭ شىسەي دەسلەپكى مەزگىلدە خەلقنى ئويغىتىش ھەققىدە بىر قاتار شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇپ، مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى. 1938 - يىلى كېرىيە ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. ئابدۇللا رەئىس بولدى. ئىمىن بەگ پاشا مۇئاۋىن رەئىس بولدى. ئۇيۇشمىدا دائىمىي ھەيئەت، ئىجرائىيە ھەيئەت تەسىس قىلىنىپ، قارىمىقىدا مۇناسىپ ھالدىكى ئىشخانىلار قۇرۇلدى. ھەرقايسى بۆلۈم - ئىشخانىلارنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى ئېنىق بەلگىلىنىپ كېتەرلىك راسخوت، خادىملار سەپلەپ بېرىلدى. ئۇيۇشما قۇرۇلغاندىن كېيىن زامانلاردىن بېرى مەسچىت، مەدرىسە، مازار - ماشايىقلار باشقۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ۋەخپە يەرلەر ئورمان، چارۋا مال قاتارلىقلارنى ئۆز ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالدى. شۇ دەۋردە خوتەن ۋالىيسى ئەڭ چوڭ دىنىي ھۆكۈمدار ئەخمەتتوختى ئەلەم باشقۇرۇپ كەلگەن نىيە ناھىيىسىنىڭ پادىشاھىم مازىرىدىكى نەچچە مىڭ مو زېمىنلىرىنى ئالتە مىڭ تۇياقتىن ئوشۇق چارۋىلىرى بىلەن ۋە لايسۇ يېزىسىدىكى

ئورۇنلىرىدا كاتىپ، بۆلۈم باشلىقى، تەرجىمان، بوغالتىر، باجگىر، يېزىلارغا شائىيۇ، بەگ، گەيجاڭ، غەلە ئالغۇچى، دوغبېگ قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. شوتاڭ مەكتەپلىرىدە ئوقۇغۇچىلارغا «ياخشى ئوقۇساڭلار، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھەرقايسى مۇھىم جايلاردا ئەمەلدار بولۇسىلەر، ئەمەلدار بولساڭلار راھەت - پاراغەتتە ياشايسىلەر، ئىناۋىتىڭلار يۇقىرى بولىدۇ» دەيدىغان چىرىك ھاكىمىيەتنىڭ تەربىيىسى مەكتەپ ئىدىيىۋى تەربىيىسىنىڭ ئاساسى ئىدى. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتە ئازراق مەسىلە چىقىرىپ قويسىلا قاتتىق تەن جازاسىغا ئۇچرايتتى. تەن جازاسىغا چىدىيالماي مەكتەپتىن قاچقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن 30 - 40 سەر كۈمۈش ياكى شۇنىڭغا باراۋەر مال - مۈلۈك تۆلىتىۋالاتتى. شوتاڭنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقى بىلەن كارى بولمايتتى. ئوقۇغۇچىلار ۋاقىت تاپسىلا سىرتلارغا چىقىپ پۇقرالارنى ئۇرىدىغان، مال - مۈلۈكلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدىغان ئىشلارنى دائىم سادىر قىلغاچقا، خەلق بۇ ئوقۇغۇچىلارغا نەپرەت بىلەن قارايتتى. بۇ ئوقۇغۇچىلار ئۈستىدىن قىلىنغان خەلقنىڭ ئەرز - شىكايىتىنى ھۆكۈمەتتىن ھېچكىم تىڭشىمايتتى. 1931 - يىلى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرىدە خوتەن، كېرىيىلەردىمۇ دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن 20 نەچچە يىل داۋاملاشقان بىلىم يۇرتى (شوتاڭ) تاقىلىپ كەتتى. شوتاڭ مائارىپى شۇ دەۋردىكى كېرىيە جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا مەلۇم تۆھپىسىنى قوشتى.

(1) كېرىيىدە يېڭى مائارىپنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ئاساس سالدى. (2) نۇرغۇن خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى يېتىشىپ چىقىپ كېيىنكى پەننىي مەكتەپلەرنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولماسلىقتەك بوشلۇقنى قىسمەن بولسىمۇ تولدۇرغان ئىدى.

شەھەر ئىچىدىن قىز ـ چوكان بولۇپ 80 گە يېقىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. مەكتەپتە تىل، ھېساب، خەنزۇ تىلــى، سىياسەت، جۇغراپىيە، تارىخ، دىن دەرس قاتارلــق دەرسلەر تەسىس قىلىنغان. بۇ كىرىيە تارىخىدا خانىم ـ قىزلارنى تۇنجى قېتىم پەننىي بىلىملەر بىلەن ئوقۇتقان قىزلار مەكتىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەكتەپتە ئوقۇغانلار كېيىن كىرىيىدە قورۇلغان ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ قىزلار سىنىپىغا تەقسىم قىلىنىــپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. بۇ مەكتەپتە ئەڭ دەسلەپ ئوقۇغان ۋە بىر ئۆمۈر ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان خاسىيە جۇمە، تۇرسۇنخان سادىقلار ھازىر ھايات بولۇپ، دەم ئېلىۋاتىدۇ. بۇ قىزلار مەكتىپى كېيىن ئوتان بازىرىغا كۆچكەن. 1940 ـ يىللارغا كەلگەندە، كىرىيە بازىرىدا ئۈچ يەردە باشلانغۇچ مەكتەپ قورۇلۇپ ئوقۇغۇچى سانى 350 نەپەرگە يەتكەن. بۇ چاغدا مەكتەپ بىنالىرى، سىنىپ، ئىشخانىلار بولمىغاچقا بىر قىسىم سارايلار، مەدرىسلەر ۋاقىتلىق مەكتەپ قىلىپ ئىشلىتىلدى. ئۇ چاغدىكى چىرىك ھاكىمىيەتنىڭ مەكتەپ سېلىش ئىقتىدارىمۇ يوق ئىدى. 40 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئەخمەتجان مەخسۇم دېگەن بىر كىشى كىرىيىگە ھاكىم بولۇپ كەلدى (كىشىلەر ئۇنى ئەخمەت شەنجاڭ دەپ ئاتاشقان). بۇ كىشى ئەسلى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئوقۇغان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەربىيىسىنى كۆرگەن يۇقىرى بىلىملىك كىشى ئىدى. ئۇ بىر قېتىملىق بايلار بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىدە ۋەتەن، مىللەتنىڭ ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، «مىللەتنىڭ نادانلىقىـغا چوڭقۇر قايغۇرۇشىمىز، نەزەر دائىرىمىزنى زامانىۋى پەننىي بىلىمــلەر بىلەن قوراللاندۇرۇپ نادانلىق، جاھىللىق كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ مىللەتنى تەرەققىي تاپقان مىللەتلەر قاتارىغا قويۇشقا كۈچ چىقىرىشىمىز لازىم» دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ مەدەنىــي مائارىپقا

10 مىڭ مو ۋەخپى يەرلىرىنى كىرىيە ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۆتكۈزۈپ ئالغان. بۇ يەرلەرنىڭ ئىجارە كىرىمى ئۆشرە - زاكات، قۇربانلىق قىلىنغان چارۋا ماللارنىڭ تېرە - ئۈچەيلىرى، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ ئىئانىلىرى، ئۇيۇشما تەرىپىدىن ئاچقان سودا دۇكان، ئاشخانا، چايخانا كىرىمى، سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئويۇن قويۇشتىن كىرگەن كىرىمى قاتارلىقلارنى توپلاپ ناھىيىنىڭ مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلغان. مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى يەنە ئىجتىمائىي خەيرىخاھلىقنى يولغا قويۇپ دارىلتام ئوقۇغۇچىلىرى، ئىگە - چاقىسىز قالغان قېرىسال كىشىلەر، ئاجىز - مېيىپلار، تىلەمچىلەر ۋە يېتىم - يېسىرلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان.

1939 - يىلى ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ناھىيە بازىرىدىكى قاچۇن ئۆستەڭ بويىدا تۇرسۇن بېگىم ھاجىم سارىيىدا دىنىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئاساس قىلىنغان ئىپتىدائىي باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى. بۇ كىرىيە تارىخىدىكى ئەڭ دەسلەپ قۇرۇلغان يېڭىچە باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، كېيىن بۇرۇن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان كونا شوتاڭ مەكتىپىگە يەنى ھازىرقى 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنىغا يۆتكەلگەن. كېيىن بۇ مەكتەپنى «شەنلى مەكتەپ» دەپ ئاتىغان. 1939 - يىلىنىڭ بېشىدا قەشقەر تەرەپتىن كەلگەن زۆھرە خانىم، ھۆرىيەت خوجايىۋا قاتارلىق ئۈچ نەپەر ئايال كىرىيە كونا شەھەر ھېيتگاھتىكى يۈسۈپ بەگ شامىنىڭ ئۆيىدە (لېكىن ئۇ باي توختاجىنىڭ ئۆيى دەپ ئاتالغان) كىرىيەدىكى خانىم - قىزلارنىڭ بىلىم ئېلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ئىككى سىنىپلىق بىر قىزلار مەكتىپىنى (كېيىن بۇنى چوڭلار مەكتىپى دەپ ئاتاشقان) ئاچقان. بۇنىڭغا

دىنىي خۇراپاتلىق بىلەن پەن ـ مەدەنىيەتنىڭ ئارىسىدىكى كۆرەش بولۇپ، قالاق كۈچلەر، خۇراپاتچىلار مەكتەپ سېلىش ئىشلىرىغا تۈرلۈك يوللار بىلەن قولدىن كەلگىنىچە قارشىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. مەكتەپ سالغۇچىلارنى تىللىدى، ھاقارەتلىدى. لېكىن شۇ چاغدىكى كۆپ ساندىكى يۇرت كاتتىلىرى، مۆتىۋەر زاتلار مەكتەپ سېلىش ئىشلىرىنى قوللىدى، ھېمداشلىق قىلدى، يار ـ يۆلەكتە بولدى. ئەلۋەتتە بۇ مەكتەپ سالغان كىشىلەر ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇلار ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەردۇر. تارىخ ئۇلارنى ئۇنتۇمايدۇ. بايلارنىڭ مەكتەپ سېلىش ھەرىكىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كىبرىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى تېزدىن راۋاجلىنىشقا باشلىدى. 40 ـ يىللاردىن 46 ـ يىللارغىچە كىبرىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەكتەپلەر كەينى ـ كەينىدىن بارلىققا كېلىپ سانى 27 گە، ئوقۇغۇچىلار سانى 3000 گە يەتكەنىدى. بۇ چاغدىكى دەرسخانا ئوقۇتۇشى مۇنتىزىم بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى شەھەر مەكتەپلىرىدە خەنزۇ تىلى، ھېساب، جۇغراپىيە، بوتانىكا، شېئىر، رەسىم، تەنتەربىيە، ئىسلام دىنى قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلگەن.

كونا جەمئىيەتتە كىبرىيەدە مەكتەپكە قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەنبەسى ئاساسەن كەمبەغەللەرنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ، كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىنى بوجاڭلار، جىماڭلار ئالۋاڭ شەكلى بىلەن مەجبۇرىي تۇتۇپ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى تولۇقلايتتى. چۈنكى بۇ چاغدىكى خەلقلەر نادان، قالاق بولغاچقا پەرزەنتلىرىنى «بېشىغا تۇتۇش بىلەنلا دىنىي مەكتەپكە بېرىپ پەننىي مەكتەپتىن ئاپقاچاتتى. «دىنىي مەكتەپتە ئوقۇتۇش ساۋاپ، پەننىي مەكتەپتە ئوقۇتۇش گۇناھ، پەننى مەكتەپتە ئوقۇغان بالىلار كىبرەكتىن چىقىپ كېتىدۇ. ئىمانسىز ئادەم بولۇپ قالىدۇ»

ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، بايلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ خۇسۇسلارنىڭ ئىقتىسادى بىلەن كېرىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەكتەپ سالدۇردى. قالۇنلۇق بەدەخۇنباي ھازىرقى يەسلى ۋە ئۇنىڭ كەينىدىكى يايلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئورنىدا يەتتە سىنىپ، ئۈچ ئىشخانا، بىر ئامبار، ئاشخانا، چايخانىسى بولغان ئاستى تاختايلىق بىر يۈرۈشلۈك مەكتەپ سېلىپ بەردى. سارايدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بۇ يېڭى مەكتەپكە كۆچكەندىن كېيىن ئوقۇتۇش شارائىتى ياخشىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلار سانى 500 نەپەرگە يەتتى.

ئەسلىدە مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورنى تانايسىدىكى بىر سارايدا ئىدى. 1943 - يىلى سىدىق مېكيان ئۇيۇشمىغا رەئىس بولغاندىن كېيىن، بەدەخۇنباي سالغان مەكتەپنىڭ ئورنىنى ئۇيۇشمىغا ئارتىۋېلىپ مەكتەپنى ھازىرقى تۈرمىنىڭ ئورنىدىكى راۋاققا يۆتكىۋەتتى. بۇ كېرىيە ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ 1947 - يىلىغىچە شۇ راۋاقتا تۇردى. ئىسمائىلخان ھاكىم بولغاندا، يېڭى بازارغا ھازىرقى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنىغا يېڭى مەكتەپ سېلىپ 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ راۋاقتىن يۆتكىلىپ چىقتى. يەنە 1943 - يىلى ئەخمەتخان شەنجاڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قادىر باي قاراقى ئازنا بازاردا بىر يۈرۈشلۈك بىر مەكتەپ سېلىپ بەردى. بۇ مەكتەپ ئازاد بولغاندىن كېيىنمۇ 50 - يىللاردا داۋاملىق ئىشلىتىلگەن. ئويتوغراقنىڭ لەڭگەر دېگەن جايىغا مەتنىياز ھاجىم ئالتە سىنىپلىق بىر مەكتەپ سېلىپ بەردى. ئابدۇقادىراخۇن باي ئارالنىڭ ئاخۇن ئېرىق كەنتىدە سەككىز سىنىپلىق بىر مەكتەپ سېلىپ بەردى.

دەسلەپتە كېرىيە ناھىيىسىدە پەننىي مەكتەپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ ئاسانغا چۈشمىگەنىدى. نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار يۈز بەردى. ئاساسىي قىيىنچىلىق قالاقلىق بىلەن ئىلغارلىقنىڭ،

ئەپرگە يەتكۈزگەن.

ئازادلىقتىن بۇرۇن تاكى 50 ـ يىللارغىچە ناھىيە باشقۇرغان مەكتەپ بىر بولۇپ، قالغانلارنىڭ ھەممىسى ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى. ناھىيە باشقۇرغان مەكتەپنى «شەنلى مەكتەپ»، ئۇيۇشما باشقۇرغانلىرىنى «خۇيلى مەكتەپ» دەپ ئاتايتتى.

1947 ـ يىلى كېرىيە ناھىيىلىك سابىق ھۆكۈمەت مائارىپنى يۈكسەلدۈرۈش مەقسىتىدە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرتىپكە سالدى. سىدىق خوجاخۇنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تاشتۆمۈر نايۇپنى رەئىس قىلىپ بېكىتتى. مەتنۇرى مەتروزى، ئابدۇللا قادىر، ئوسمان مەتتوختىلارنى ئۆزى بىۋاسىتە ئۇيۇشمىنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ مۇدىرلىقىغا بېكىتىپ مەكتەپلەر خىزمىتىنى كۈچەيتتى. كونا مەكتەپلەرنى قايتا يېڭىلاشنى، مالىيە كۈچى يېتىشمىسە ۋەخپىي يەرلەردىكى دەل ـ دەرەخلەر ۋە مازارلاردىكى توغراقلارنى كېسىپ ئىشلىتىشنى، ھەرقايسى كەنت ـ مەھەللىلەردىن يېتەرلىك ئەمگەك كۈچى ئاجرىتىپ بېرىش توغرىسىدا پەرمان چىقىرىپ كونا مەكتەپلەرنى يېڭىلاش خىزمەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

1949 ـ يىلى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ نامى شىنجاڭ تىنچلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى كېرىيە ناھىيىلىك كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. ئۇنىڭغا ئىمىن تۇرسۇن رەئىس، نۇر روزى، ھېيت قارىملار مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ ئىشلىگەن. 1950 ـ يىلى 3 ـ ئايدا كېرىيە ناھىيىلىك خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىغا ئۆزگەرتىلدى. بۇ چاغدا بۇ ئىتتىپاقنىڭ مەسئۇللۇقىنى ناھىيىنىڭ ھاكىمى مۇتەللىپ، مۇئاۋىنلىقىنى يۈسۈپ زىيا (قۇربانوپ) ئۈستىگە ئالغانىدى.

دەيدىغان دىنىي پەتىۋا بار ئىدى. شۇڭا دىندارلار، بايلار، ھەتتا ئوتتۇرھال ئادەملەرمۇ بالىلىرىنى پەننىي مەكتەپتىن ئېلىپ قاچاتتى.

1946 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا كېرىيىگە ئىسمائىلخان شەنجاڭ بولدى. ئىسمائىلخان يۇقىرى دەرىجىلىك فېئودال دىنىي ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بالىلىرىنى پەننىي مەكتەپتە ئوقۇتۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەن. شۇڭا 1947 - يىلىنىڭ بېشىدىلا بىر ئوغۇل، بىر قىزىنى ئۆز قولى بىلەن يېتىلەپ ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ ۋە ناھىيىلىك قىزلار مەكتىپىگە ئاپىرىپ ئوقۇتقۇچىلارغا تۇتقۇزۇپ ياخشى ئوقۇتۇپ بېرىشنى تاپىلىغان. بۇ كېرىيە تارىخىدا ئۆز ئىختىيارى بىلەن بالىسىنى پەننىي مەكتەپكە بەرگەن تۇنجى كىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىسمائىلخاننىڭ بۇ ئىشى شۇ چاغدىكى كېرىيە جەمئىيىتىگە ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا كەنتلەردە بوجاڭ، جىجاڭلار مەجبۇرىي بالا تۇتۇپ مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىشتەك «ئالۋاڭ تۈزۈمى» ئەمەلدىن قېلىپ، كىشىلەر بالىلىرىنى ئىختىيارىي مەكتەپكە بېرىدىغان، مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار كۆندىلىك تولۇقلىنىپ ماڭىدىغان كەيپىيات شەكىللىنىشكە باشلىدى. ئىسمائىلخان ھاكىم بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە مائارىپقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ۋاقتى بولسىلا مەكتەپلەرگە بېرىپ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تولۇقلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى.

1946 - يىلىغىچە كېرىيىدە 27 مەكتەپ بار ئىدى. ئىسمائىلخان ھاكىم بولۇپ، موغاللا، كۆكمەت، قاراتۇغان، قارا قومۇش، لايسۇ قاتارلىق كەنتلەردىمۇ مەكتەپ سالدۇرۇپ باشلانغۇچ مەكتەپ سانىنى 40 كە، ئوقۇغۇچى سانىنى 4000

ئاساسەن 1939 ـ يىل 9 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەستىنقى ئارقىلىق خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى قۇرۇلۇپ ھەرقايسى ناھىيىلەردىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. شۇ يىلى كېرىيىدىن مەدرىسلەردە ئوقۇپ مەلۇم خەت ساۋاتى چىققان ياشلار قوبۇل قىلىنىپ، بىر يىل ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن يېڭىدىن قۇرۇلغان ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىندى. مەتيۈسۈپ شېرىپ، مەمتىمىن ئوسمان، ئابدۇقادىر نۇرسۇن، ئابدۇللا ھەسەن، ئابدۇقادىر ھاشىم، مەتتوختى نۇرى، مەتتوختى ئوسمان، ئىمىن سادىق، مەتتوختى ئابلىزىم، ئابدۇكېرىم تۇردى، مەتسەيدى نۇرى، رەجەپ ئىبراھىم، مەتتوختى ئىسمايىل، خېلىچخان سوپى، مەمتىمىن بارات، ئەمەتجان (ئۆزبېك)، يۈنۈس ئابدۇراخمان (تۇڭگان) ئابلىمىت ئىسلام قاتارلىق كىشىلەر خوتەن سىفەتنىڭ تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىلىرى ۋە كېرىيە مائارىپىدىكى ئەڭ دەسلەپكى يەرلىك ئوقۇتقۇچىلار ئىدى. ئەمما بۇلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز بولغانلىقتىن يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان مەكتەپلەرگە يېتىشمەيتتى. 1940 ـ يىللىرى ئەخمەت شەنجاڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قەشقەردىن ئابدۇقادىر كېرىمى، مۇھەممەتئىمىن سابىت ھاجى (ئوتتۇرا ئاسىيادا ئوقۇغان)، ئەلىيوف، مۇھەممەت رىھىم، ھەسەن تۇردى، ئەمەت ئۆمەر (ئەمەت ئۆمەر كېيىن 50 ـ يىللىرى شىنجاڭ بويىچە تونۇلغان ئاتاقلىق دراما ئارتىسى بولۇپ، خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان كىشى)، ھوشۇر ئىيسا (گومىنداڭنىڭ زۇلمىغا چىدىيالماي ئۆز يۇرتىغا كېتىۋاتقاندا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قاچقۇن دېگەن نام بىلەن پىيالمىنىڭ چۆلىدە ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن)، يۈسۈپ زىيا، مامۇت نىياز، توختى تۇراق، ھەمدۇللا قۇربان، قەييۇم ھوشۇر، ئابدۇللا ھاپىز، ھەسەن بەكرى

1951 - يىلىنىڭ ئاخىرى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ بارلىق مەكتەپلەر ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇلۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. مەيلى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، مەيلى تىنچلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى كومىتېتى ۋە مەيلى خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى بولسۇن ھەممىسى باشتىن - ئاياغ كىرىيىنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، ئاقارتىش خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ كىرىيىنىڭ مائارىپ تارىخىدا زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۆتمۈشتە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئاغزىدا خەلقنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرىمىز دېسىمۇ، ئەمەلىيەتتە خەلقنىڭ پەن - مەدەنىيەتنى ئىگىلەپ كۆزىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ مەدەنىيەت - مائارىپ ئورۇنلىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېغىر دەرىجىدە قىسىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەلىرىدىن مەھرۇم قىلىپ پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش ئىمكانىيەتلىرىنى چەكلەپ قويغانىدى. شۇڭا ئۇ دەۋردىكى مائارىپنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ئىنتايىن ئاستا بولغان.

### 5. كىرىيە مائارىپىدا ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى

كىرىيىدە ئوقۇتقۇچىلار يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىش دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈردى. 30 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە كىرىيىدە بىرمۇ ئوقۇتقۇچى چىقمىغانىدى. خوتەن رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يېڭى مەكتەپلەرنىڭ كەينى - كەينىدىن سېلىنىشىغا ئەگىشىپ ئوقۇتقۇچى بولماسلىق ئەھۋالىغ

# كېرىيە ناھىيىسىنىڭ چوڭلار مائارىپى تارىخى

ئابدۇغېنى ھاشىم

(1939 ـ 2001)

كېرىيە ناھىيىسىدە چوڭلار مائارىپى يولغا قويۇلغان تارىخي يىللاردىن باشلاپ ئەجدادلارنىڭ بىسىپ ئۆتكەن شانلىق مۇساپىسىنى، جاپالىق ئەجرى ۋە ئۆچمەس تۆھپىسىنى كەڭ جامائەتچىلىككە بىلدۈرۈش بىلەن ھازىرقىلارنىڭ كۆرەش قىلىش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىش، ئالدىنقىلارنىڭ يولىنى كېيىنكىلەر داۋاملاشتۇرۇش، غەربنى ئېچىپ ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈشتىكى چوڭلار مائارىپىنىڭ مۇھىم رولىنى تېخىمۇ جانلىق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن تارىخنى بىلىش، ھازىرقىنى چۈشىنىش، كەلگۈسىگە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش مەقسىتىدە كېرىيىنىڭ 1939 ـ يىلىدىن 2001 ـ يىلىغىچە بولغان 62 يىللىق چوڭلار مائارىپى تەرەققىياتىنى، تارىخي ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى ئەھۋالىنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ ئومۇملاشتۇرۇپ تۆۋەندىكىچە تونۇشتۇرۇلدى.

### 1. كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى چوڭلار مائارىپى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى كېرىيە ناھىيىسىدە دىني مەكتەپلەر،

قاتارلىق 20 گە يېقىن ئوقۇتقۇچى ناھىيىمىزگە تەكلىپ قىلىنىپ ئەكىلىنىدى. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەسلى ئاتۇشتا ئېچىلغان مەتىلى ئەپەندىنىڭ ئىزچىلار مەكتىپىدە ئوقۇغانلار بولۇپ، كىرىيىگە كەلگەندىن كېيىن يەرلىك ياشلار بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن چىقىشىپ شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئاشۇ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئېغىر كۈنلەردە جاپالىق ئىزدىنىپ كىرىيىنىڭ مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرى ۋە خەلقنى ئاقارتىش يولىدا كۈرەش قىلدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. كىرىيىنىڭ دەسلەپكى مائارىپقا ئۇل سالغان بۇ مەرىپەتپەرۋەر ئادەملەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، كىرىيە خەلقى بۇ ياراملىق مائارىپ پېشۋالىرىنى داۋاملىق ئەسلەيدۇ. چۈنكى ئۇلار يېڭى مەكتەپ ئېچىش ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ ئېڭىنى ئاقارتىپ ئەسىرلەردىن بېرى ئۇلارنىڭ ئەقلىنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان جاھالەت تونەكلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، نادانلىقنىڭ قۇللۇقىنىڭ ئاسارىتىدىن ئىڭراۋاتقان خەلقىمىزنى يېڭى مەدەنىيەتكە، تەرەققىياتقا باشلىدى. ئۇلارغا مەدەنىي، ئەركىن، ھۆر ھاياتنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈردى. قىسقىسى، ئۇلار مىللەتنى ئويغىتىش، خەلقنى ئاقارتىش يولىدا ھارماي - تالماي كۈرەش قىلغانلاردۇر.

قىلىپدىن ئۈزۈن ئالالمىغان ۋە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلالمىغان.
1937 - يىل 10 - ئايدا شاڭ شىسەينىڭ ئۆلكە ئارمىيىسى خوتەنگە كىلىپ ئورۇنلاشتى. باندىت شاڭ شىسەي ئىنقىلابتا پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ ساختا ئىلغار قىياپەتكە كىرىۋېلىپ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى تۈزۈپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىش، جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەنمۇ بىرلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ ۋاقىتتا شاڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن يەنئەندىن شىنجاڭغا كەلگەن ماۋزېمىن، چېن تىيەنچۇ باشچىلىقىدىكى ئىلغار كومپارتىيە ئەزالىرىدىن خوتەنگە ئەۋەتىلگىنى 9 نەپەر بولۇپ، بۇلار ئىنتايىن جاپالىق شارائىتتا نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ ئىنقىلابنىڭ ئۇرۇقىنى چاچتى. 1939 - يىلىغا كەلگەندە پارتىيە مەركىزي كومىتېتىدىن كەلگەنلەرنىڭ (ماۋ زېمىن، چېن تيەنچۇ) تەسىرى بىلەن پەنني مەكتەپلەر كەينى - كەينىدىن قۇرۇلۇپ، چوڭلار مائارىپ سىپىمىزنى تولۇقلىدى. 1940 - يىلى كىرىيە ناھىيىلىك ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ ئاساسلىق باشقۇرۇشنى ھاكىم ئۈستىگە ئالدى. يېزا باشلىقلىرى ھەيئەت ئەزالىرى بولۇپ تەشكىللەشكە مەسئۇل بولدى. ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇشتا دېھقانچىلىق ئالدىراش بولمىغان مەزگىللەردە 15 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق دېھقانلار كەچكى ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرىغا تەشكىللەندى. ئادەتتىكى چاغلاردا «چوكانلار سىنىپى» ، «چوڭلار سىنىپى» دەپ ئىككى سىنىپقا ئايرىپ ئوقۇتتى. يول ئېغىزلىرىغا دوسكا قويۇپ خەتلەرنى ئوقۇتۇش، دوسكىغا خەت يازدۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. ناھىيە بويىچە

مەدرىسلەر ئاساسىي ئورۇندا بولۇپ، كېرىيە خەلقى ئىقتىسادىي شارائىتى ناچار مۇھىتتا تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرگەن يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئوقۇش يېشىغا توشقان پەرزەنتلىرىنى دىنىي مەكتەپلەرگە بەرگەن شارائىتتىمۇ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتى ئىپتىدائىي، قالاق بولغاچقا بىر ئۇستازدە 20 ـ 25 دىن بالا يىغىلىپ ئولتۇرۇپ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن دەرس يادلايتتى. يېزىشقا يول قويۇلمايتتى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتىدىن ئېغىز ئېچىشقا بولمايتتى. بۇ جىنايەتلىك تارىخ ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەچكە خەلقنىڭ خەت ـ ئالاقە ئىشلىرى ۋە ئىچكى ھېساباتلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش تولىمۇ قىيىن ئەھۋالدا ئىدى. خەلقلەر خەت ـ چەكلىرىنى شەرىئەت مەھكىمىسى ئالدىدا كىچىك ئۇستەل قويۇپ ئولتۇرغان خەتچى موللاملارغا يازدۇراتتى ۋە سىرتتىن كەلگەن خەت ـ چەكلەرنى شۇلارغا ئوقۇتۇپ مەزمۇنىنى ئۇقاتتى (مەتشېرىپ ئاخۇنۇم، مەتتوختى قارىي قاتارلىقلار). بەزى رايون، كەنتلەردە يەرنىڭ مولاق سانىنى ھېسابلاپ چىقىرالايدىغان ئادەم بولمىغانلىقتىن ئاراللىق سۇلايمەن ئاخۇن، جايلىق سۇلتان بودەك قاتارلىقلارنى ئات ـ ئىشەكلەرگە مىندۈرۈپ ئاپىرىپ ئۆي، مال ـ مۈلۈكلەرنى تەقسىم قىلدۇرۇپ يۇقىرى ئىش ھەققى بىلەن خىزمەت قىلدۇراتتى. شارائىت ئەنە ئاشۇنداق قىيىن بولسىمۇ بىلىمگە ئىشتىياق باغلىغان بىرقىسىم ئەدىب، يازغۇچى، شائىرلار ۋە ئۆلىما تېۋىپلار پومېشچىك، زومىگەرلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدە ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىشكە قانچە تىرىشقان بولسىمۇ سورۇن بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ بىلىملىرى خەلقنىڭ

ئىجارىلىرىنى تالان ـ تاراج ۋە خىيانەت قىلىپ ئىگىلىۋالغانلىقتىن ئوتتۇتقۇچىلارنىڭ چوڭلار مائارىپىنى ئوتتۇدەك مادارى قالمىدى. بۇنىڭ بىلەن 1939 ـ يىلىدىن 1942 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان دېھقانلارنىڭ ساۋات چىقىرىش ھەرىكىتى ئۈزۈلۈپ قالدى.

1944 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى ساۋاتسىزلىقنى ئۆگىتىش توغرىسىدا ۋەزىپە چۈشۈرگەن بولسىمۇ 1945 ـ يىلى ساۋاتسىزلىقنى ئۆگىتىش نىسبىتى تۆۋەنلەپ كەتتى. 1946 ـ يىلى گومىنداڭ تەرەپ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى تەرەپ 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم ئىمزالىغاندىن كېيىن ساۋاتسىزلىقنى ئۆگىتىش خىزمىتىنى قايتا ئوتتۇش، جاي - جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ 1947 ـ يىلى ئالدىنقى ئىككى تەرەپ ئۈزگەن بىتىم بۇزۇلۇپ ساۋاتسىزلىقنى ئۆگىتىش خىزمىتى ھالسىرىغان پېتى توختاپ كەتتى. 1949 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. 1949 ـ يىل 12 ـ ئايدا خوتەن تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى.

**2. كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى چوڭلار مائارىپى**

1950 ـ يىل 4 ـ ئايدا كېرىيە ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ كېرىيە ناھىيىسىنىڭ چوڭلار مائارىپى قايتا نىجات يولىنى تېپىپ تەرەققىيات پۇرسىتى ناھايىتى تېز بولدى. ناھىيىنىڭ چوڭلار مائارىپ ئىشلىرى پارتىيە، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە تېز راۋاجلىنىپ مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە بولۇش بىلەن كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا ئېگىشلىك رول ئېلىپ ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشتى.

24 مەكتەپتە ساۋات چىقىرىشقا 66 سىنىپ 3 مىڭ 445 كىشى كۆن بويى ئوقۇشقا قاتناشتى. بۇ ۋاقىتتىكى دېھقانلارنى ئوقۇتۇش ۋەزىپىسى پەقەت ئوقۇتقۇچىلارغا ئارتىلدى. بۇنىڭ بىلەن چوڭلار مائارىپىدا ئازراق يۈكسىلىش بولغان بولسىمۇ، 1943 - يىلىغا كەلگەندە باندىت شىڭ شىسەي گومىنداڭ بىلەن بىرلىشىپ كومپارتىيىدىن يۈز ئۆرۈش تۈپەيلىدىن ئىلغار مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر كومپارتىيە ئەزالىرىنى دەھشەتلىك باستۇرۇپ ئەمدىلا يولغا قويۇلغان چوڭلار مائارىپى بىلەن ساۋات چىقىرىش ھەرىكىتى تۇنجۇقتۇرۇۋېتىلدى. بولۇپمۇ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۆرۈش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تىنىغ ئۇچىنى بىۋاستە كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارىتىپ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا كەڭ كۆلەملىك ئىچكى ئۆرۈش قوزغاپ ھەرقايسى جايلاردا بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. دېموكراتىك كىشىلەر ئىلغار ئىدىيىدىكى ۋەتەنپەرۋەر ئىلغار زىيالىيلارنى باستۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى تېررورلۇق ئاستىغا چۈشۈرۈپ قويدى. جۈملىدىن ناھىيىمىزدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى ئوقۇتقۇچىلارنى كۆزىگە قادالغان مىخ دەپ بىلىپ ئۇلارنى باستۇردى، تۈرمىلەرگە تاشلىدى. ئۇلارنىڭ مائاش، تۇرمۇش تەمىناتىنى ئۈزۈپ قويدى. 1947 - يىلى ئەتىيازدا كىرىيە شەھىرىنى ئوققا تۇتۇپ سەككىز ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1947 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ئاقارتىش يۇرتى قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ تۈرلۈك مالىيە ھوقۇقىنى چەكلىگىنىغا كىرگۈزۈۋالغان يۇقىرى قاتلام پومېشچىك زومىگەرلەر يىغىلغان ئۈشرە - زاكات، يەر

ئۆزگەرتىش يېڭى يېزىقنى قوللىنىش چاقىرىق قىلىنىپ شۇ ۋاقىتتىكى تەكشۈرۈشتە ناھىيە بويىچە 24 مىڭ كىشىنىڭ يېڭى يېزىقتا ساۋاتى بارلىقى ئىسپاتلاندى، ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى 39% بولدى.

1980 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا كىرىيە ناھىيىلىك ئىشچى ـ دېھقانلار ماائارىپى كومىتېتى قۇرۇلدى.

1984 ـ يىلىغا كەلگەندە ئالدىنقى بەنزە (ئىشچى ـ دېھقانلار مائارىپ كومىتېتى) ئۆزگەرتىلىپ كىرىيە ناھىيىلىك چوڭلار مائارىپ كومىتېتى دەپ ئېلان قىلىندى. شۇ يىلى كىرىيە ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئوقتۇرۇش چۈشۈرۈپ يېزا ـ كەنتلەردە مەخسۇس چوڭلار مائارىپى كەسپى كادىرلار قوشۇنى بولۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ناھىيىدە ئىككىدىن ئۈچكىچە، يېزىلاردا بىردىن ئىككىگىچە، كەنتلەردە رەھبەرلىك گۇرۇپپا ۋە تايانچ ئوقۇتقۇچى بولۇش ئەمەلىيلەشتۇرۇلدى.

ناھىيىدە چوڭلار مائارىپى كومىتېتى ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىپ بەش نەپەر مەخسۇس كادىر قويۇلدى ۋە خىزمەت دائىرىسى بېكىتىلدى.

① ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشنى مۇستەھكەملەش.

② يېزا ـ كەنتلەرنى تەكشۈرۈپ ئوتكۈزۈپ ئېلىش، يۇقىرىغا ئوتكۈزۈپ بېرىش.

③ يېزا ـ كەنتلەردە دېھقان ـ چارۋىچىلار مەدەنىيەت تېخنىكا مەكتەپلىرىنى قۇرۇش، كېڭەيتىش.

④ ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ مەكتەپ ئېچىشىنى باشقۇرۇش.

1955 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇپ شۇ يىلى 11 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە ساۋات چىقىرىش ۋەزىپىسىنى چۈشۈردى. ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن كىرىيە ناھىيىسىدە يېزا ـ كەنتلەرنى ئاساس قىلىپ ساۋات چىقىرىش مەكتەپلىرى ۋە كەچ كۇرسلار ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى.

1960 ـ يىلى كىرىيە ناھىيىسىدە ئىبغىر تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىپ، دېھقانلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەكتىپى ۋە كەچ كۇرسلار ئىبغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1964 ـ يىلىغا كەلگەندە دېھقانلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەكتىپى كەچ كۇرسلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ خېمىغا يېنىش نىسبىتى تېز بولغاچقا ئاساسىي كۈچ مۇستەھكەملەشكە قارىتىلىپ ئەسلىدىكى ساۋاتسىزلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش سۈرئىتى ئاستىلاپ كەتتى.

1966 ـ يىلىغا كەلگەندە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ پۈتكۈل مائارىپ ئىبغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ زىيان ئەڭ ئىبغىر بولدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ۋاقتى ئۇزۇن، زىيىنى ئىبغىر بولۇپ كېيىنكى مەزگىللەردە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى ئىنتايىن مۇشكۇل ۋەزىپە بولۇپ قالدى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى بېكىتىپ بەرگەندىن كېيىن، كىرىيە ناھىيىسىنىڭ چوڭلار مائارىپىدا غايەت زور يۈكسىلىش بولدى.

1980 ـ يىلىغىچە كىرىيە ناھىيىلىك يېڭى يېزىقنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەيئىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا كەڭ كۆلەملىك يېزىق

ئومۇمىي ساۋاتلىقلار 99 مىڭ 890 نەپەر) ئوبىيكت ئىچىدىن 11 مىڭ 309 نەپەر كىشى ساۋاتنى چىقىرىپ لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالدى. ساۋاتلىق بولۇش نىسبەت %97.8 كە يەتتى. ساۋاتنى چىقارغانلارنىڭ خېمىغا يېنىش يوچوقلىرى ئۇنۇملۇك تەدبىرلەر بىلەن چەكلىنىپ مەكتەپتىن ساۋاتسىز چىقىپ كېتىشنىڭ ئالدى ئېلىندى. ساۋاتسىز، چالا ساۋات ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپ كۆچۈشىگە يول قويۇلمىدى. بۇنىڭ بىلەن خېمىغا يېنىشى ناھىيە بويىچە %4.5 تە تىزگىنلەندى. ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنى ماسلاشتۇرۇپ ئوقۇتقۇچى. ئوقۇغۇچىلار، مىنبەگلەر، ئىتتىپاق، ئاياللار تەشكىلاتلىرىغا ئۆز تەۋەسىدىكى ساۋاتسىزلارنىڭ ساۋاتنى چىقىرىش ۋەزىپىسىنى ھۆددىگە بېرىپ، بۇلار ئوتتۇرىسىدىمۇ مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاپ قەرەللىك تەكشۈرۈپ مۇكاپات، جازا نەقلەشتۈرۈلۈپ خىزمەتلەرنىڭ ئۇنۇمى ۋە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

ناھىيىنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى راسخوت جەھەتتىن يۇقىرىغا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن يىللىق مائارىپ ئىشلار خىراجىتىدىن %2.2، يېزا مائارىپ قوشۇمچە راسخوتىدىن %10 راسخوت ئاجرىتىلىپ كاپالەتكە ئېرىشتۈرۈلدى. يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان ناھىيە بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى باھالاپ سېلىشتۇرۇش، ئىلغارلارنى تەقدىرلەش، نەق مەيدان يىغىنلىرىنى ئېچىش، ئىشخانا، ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاش قاتارلىق ئىشلارغا 481 مىڭ 672 يۈەن راسخوت ئاجرىتىپ

⑤ ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپ خىزمىتى ۋە يېزا ئىگىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە مەكتىپى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مەكتىپى، سىرتتىن ئوقۇش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شۆبە سىنىپلىرىغا بولغان ماكرولۇق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش.

⑥ چوڭلار مائارىپى كەسپى كادىرلىرىنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت خىزمەت فۇنكسىيىسى تۇرغۇزۇلۇپ ناھىيە بويىچە 36 نەپەر خادىم مەخسۇس ئوقتۇرۇش بىلەن تەمىنلەندى. دەرىجىسى بۆلۈمچە دەرىجىلىك بولدى. بۇلارنى ناھىيە مەركىزىدە ئايدا بىر قېتىم تەربىيىلەش، كەنتلەرگە بېكىتىلگەن 184 نەپەر تايانچ ئوقۇتقۇچىنى يېزىنى بىرلىك قىلىپ ئايدا ئىككى قېتىم كەسپىي جەھەتتە تەربىيىلەشنى تۈزۈملەشتۈردى.

ناھىيە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش نىزامى بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئىزىغا سېلىش ئۈچۈن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەخسۇس ھۆججەت ئارقىلىق ساۋاتى يوقلارغا، ئۆيلۈك يەر ئۆلچەملىك، كادىرلىققا، ئىشچىلىققا قوبۇل قىلماسلىق، ھەر خىل باجنى كەچۈرۈم قىلماسلىق، توي خېتىنى كېچىكتۈرۈپ مۆھلەت بەلگىلەپ بېرىش، ھەر خىل قاتناش ۋاستىلىرىنى ھەيدەشكە يول قويماسلىق، تىجارەت كىنىشكىسى بېجىرىپ بەرمەسلىك قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ جەلپ قىلىش بىلەن مەجبۇرلاشنى بىرلەشتۈرۈپ بەلگىلىمە تۈزۈپ قەتئىيلىك بىلەن ئىجرالاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن 1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن كېيىن تۇغۇلغان 102 مىڭ 775 نەپەر (بۇنىڭدىن

تۇردى مەمەت سۇلايمان، رەجەپ ھېلىم، روزى بارات، ئابدۇغېنى ئىبراھىم، نىزامىدۇن يۇنۇسلار ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

كېرىيە ناھىيىسىدە كېرىيە ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچلۈك قوللاپ مەدەت بېرىشى بىلەن دەۋر تەرەققىياتىغا ماس ھالدا چوڭلار مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىمۇ تېز بولدى. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت سۈپىتىگە بولغان تەلەپمۇ كۈنسايىن يۇقىرى بولدى. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بىلىم تولۇقلاش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلۇپ ئىشتىن سىرتقى بىلىم ئاشۇرۇش، خىزمەتتىن ئايرىلىپ بىلىم ئاشۇرۇش، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ بىلىم ئاشۇرۇش، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئارقىلىق ھەر خىل بىلىم ئاشۇرۇشنىڭ يەرلىرى كەڭ ئېچىلىپ بىلىم ئاشۇرۇشنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى شەرت - شارائىتلىرى تولۇق ھازىرلاپ بېرىلدى.

1. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش

ناھىيە بويىچە 1989 - يىلىدىن 2001 - يىلىغىچە 13 قاراردا 347 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر (بۇنىڭدىن خەنزۇ 9 نەپەر) كەسىپلەر بويىچە تەربىيىلىنىپ ئالدى تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولدى.

2. چوڭلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرىدە ئىشتىن ئايرىلىپ تەربىيىلىنىش ئەھۋالى

ناھىيە بويىچە 1999 - يىلىدىن 2001 - يىلىغىچە ۋىلايەتتىن يۇقىرى (ۋىلايەت ئىچىدە) ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا خىزمەتتىن

بېرىلدى. ناھىيىنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى تۈگىتىشكە سالغان سېلىنمىسى 80 ـ يىلىدىكىدىن 48% ئاشتى.

ناھىيە بويىچە ياش، ئوتتۇرا ياشلىق دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى 1980 ـ يىلدىكى 74% دىن 96.8% گە يېتىپ 22% ئاشتى. 1989 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە 16 يېزا ـ بازارلارنىڭ ھەممىسىدە دېھقان ـ چارۋىچىلار مەدەنىيەت ـ تېخنىكا مەكتەپلىرىنى ۋە كەنتتە ئوقۇتۇش نۇقتىلىرىنى قۇرۇپ مۇستەھكەملەپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇتۇپ، ناھىيە بويىچە 57 مىڭ 23 نەپەر دېھقان ـ چارۋىچى، 13 كەسىپتە 922 قارار تەربىيىلەندى. دېھقان ـ چارۋىچىلار مەدەنىيەت ـ تېخنىكا مەكتەپلىرىنىڭ يېزىلارنى قاپلاش نىسبىتى 100% گە، كەنت ئوقۇتۇش نۇقتىلىرى 158 گە يېتىپ كەنتلەرنى قاپلاش نىسبىتى 92% گە يەتتى.

دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن كەسىپلەر بويىچە تەربىيىلىنىشى 80 ـ يىلىدىكىدىن 81% ئۆستى.

ناھىيىمىزنىڭ كۆكيار، لەنگەر يېزىلىق دېھقان ـ چارۋىچىلار مەدەنىيەت ـ تېخنىكا مەكتەپلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مەكتەپ قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ ئەنگە ئېلىندى.

كۆكيار يېزىلىق دېھقان ـ چارۋىچىلار مەدەنىيەت ـ تېخنىكا مەكتىپى 1991 ـ يىلى دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن مىس مېدال بىلەن تەقدىرلەندى. مەخسۇس كەسىپ كادىرلىرىدىن

6. تولۇقسىز ئوتتۇرا تەربىيىسى

يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن 1983 - يىلى يېزا - قىشلاقلاردا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىمىنغا يېنىپ كەتكەن دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ بىلىمىنى تولۇقلاش بويىچە دەسلەپكى قەدەمدە كىرىيە ناھىيىسىنىڭ لەڭگەر يېزىسى سۆك كەنتىدە بىر سىنىپ، ئويتوغراق يېزىسىنىڭ سۆك كەنتىدە بىر سىنىپ ئېچىلىپ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا بىلىمىنى تولۇقلاش ئېلىپ بارغان. شۇ تەجرىبە ئاساسىدا ناھىيە بويىچە كېڭەيتىلىپ 145 نەپەر دېھقان - چارۋىچىغا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىك گۇۋاھنامە تارقىتىلدى.

7. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك تارماق مەكتىپى

كىرىيە ناھىيىسىدە 1987 - يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە مەكتىپىنىڭ كىرىيە تارماق مەكتىپى قۇرۇلۇپ، مەكتەپنىڭ ئورنى، مەكتەپ مۇدىرى، ئىلمىي مۇدىر، ئوقۇتقۇچى بېكىتىلىپ ھازىرغا كەلگەندە بۇ مەكتەپ مۇنتىزىم ئوقۇتۇش شارائىتى بىلەن كۆلەملەشتى. 1987 - يىلىدىن 2001 - يىلىغىچە ئالتە كەسىپ بويىچە 447 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىنى ھازىرلاپ دىپلوم ئالدى (خەنزۇ ئوقۇغۇچى 204 نەپەر)، ھازىر بۇ مەكتەپتە بىر ئالىي تېخنىكوم سىنىپى تەسىس قىلىنىپ دېھقانچىلىق كەسپى بويىچە 52 نەپەر ئوقۇغۇچى (خەنزۇلار 32 نەپەر) ئوقۇۋاتىدۇ.

8. يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكوم مەكتىپى

بۇ مەكتەپ 1978 - يىلى (يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش

ئايرىلىپ مۇنتىزىم ئالىي مەكتەپ تەربىيىسى بىلەن تەربىيىلىنىپ لاياقەتلىك دىپلوم ئالغانلار 149 نەپەر.

3. شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى خوتەن شۆبە مەكتىپىنىڭ كېرىيە تارماق سىنىپىدا ئىشتىن يېرىم ئايرىلىپ ئوقۇپ لاياقەتلىك دىپلوم ئالغانلار.

كېرىيە تارماق سىنىپى 1984 ـ يىلى قۇرۇلۇپ مەكتەپ ئورنى، مەسئۇلى، ئىشخانا ئەسلىھەلىرى تولۇق بولغان مۇكەممەل ئوقۇتۇش ئورنى تەسىس قىلىنغان.

بۇ سىنىپتا 1984 ـ يىلىدىن 1995 ـ يىلىغىچە جەمئىي تۆت قارار (ئوقۇش ۋاقتى ئۈچ يىل) ئەدەبىيات، خەنزۇ تىلىدىن ئىبارەت ئىككى كەسىپتە ناھىيە بويىچە 107 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇشنى لاياقەتلىك تاماملاپ دىپلوم ئالدى.

4. بىرلىشىپ سىنىپ ئېچىش

1993 ـ يىلى شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى بىلەن بىرلىشىپ مەكتەپ قارىمىقىدا ئىشتىن يېرىم ئايرىلىپ 50 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئۈچ يىل لاياقەتلىك ئوقۇتۇپ مەكتەپ پۈتتۈرۈش دىپلومى تارقىتىپ، بۇلار ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە قىلىندى.

5. تولۇق ئوتتۇرىدا بىلىم تولۇقلاش

ناھىيە بويىچە 1986 ـ يىلىدىن 1996 ـ يىلىغىچە ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىپ بىر يىلدىن بىر ئايغىچە يىغىپ تەربىيىلەپ ئوقۇتۇپ ئىمتىھان ئېلىش يولى بىلەن 500 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى تولۇق ئوتتۇرا بىلىمىنى تولۇقلاپ لاياقەتلىك دىپلوم ئالدى.

بولغان ئومۇمىي ۋەزىيەت خاراكتېرلىك چوڭ مەسىلە بولۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىدە تۇرۇپ چوڭلار ماتارىپ خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى، جىددىي، تەخىرسىزلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، مۇھىم نەتىجىنى تۇتۇپ قىيىن نۇقتىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ كىتىش بويىچە پىلانلاپ خىزمەت نىشانىنى مۇستەھكەملەپ ئۆستۈرۈشكە، پەن - تېخنىكا ئۆگىنىشكە قارىتىپ ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى، دېھقانلار كىرىمىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرلۈش بىلەن زىچ ماسلاشتۇرۇپ، دېھقان - چارۋىچىلار ئارىسىدا پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى 6 - ئومۇمىي يىغىن روھىنى تىرىشىپ ئۆرنەك قىلىپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئىزچىللاشتۇرۇپ، چوڭلار ماتارىپىنىڭ تارىختىن بۇيان بېسىپ ئۆتكەن شانلىق مۇساپىسىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ناھىيە مىقياسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆلچەملىك ئىلغار ساپا بىلەن غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە گۈللەندۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش يولىدا ئۆز قانۇنىيىتى ئاساسىدا تەرەققىي قىلماقتا.

ئىدارىسى قارىمىقىدا) قۇرۇلغان دەسلەپتە دائىملىق كۇرس بىلەن يۈرۈشلەشكەن، 1988 ـ يىلى مۇدىر، ئىلمىي مۇدىر، ئوقۇتقۇچى بەش نەپەر بېكىتىلىپ تەربىيىلەش ۋاقتى ئەھۋالغا قاراپ بىر يىل بولغان. ھازىرغىچە مەكتەپتە تەربىيىلەنگەن كەسپىي تېخنىكا خادىم 4 مىڭ 500 نەپەرگە يەتكەن.

ھازىر بۇ مەكتەپتە بىر مەكتەپ مۇدىرى، بىر نەپەر ئىلمىي مۇدىر، بىر نەپەر سىياسىي يېتەكچى، بەش نەپەر مەخسۇس ئوقۇتقۇچى بار بولغان تېخنىكا تايانچلارنى تەربىيىلەش مەركىزىگە ئايلانغان.

كىرىيە ناھىيىسىنىڭ چوڭلار مائارىپ خىزمىتى تارىخى يىللاردىن بۇيان دەۋر تەرەققىياتىغا ماس ھالدا تەرەققىي قىلىپ ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ كۈچلۈك قوللاپ مەدەت بېرىشى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ يېقىندىن ماسلىشىپ جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلەش نەتىجىسىدە كۆلەملىشىپ كەڭ دېھقان ـ چارۋىچىلار ئارىسىدا (1949 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن كېيىن تۇغۇلغان) ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، مۇستەھكەملەپ ئۆستۈرۈش، يېزا ـ كەنتلەردە دېھقان ـ چارۋىچىلارنى پەن ـ تېخنىكا مەدەنىيەت ئۆگىنىش بىلەن تەربىيىلەش مەركىزى قۇرۇلۇپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ تەربىيىلىنىشى ئۈزۈلدۈرمەي يولغا قويۇلۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئاساسى تۇرغۇزۇلدى. چوڭلار مائارىپ خىزمىتى 21 ـ ئەسىردىكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىش ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ غەلىبىلىك تەرەققىي قىلىش ۋە قىلالماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك

كەنتىدىن بولۇپ، مىلادىيە 1795 - يىللىــــرى مەرپەتپەرۋەر پەيزۇللا ئاخۇنۇمىنىڭ ئۆيىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئۇ ئۆزىنىڭ 70 نەچچە يىللىق ھاياتىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ۋاقتىنى ئۇيغۇر مۇزىكىسى ۋە مۇقام ئىشلىرىغا سەرپ قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئەجىر سىڭدۇرۇپ ئۆتكۈزگەن.

ھاجى ئاخۇن قالۇنچى ساتار، تەمبۇر، دۇتار، غىجەك، داپ، نەي قاتارلىق سازلارنى ياخشى چېلىش بىلەنلا قالماي، ئاساسلىقى قالۇن چېلىش ماھىرى ئىدى. ئۇ ئۆزى بىلگەنلىكى چالغۇلار ئارقىلىق، بولۇپمۇ قالۇن بىلەن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىــڭ چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپ قىسىملىرىنى ۋە ئۇنىڭ تەزىــــى، سەلىقە، نۇسخا، جۇلاسى، مەرغۇلى قاتارلىق تارماقلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلاپ مۇكەممەل چالالايتتى.

ئۇ كىرىيىنىڭ ھەرقايسى يېزا - كەنتلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، يەنە قوشنا ناھىيە خەلقلىرىنىڭ ئەلنەغمە، مەشرەپ سورۇنلىرىغا تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ، قالۇن ئارقىلىق مۇقام ئورۇنداپ، يۇرت جامائەتچىلىكىنىڭ قىزغىــن ئالقىــشــغا، ھىمايىسىگە مۇيەسسەر بولغان داڭدار قالۇنچى، مۇقامچى ئىدى.

ئارالئېرىق كەنتىدىن 92 ياشلىق پېشقەدەم قۇربانجان ئاكا ھاجى ئاخۇن قالۇنچى ھەققىدە توختىلىپ: «مەن 25 - 20 ياش چېغىمدا ھاجى ئاخۇن ئاكىنىڭ قالۇن چالغۇسىنى ‹گوشتات› دېگەن ئەسۋاب بىلەن چېلىپ، مۇقام توۋلاپ يۇرت ئىچىدە داڭق چىقارغانلىقى ئېسىمدىن كەتمەيدۇ. ئۇ كىرىيە خەلقىگىلا تونۇشلۇق بولماستىن، باشقا يۇرتلارغىمۇ تونۇشلۇق بولغان ئىناۋەتلىــك

# كېرىيە تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر خەلق سەنئەتكارلىرى

ماتېرىيالنى تولۇلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇخالىق مەتتۇرسۇن

فولكلور مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ بولغان ئەلنەغمىچىلىك ۋە خەلقىمىز ئىچىگە ئەڭ كەڭ تارقالغان غايەت زور ھەجىمدىكى چالغۇ مۇزىكا بايلىقى بولغان «12 مۇقام» ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىز، جۇملىدىن دۇنيا كلاسسىك مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئەھمىيەتلىك تارىخىي تۆھپىسى بولۇپ، ئۇ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنۋىيەت ئالىمىنىڭ جارچىسى بولغان خەلق سەنئەتكارلىرى ۋە سەنئەتخۇمار زاتلار تەرىپىدىن رەتلىنىپ، قېلىپلىشىپ، بۈگۈنكىدەك ئاجايىپ سەلتەنەتلىك بەدىئىي قامۇسقا ئايلانغان.

ناھىيىمىز كېرىيىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك مەدەنىيەت تارىخىدا ئۇيغۇر خەلق سەنئىتى ۋە «12 مۇقام»نىڭ قېلىپلىشىشى، سىستېمىلىنىشى ۋە بېيىشىغا غايەت زور تۆھپە قوشقان سانسىزلىغان سەنئەتكار ئوغلانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان بولۇپ، تۆۋەندە ئۇلارنىڭ بىرنەچچىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## ھاجى ئاخۇن قالۇنچى (1856 ـ 1795)

ھاجى ئاخۇن قالۇنچى (تۇلكە) كېرىيە ناھىيە ئارالئېرىق

ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

**كېرىم موللا (1872 - 1970)**

كېرىم موللار كېرىيە ھال كەنتى يۆگىمە مەھەللىسىدىكى مەشھۇر مۇقامچى ئابلىزخاننىڭ ئائىلىسىدە 1872 - يىلى دۇنياغا كەلگەن.

ئۇ 18 - يېشىدىن باشلاپ مۇزىكا ۋە مۇقامغا ئىشتىياق باغلىغان، ئاتىسى ئابلىزخان قاتارلىق مۇقامچىلاردىن تەمبۇر، قالۇن، دۇتار، راۋاب، غىجەك، ناغرا، سۇناي، داپ قاتارلىق سازلارنى ھەمدە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى بىرقەدەر تولۇق، پىششىق ئۆگەنگەن. ئاتىسى ئابلىزخان بىلەن بىللە چوڭ - كىچىك ئەلنەغمە سورۇنلىرىدا ئۇزاق يىللار بىللە بولۇپ مۇزىكا ھەم مۇقامچىلىقتا كامالەتكە يەتكەن.

كېرىم موللا ئۇيغۇر مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ھەممە تۈرلىرىنى دېگۈدەك چېلىشنى بىلسىمۇ، ئەمما چوڭ ئەلنەغمە سورۇنلىرىدا كۆپىنچە مۇقامنى ساتارغا تەڭكەش قىلاتتى.

كېرىم موللا بوي - تۇرقى پاكارراق، ئاق يۈزلۈك، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئاقارغان كالتە ساقاللىق، مىجەزى خۇشخۇي، چاقچاقچى ھەم چىقىشقاق ئادەم بولۇپ يازلىق، قىشلىق كىيىنىشلىرى رەتلىك، پاكىز، كۆرۈنۈشى سالاپەتلىك ئىدى.

ئەلنەغمە سورۇنلىرىدا كېرىم موللا ساتارنى تەڭكەش قىلىپ مۇقام ئېيتسا، ئاتاقلىق مۇقامچى شېرىپ بەگ داپ چېلىپ بېرەتتى. ئارالئېرىق كەنتىدىكى مۇقامچى ئەمەت ئاخۇنۇم تەمبۇر

مەشھۇر مۇقامچى ئىدى» دەپ دەلىللىسە، ھاجى ئاخۇن قالۇنچىنىڭ تۇنجى نەۋرىسى ئابدۇرېشىت ئاخۇن* (تولكە) : «بوۋام ھاجى ئاخۇن ھاياتىدا يالغۇز كىرىيە تەۋەلىكىدىلا ئەمەس، بەلكى چىرا، لوپ، خوتەن قاتارلىق ناھىيىلەر تەۋەسىگە تەكلىپ قىلىنىپ نەچچە كۈن، نەچچە ھەپتىلەر تۇرۇپ ئەلنەغمە سورۇنلىرىدا قالۇن بىلەن مۇقام تۇۋلاپ ئەل - جامائەتچىلىكنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. دادام مەتقۇربان ئاخۇنمۇ ئەنە شۇ مۇقامچى، قالۇنچى بوۋىمىزنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا يۇرتىمىزدىكى داڭلىق مۇقامچى بولۇپ يېتىشكەن» دەپ ئىسپاتلايدۇ.

ئارالئېرىق يېزىسىدىكى قۇربانجان ئاكا قاتارلىق بىرقانچە پېشقەدەملەر ۋە ھاجى ئاخۇن قالۇنچى جەمەتىنىڭ نەۋرىلىرى ۋە تۇغقانلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە ھاجى ئاخۇن قالۇنچى ئېگىز بوي (170 - 180 سانتىمېتىر) ، يۈزى يۇمىلاق، بۇغداي ئۆڭلۈك، تورۇقمۇ، سېمىزمۇ ئەمەس، ساقال - بۇرۇتى ئاقارغان، مىجەز - خاراكتېرى خۇشخۇي، ئوچۇق چىراي، ئويۇن - تاماشىغا ئامراق ئادەم ئىدى.

مەشھۇر مۇقامچى ۋە قالۇنچى ھاجى ئاخۇن ئاكا ئۆزى ياشىغان دەۋردە ئون نەچچە شاگىرت تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ تولىسى مۇقام بابىدا تەسىرلىك ئىزلارنى قالدۇرۇپ، كەينى - كەينىدىن بىر - بىرلەپ ۋاپات بولغان.

لېكىن ھاجى ئاخۇن قالۇنچى ئۆمۈر بويى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان قالۇنى ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن قىممەتلىك مىراس سۈپىتىدە

قالغاندىن كېيىن بەزى تەركىدۇنيا كىشىلەرنىڭ پاناھىدا مازارلاردا يېتىپ - قوپۇپ خەير - ساخاۋەت ھېسابىغا جان باقىدۇ. بالىلىق ھاياتى دەرۋىشلىك بىلەن ئۆتىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا ناخشا، مۇقام ئۆگىنىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە جاھان كېزىپ يۈرگەن دەرۋىشلەر ياش ساۋۇتنى ناخشا، مۇقام سەردارى سۇپىتىدە (مەنىسىدە) «شاھ ساۋۇت» دەپ ئاتايدۇ.

شاھ ساۋۇت ئۆزىنى پاناھىغا ئالغان دەرۋىشلەرگە ئەگىشىپ خوتەندىن يېڭىسارغا كېلىدۇ. بۇ يەردە ئۇ ساتار چېلىپ مۇقام ئېيتىدىغان بىر قىزغا «ئاشىق» بولۇپ قالىدۇ ھەمدە دەرۋىشلەردىن ئايرىلىپ شۇ قىزنىڭ ئائىلىسىدە ئىشلەمچى بولۇپ تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇ قىزدىن مۇقام ئېيتىشنى، ساتار چېلىشنى ئۆگىنىش جەريانىدا ئۆز مۇھەببىتىنى ئۇ قىزغا ئىزھار قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ. بىر يىلى ئۇ ئايالى بىلەن قەشقەرگە ئاپاق غوجا سەيلىسىگە كېلىدۇ. سەيلە كۈنلىرى ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ مۇقامچىلىرى بىر قېتىملىق مۇقام، مۇزىكا ئورۇنداش سورۇنىدا شاھ ساۋۇت ئورۇندىغان مۇزىكا، مۇقاملارنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق مۇقامچىسى توختىيار قالۇن شاھ ساۋۇتنىڭ تالانتىنى بايقاپ ئۇنى قەشقەردە ئېلىپ قالىدۇ. كېيىن شاھ ساۋۇتمۇ قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىدۇ. توختىيار قالۇندىن مۇقام ۋە مۇزىكا ئۆگىنىدۇ. 1920 - يىللاردا توختىيار قالۇن ۋاپات بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شاھ ساۋۇت قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق مۇقامچىسى بولۇپ قالىدۇ.

شاھ ساۋۇت مۇقام مۇزىكىلىرىنى كۆپىنچە ھال پەدىگە

بىلەن يۈسۈپ ئاكا ياندىشىپ ساتار چېلىپ ئەلنەغمە سورۇنىنى ئاجايىپ قىزغىن كەيپىياتقا چۆمدۈرۈپ، جامائەتنىڭ ئالقىش ۋە ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر بولغان. كېرىم موللا ئۆزىنىڭ 98 يىللىق ھاياتىنىڭ 70 يىللىق ھاياتىنى ئەل - جامائەتچىلىكىنىڭ مۇقامچىلىق، ئەلنەغمىچىلىك ئىشلىرىغا سەرپ قىلغان، مۇقامچىلارنى تەربىيىلىگەن ۋە يېتىشتۈرگەن. مەتقۇربان بەگ ساتارچى، شېرىپ بەگ داپچى، ھەسەن تەمبۇرچى، ئەمەت (پەشتاق) ساتارچى، مەمەت ئېلى (ئۆتەك) تەمبۇرچى قاتارلىق مەشھۇر مۇقامچىلار ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

كېرىم موللا 1953 - يىلىدىن كېيىن كېرىيە ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە تەكلىپ قىلىنىپ مۇقامچىلىق ۋە ئەلنەغمىچىلىكنى يىلتىز تارتقۇزۇپ، خەلق مۇزىكىچىلىقى بويىچە سەنئەت يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلىگەن.

خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە يەنى 1955 - يىلى قەشقەردە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىگە، 1957 - يىلى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ئۇ 1970 - يىلى ئۆز يۇرتى كېرىيىدە ۋاپات بولغان.

**شاھ ساۋۇت (1880 ـ 1930)**

شاھ ساۋۇت 1880 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىدە ئوقۇمۇشلۇق بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم

ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

كىرىم بەگ بالىلىق چېغىدىلا ساتار، تەمبۇر، دۇتار، سۇناي، نەي، داپ قاتارلىق سازلار بىلەن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ئورۇنداشنى ئۆگەنگەن.

ئۇ پىشقەدەم مۇقام ئۇستازلىرىنىڭ سەنئەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ مەشىق قىلىش جەريانىدا، جەنبىيات، مۇشاۋرەك، يەك (راك)، پەنجىگاھ (چاگانەم)، ناۋا، بايات، ئەجەم قاتارلىق مۇقاملارنى خېلى مۇكەممەل ئىگىلەپ ئۆزلەشتۈرۈۋالغان.

ئەينى زاماندا ئۇ كاتتا باي ۋە چىرىيىنىڭ بېگى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەلنەغمە ۋە مۇقامچىلىقنى قىزغىن سۆيۈپ ۋە ئۇنىڭغا ئىشتىياق باغلاپ بىر ئۆمۈر مۇقامچىلىقنى ئۆزىنىڭ مۇھىم بىر كەسپى قىلغان ھەمدە ھەرقايسى جايلاردا ئۆتكۈزۈلگەن ئەلنەغمە سورۇنلىرىدا ساتار ۋە بەزىدە سۇناي بىلەن مۇقام ئورۇنداپ ئەل - جامائەت ئوتتۇرىسىدا داڭق چىقارغان.

چىرىيە ناھىيىسىدىكى مۇقامچىلاردىن 73 ياشلىق نۇرمۇھەممەت خوجا بىلەن 88 ياشلىق مەتسايىم مەتسەيدى قاتارلىق پىشقەدەملەرنىڭ دەلىللىشىچە كىرىم بەگ «12 مۇقام»نىڭ چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپلەرنى ئۆز سىستېمىسى ۋە ئۆز تەرتىپى، رىتىمى بويىچە تولۇق ئېيتالايدىغان نوپۇزلۇق مۇقامچى بولۇش بىلەن مۇقام ئېيتىش سورۇنلىرىدا باشقا ئەلنەغمىچىلەرگە باشلامچىلىق قىلغان، مۇقامنى بۇزۇپ ئېيتىدىغان ياكى خالىغانچە ئۆزگەرتىدىغان ئەھۋاللارنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭغا دەرھال

چالىدىغان، ئۇنىڭغا خەلق ۋە ئۆزىنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنى سىڭدۈرۈپ مۇقامنىڭ سېھرىي كۈچىنى كۆرسىتەلەيدىغان مۇقامچى ئىدى. شۇنداقلا تېكىست تاللاشقا بەكلا ئەھمىيەت بېرەتتى.

شاھ ساۋۇت تۆت ئوغۇل، ئىككى قىز پەرزەنت كۆرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى، مۇقامچىلىق، سېركچىلىك، قورچاق ئويۇنى (ئۇيغۇرلاردا قورچاق ئويۇنى بىلەن رىۋايەتلەردە تارىخىي ۋەقەلەر، كۈلكىلىك ئىشلار، ھەرخىل ئىتوتلار ئوينىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن قالغان قورچاق تىياتىرچىلىقى قورچاق ئۇيا ئويۇنى قاتارلىقلار 1949 ـ يىلىدىن كېيىن ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەم بولمىغانلىقتىن ئۈزۈلۈپ قالغان) تاكا ئويۇنى قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللانغان خەلق سەنئەتكارى ئىدى.

شاھ ساۋۇت 30 ـ يىللاردا ئالەمدىن ئۆتكەن، بەزى پەرزەنتلىرى بىر مەزگىل ئاتا ئىزىنى باسقان بولسىمۇ، كېيىنكى ۋاقىتتا ھەرخىل چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن سەنئەت ھاياتىدىن ئايرىلىپ، خىلمۇ خىل ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، تىرىكچىلىك قىلغان. بەزىلىرى ھېلىمۇ بىر ـ بىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئۇيغۇر سېركچىلىكى ۋە سېھرىگەرلىك ھۈنىرى بىلەن ھەر مىللەت خەلقلىرى ئارىسىدا نام ـ شۆھرەتكە ئېرىشمەكتە.

**كېرىم بەگ (1936 ـ 1886)**

كېرىم بەگ كېرىيە ناھىيىسىنىڭ قالۇق ئۆستەڭ بويى مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، بالىلىق چاغلىرىدىلا چىرىيە يېزىسىغا (ھازىرقى چىرىيە ناھىيىسى) كۆچۈپ كېلىپ

يولغا چىققاندا سۇناينى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ بىللە ئېلىپ ماڭغان. ئۇ ھەج تاۋاپ قىلىش سەپىرىدە پاكىستان، ئەرەبىستان قاتارلىق جايلاردا سۇناي ئارقىلىق چەبىيات، مۇشاۋىرەك، ناۋا، چارىگاھ، ئۆزھال، بايات. . . قاتارلىق بىرقانچە مۇقامنى تولۇق، جانلىق، ئوبرازلىق ئورۇنداپ چەت ئەللىكلەرنىڭ قىزغىن ئالقىش ھىمايىسىگە سازاۋەر بولغان.

ئاتاقلىق مۇقامچى تۇردى ھاجى تەكلىپكە بىنائەن ئەرەبىستاندا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن ساقىسىز بولۇپ قالغان. ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئۆزىنىڭ ھېلىقى سۆيۈملۈك سۇنىيىنى ئانا يۇرتى كىرىيەدىكى شاگىرتى يۈسۈپ ئاكا سۇنايغا سوۋغا قىلىپ ئەۋەتىپ بەرگەن. يۈسۈپ ئاكا سۇنايچى ئەينى چاغلاردا مۇشۇ سۇناينى ئېلىپ خوتەنلىك ئەخمەت سۇنايچى بىلەن بىرگە قەشقەرگە بېرىپ قەشقەر كونا شەھەر سىپىلى ئۈستىدە تۇرۇپ سۇناي بىلەن مۇقام كۈيلىرىنى ئورۇندىغاندا، قەشقەر خەلقى ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ بۇ بىر جۈپ ماھارەتلىك سۇنايچىنىڭ مۇقامىغا ئاپىرىن ئوقۇغان ۋە ئالقىش ياڭراتقان.

### مەتنىياز ئاخۇن

مەتنىياز ئاخۇن كىرىيە ناھىيىسىنىڭ قارلۇقئۆستەڭ بويى مەھەللىسىدىن بولۇپ، 19 ـ ئەسىر ئىچىدە خوتەن دىيارىدا مۇقام ئېيتىش ۋە ئەلنەغمىچىلىك بىلەن شۆھرەت قازانغان داڭلىق مۇقامچىدۇر.

مەتنىياز ئاخۇن مۇقامنى قالۇن بىلەن ئورۇنداشنى شۇ

تۈزىتىش بەرگەن، ئۇلگە كۆرسەتكەن ۋە ئۇنىڭ كلاسسىك خۇسۇسىيىتىنى ساقلاشقا تۆھپە قوشقان.

ئاتاقلىق مۇقامچى كېرىم بەگ ئۆزىنىڭ يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقتىنى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ئېيتىش ۋە ئۇنى تارقىتىش بىلەن ئۆتكۈزگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇشۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ ئۈچ پەرزەنتىنى مۇقامچى قىلىپ يېتىشتۈرگەندىن باشقا يەنە سۇلايمان قالۇنچى، يۇنۇس ساتارچى، مۇھەممەت ئىبراھىم تەمبۇرچى قاتارلىق زور بىر تۈركۈم مۇقامچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن.

### تۇردى ھاجى

تۇردى ھاجى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ قارلۇقتۇستەڭ بويى مازار ئېرىق مەھەللىسىدىن بولۇپ، تەخمىنەن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشاپ ئۆتكەن. ئۇ ئەينى زاماندا كېرىيە تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى چىرىيە، لوپ، خوتەن قاتارلىق ھەرقايسى ناھىيە خەلقلىرى ئىچىدە، ھەتتا ئەرەبىستان، پاكىستان قاتارلىق چەت ئەل كىشىلىرى ئارىسىدا ئۇيغۇر «12 مۇقام»نى سۇناي بىلەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنداپ داڭق چىقارغان تالانتلىق مۇقامچى.

ئۇ كىچىك چېغىدىن باشلاپ مۇقامغا ئىشتىياق باغلاپ ۋە قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ مەشرەپ سورۇنلىرىدا سۇناي ئارقىلىق ئۇيغۇر «12 مۇقام»نىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنى ماھارەت بىلەن ئورۇنداپ خەلقنىڭ ئالقىشىغا ۋە ھىمايىسىگە مۇيەسسەر بولغان.

ئۇ ئۆز دەۋرىدە ھەج تاۋاب قىلىش ئۈچۈن ئەرەبىستانغا قاراپ

# كېرىمكام ستە توغرىسىدا ئەسلىمە

**بارات ئىمىن**

16 ـ ئەسىردە شاھ مەلىكىسى ئامانىساخان جاي ـ جايلاردىن ئاتالغان مۇقامچىلارنى سۇلتان ئوردىسىغا يىغىپ، «12 مۇقام» نى يىغىپ رەتلەش ئېلىپ بارغان بولسا، ئازادلىقتىن كېيىن 1950 ـ يىل 8 ـ، 9 ـ ئايلاردا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ماھىرلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىنىپ، مۇقاملارنى ئورۇنلاش، پلاستىنكا ۋە لېنتىغا ئېلىش خىزمىتى ئىشلەنگەن.

خوتەن قەدىمي مەرىپەت ئوچىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز قوينىدا نۇرغۇن مۇقامچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان جاي بولۇپ، ئازادلىقتىن ئىلگىرى بۇ دىيارنىڭ ھەممە ناھىيىلىرىدە مۇقامچىلار بولغان.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشىغان ئۇيغۇر ئەدەبىي مۇزىكشۇناس، تارىخچى ۋە 1870 ـ يىلى «تەۋارىخي مۇسىقىيۇن» ئەسىرىنى يازغان موللا ئەسمەتۇللابىننى موللا نىمەتۇللا (مۆجىزى)، ئېلى ئاخۇن ساتار، بۇلبۇل ئاخۇن، مۇھەممەت تۇردى ئاخۇن، زىۋىدىخان ۋە بىلال ئەزىزى بىلەن ئاقسۇ ساقچى ئىدارىسىدا بىرگە بولۇپ، بىلال ئەزىزى، ل. مۇتەللىپلەرنىڭ

دەۋرلەردە كىرىيە، چىرا ئارىلىقىدا ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر مۇقام پېشۋاسى مەتقارىي خوجا ۋە مەشھۇر مۇقامچى ھەبىبۇللا ئاخۇندىن ئۆگەنگەن. ئۇ مۇقام ئۆگىنىش ئارزۇسى بىلەن جاپادىن قورقماي كىچىك چاغلىرىدىلا يەكەن، قەشقەرلەرگە بېرىپ مۇقام پېشۋالىرىدىن مۇقام ئۆگىنىپ، تېمىنى تولۇقلاپ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۇرگەن ۋە مۇقامنىڭ تولۇق سىستېمىسىنى ساقلاپ تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۇرۇپ ئەتراپقا تارقاتقان.

مەتنىياز ئاخۇن ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇيغۇر سەنئىتى، مۇقامچىلىق كەسپى بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئامىمىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. بۇ جەرياندا كۆپلىگەن شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقان. ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن كىرىيىدە ھەسەن تەمبۇرچى، شىرىپ بەگ، قادىر رېھىم، ئەبەي تەمبۇرچى، سوپىخان دۇتارچى (مۇقامچى ئايىمخان ھاجىمنىڭ ئانىسى)؛ چىرىيىدىكى توختى خوجا، نورۇللا ئاكا، كىرىم بەگ، سۇلايمان قالۇنچى؛ لوپ ناھىيىسىدىن بەردى ئاخۇن سازەندە، شادى ئاخۇن، نەسرۇللا ئاكا؛ خوتەندىن توختى ھاجى، مەتتۇردى ئاكا، ئېلى ئاخۇن، بۇلبۇل ئاخۇن؛ قاراقاشتىن ئىسمايىل موللام... قاتارلىق مۇقامچىلار ئۆز يۇرتىنىڭ خەلق ئەلنەغمە مۇقامچىلىق سەنئىتىگە زور تۆھپە قوشقان.

بويىچە بىردىنبىر ئۇستاز بولۇپ ئىشلىگەن. خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەۋاتقان مەزگىلىدە 1955 - يىلى قەشقەردە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرەككە، 1957 - يىلى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرەككە قاتنىشىپ، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرىدىن قايسىبىرى خوتەن، جۈملىدىن كىرىيىگە خىزمەت ئىشلىرى بىلەن كەلسە، ئۇلارغا بېرىلگەن زىياپەتلەردە كىرىمانىكام ستەننىڭ مۇقام ئورۇنداپ بېرىشىدىن تەسىرلىنىپ ئۇنىڭغا زوقلانمىغانلار ئەينى ۋاقىتتا يوق دېيەرلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىرىمانىكامغا قالدۇرغان ھەرخىل ھەدىيىلىرىمۇ كۆپ ئىدى.

سۇلايمانىكام قالۇن دېگىنىمىز چىرىدىن، ئۇمۇ ئاتالغان، داڭلىق، قابىل كىشى بولۇپ، بۇ ئىككى مۇقامچى ھايات ۋاقتىدا چەك - چېگرىسى تۇتاش، قوشنا ناھىيىدە ياشىغانلىقتىن بىر - بىرىگە يېقىن كەسىپداشلار ئىدى. كىرىمانىكام مۇقام باشلاپ ساتار چالسا، سۇلايمىنىكام جور ئاۋاز بولۇپ، قالۇن تەڭكەشلەيتتى. قايسىبىر جاي، قايسىبىر ناھىيىلەردە مۇقامچىلار جەم بولسا ياكى قايسىبىر كىشى مۇقامغا شەيدالىقتا ئەنجۈمەن ئۇيۇشتۇرسا، بۇ ئىككى زاتنى ئالدىنئالا باغاق يوللاپ، ئادەم ئەۋەتىپ تەكلىپ قىلىپ، سەپ بېشى قىلىپ قاتناشتۇراتتى. بۇلار ھازىر بولمىغان مۇقام سورۇنلىرى كەيپىيات جەھەتتە كىشىلەرگە ئانچە زوق - شوخ بېغىشلىيالماس ئىدى. شۇڭىمۇ بۇ ئىككى قابىل مۇقامچى تالانتىنى نامايان قىلغان ئەنجۈمەنلەرگە داخىل بولۇپ ئۆتكەن يان قوشنا دۆلەت كىشىلىرى ئۆز ۋاقتىدا بۇلارغا ھەيران قېلىپ، قايىل

مەدەت بىرىپ قوللىشىغا ئېرىشكەن مىرزاپشا ئاخۇن. . . قاتارلىقلار خوتەندە ئىدى. ئىككى يېرىم ئەسىر مىقدارى بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ كەلگەن مۇقامچىلار ئائىلىسى: ھەمدۇللا ئاخۇنۇم، ھاشىم ھاجى، ئايىمخان ھاجىلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىسمايىل موللا قاتارلىقلار قاراقاشتىن ئىدى، بەردى ئاخۇن لوپتىن ئىدى، سۇلايمانىكام قالۇنچى، توختى غوجا، نۇرۇللا ئاكا. . . بۇلار چىرىدىن ئىدى، ھاجى ئاخۇن قالۇنچى (1795 ـ 1856)، ساۋۇتخان (1880 ـ 1930)، مەتنىزاكام (19 ـ ئەسىر)، كىرىم بەگ (1936 ـ 1886)، شىرىپ بەگ، ئەمەت ئاخۇنۇم، ھەسەن تەمبۇر، يۇسۇپ ئاخۇن، ئەمەت تەمبۇر، سۇپاخۇن، ئەبەي مەتنىياز ئاخۇن كىڭرگىلاڭ، كىرىمانىكام سىتە. . . بۇلار كېرىيىدىن چىققان مۇقامچىلار بولۇپ، بۇنىڭغا قاراپ مۇقامچىلار ئەڭ كۆپ ئۆتكەن قەدىمىي جايلارنىڭ بىرسى كېرىيە دېسەك، غەلەت ئەمەس. كىرىمانىكام سىتە دېگىنىمىز كېرىيىدە 1872 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1970 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن مەشھۇر مۇقامچى زات بولۇپ، ھاياتىنىڭ 70 يىلىنى ئەل ـ جامائەتچىلىكنىڭ مۇقامچىلىق، نەغمىچىلىك ئىشلىرىغا بەخشەندە قىلغان. 1940 ـ يىللىرى ئۇ مەدەنىي ئاقارتىش، ئۇيغۇر ئۇيۇشما، سانايىنەپىتسىيە تەركىبىدە كۆپلىگەن مۇقامچىلارنى تەربىيىلىگەن، يېتىشتۇرگەن. 1953 ـ يىلىدىن كېيىن، كېرىيە ناھىيىلىك ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىگە تەكلىپ قىلىنىپ، مۇقامچىلىقنى، ئەلنەغمىچىلىكنى يىلتىز تارتقۇزۇپ «12 مۇقام» ۋە خەلق ئەلنەغمە مۇزىكچىلىقى

ئىقتىداردىكى كىشىلەر ئەمەس ئىدى. بەزىلىرى ئۆزىگە بېرىلگەن ۋاقىت ئىچىدە بىرەر مۇقامنى كۆرسىتەلىسە، بەزىلىرى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، بەزىلىرى ئاتلاپ ـ ئاتلاپ چالا ئورۇندىغۇچىلار- مۇ بولغان. كېرىيەنىڭ ئاتاقلىق سازەندىلىرىدىن ئەنەت مۇقامنى كۆرسىتىپ ئولتۇرۇپ ماڭا ئوخشاش مۇقام ساز- مۇقامدىن 12 ـ مۇقامغىچە ۋە ئۇلارنىڭ پۈتۈن يۈرۈش تارماقلىرىنىغىچە رەت ـ رېتى بىلەن ئورۇنداپ مۇكاپاتلىنىپ ھۆرمەت تونى كىيگۈزۈلۈپ، شەرەپ قۇچۇپ قايتىپ كەلگەن. بۇ ھەقتە ئاخبارات ئېلان قىلىنىپ، شۇ چاغدىكى «شىنجاڭ خەۋەرلىرى پروگراممىسى» تەشۋىقات فىلىمىدە بۇ كۆرۈنۈشلەر خەسە ئېكراندا پۈتۈن ئاممىغا تونۇشتۇرۇلغان. مەنمۇ شۇ فىلىمنى ئېكران ئالدىدا ئولتۇرۇپ كۆرۈپ ھاياجانغا چۆمگۈچىلەرنىڭ بىرى. كېرىيەنىڭ ستە بىلەن سۇلايمىنىكام قالۇن يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كېرىيە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ھەسەن يۇسۇپ ئۇلارنى شۇ مەكتەپ خىزمەتچىسى ئابدۇراخمان ئاخۇننىڭ ئارال يېزىسىدىكى گۈزەل بېغىدا بىر ئاخشام چايغا ئالاھىدە تەكلىپ قىلغاندا، مەنمۇ يەنە شۇ كېچىلىك مۇقامنى ئاڭلاشتا بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ «12 مۇقام»نى پلاستىنكا ۋە لېنتىغا ئېلىش خىزمىتىدە ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، رەھبەرلەر ۋە ھەيئەتلەرنىڭ بۇلاردىن كۆزى قىيماي قالغانلىقىنى، مۇكاپات بەرگەنلىكىنى، ھۆرمەت تونى كىيگۈزگەنلىكىنى، تەشۋىقات كىنو فىلىمگە ئالغانلىقىنى، گۇۋاھنامە بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگىنى ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدا جىلۋىلىنىدۇ.

مەن قەلەم تەۋرىتىۋاتقان بۇ ئىزاھاتىمدا ئىسمىنى زىكرى

بولۇپ تەسىرلىنىپ «مەن غەرىب» (بىردىنبىر) ، «مۇستەئىد» (ئىستىبداتلىق، قابىلىيەتلىك) ، «سەھىـــــھ» (توغرا، راست) مۇقامچىلار دەپ باھا بېرىشكەن، شۇنداقلا قايتقىنىدىن كېيىن ئۆز خەلقىگە بۇلارنى زىكرى قىلىپ بېرىپ خەۋەرلەر باسقان. شۇنىڭ بىلەن قوشنا ئەللەردىن يۇرتقا كەلگەنلەر بۇلارنى يوقلاپ زىيارەت قىلىشقانلارمۇ كۆپ ئىدى. گېزى كەلگەندە شۇنىمۇ ئىزھار قىلىپ قويۇشقا تېگىشلىككى، سەئۇدى پۇقرالىقىدىكى ئەھلى ئىمتىياز، ھاجى ئەكبەرلەرمۇ كېرىمانىكام سىتە بىلەن سۇلايمىنىكام قالۇننى «مىسىپىلە»گە كېلىپ، مۇقامچى بولۇپ تۇراقلىشىشنى دالالەت قىلىشقاندا، بۇلار تەركىي ۋەتەن بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشۈپ، ئۆمرى ئاخىرىغىچە ئانا يۇرتىنىڭ پەخىرلىنىشلىك مۇقامچىلىرى بولۇپ دۇنيادىن ئۆتكەن.

مەملىكەت ئازاد بولۇپ ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ يېڭى دەۋرى باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن «12 مۇقام»نى پلاستىنكا ۋە لېنتىغا ئېلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىپتىخارلىق خىزمەت ئىشلەندى. بۇنىڭغا شىنجاڭدىكى ئەڭ داڭلىــق مۇقامچىــلار تەركىبىدە ۋىلايىتىمىزدىن كېرىمانىكام سىتە بىلەن سۇلايمىنىكام قالۇن ئۈرۈمچىگە چىقىپ بۇ ئەنجۈمەنگە قاتنىشىپ، «12 مۇقام» چېلىشتىكى ھەممىگە ھازىر ۋە قادىرلىقىنى نامايەن قىلىــپ ئۆتكەن.

شۇنىمۇ ئېيتىپ كېتىشكە تېگىشلىككى، شۇ قېتىمقــى پلاستىنكا ۋە لېنتىغا ئېلىشقا قاتنىشىپ ئۈرۈمچىگە چىققانلارنىڭ ھەممىسى گەرچە مۇقامچىلار بولسىمۇ، ماھارەت جەھەتتە ئوخشاش

سۆزلىمەي، بىلگەنلىرىمنى ساقلاپ تۇپراققا بىللە ئېلىپ كېتەمدىمەن؟! دېگەن سوئاللارنى ئۆزۈمگە قويدۇم ۋە كېرىمئاكام بىلەن سۇلايمانئاكامنىڭ ھەققەن، روھەن نىداسىمۇ قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ ئۆتكەندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن قولۇمغا قەلەم ئالدىم ـ دە، بۇ ئەسلىمىنى يېزىشقا باشلىدىم. . .



ئىقتىدارلىق شائىر، مول ـ ھوسۇللۇق تەتقىقاتچى بارات ئىمىن 1941 ـ يىلى كېرىيە ناھىيىسىدە مەرىپەتۋەر دىنىي زات تارىخچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ دەسلەپ دىنىي مەكتەپلەردە ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن، پەننى مەكتەپلەرگە كىرىپ 1959 ـ يىلىغىچە باشلانغۇچ؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، 1959 ـ يىلىدىن 1962 ـ يىلىغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1962 ـ يىلىدىن 1964 ـ يىلىغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن خوتەن ناھىيىسىگە تەقسىم قىلىنىپ، ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئەمما «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» باشلىنىش بىلەن تەڭلا ناھەق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىغا تەقسىم قىلىنغان. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ،

قىلىۋاتقان كېرىمانىكام ستە بىلەن سۇلايمىنىكام قالۇنلارنىڭ ھۆرمىتىگە سېغىنىپ، روھىنى ياد ئېتىپ، يېقىندا ئۇلارنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىش نىيىتىدە كېرىمانىكام ستەنىڭ ئوغلى مەتسەيدى ئاخۇن توپاق، كېلىنى ھۆرىخانلار بىلەن مالاقەتتە بولدۇم. بۇلار كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ھال دادۈينىڭ ئەزاسى ئىكەن. ياشىنىپ قاپتۇ. سۆھبەت ئارىسىدا بۇ ئىككىيلەننىڭ ماڭا ئېيتقان تۆۋەندىكى بىر جۇملە سۆزى ماڭا بەك تەسىر قىلدى: «ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەممە نېمىسى بىرگە ئۆلىدىكەن، دادام ئۆلۈۋېدى، ئۇنىڭ شان - شۆھرىتى، تۆھپىلىرىمۇ كۆمۈلدى. ھازىر «12 مۇقام» نى پلاستىنكىغا ۋە لېنتىغا ئېلىشتا كېرىمانىكام ستە بىلەن سۇلايمىنىكام قالۇنلار زور تۆھپە كۆرسەتكەن دەيدىغان ئادەم قالمىدى. مەن مۇقامچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولغانلىقىم ئۈچۈن مۇقامنى بەك ياقتۇرىمەن. ئەمما مۇقام ھەققىدە گەپ بولىدىكەن، دادام بىلەن سۇلايمىناخۇننىڭ نامى بىرەر يەردە بىرەر قېتىممۇ ئېغىزغا ئېلىنمىغانلىقى ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىمەن...»

مەن بۇ سۆزدىن بەك ھەسرەتلەندىم. شۇنىڭ بىلەن نەۋائىينىڭ:

ھۇنەرنى ساقلىبان نىتكۇڭدۇر ئاخىر،<br>
ئېلىپ تۇپراققىمۇ كەتكۇڭدۇر ئاخىر.

يەنى «ھۇنەرنى ساقلاپ نېمە قىلىسەن؟ ئۇنى تۇپراققا ئۆزۈڭ بىلەن بىرگە ئېلىپ كېتەمسەن» دېگەن ئىككى مىسرا سەتىرىسى دەرھال ئېسىمگە كەلدى. مېنىڭمۇ ھازىرقى قولۇمدىن كېلىدىغان بىردىنبىر ھۈنىرىم، بىلگەننى يېزىش تۇرسا، ئۇنى يازماي،

# «كېرىيىنىڭ ئازادلىق تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق 400 پىدائىي» توغرىسىدا ئەسلىمە

**ئەخمەت ئىسلام**

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنغانلىقى جاكارلىنىپ، 1950 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 2 - جۈن، 5 - دىۋىزىيە 1 - يىڭنىڭ يىڭجاڭى ۋاڭ جىشەن قىسىمنى باشلاپ كېرىيىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. 1950 - يىل 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى كېرىيە ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. 1951 - يىلى 1 - ئايدا ھەربىيلىككە ئەسكەر چاقىرىش شەرەپلىك خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى.

بۇ چاغدىكى ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەملىكەت ئىچىدە يېڭى ھاكىمىيەت مۇستەھكەملەش، ئىنقىلاب مېۋىلىرىنى قوغداش، تاشقى جەھەتتە ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشەنگە ياردەم بېرىپ، ۋەتەننى قوغداشتىن ئىبارەت جىددىي ۋەزىيەت بىردىنبىر مۇھىم خىزمەت ئىدى. شۇ ۋاقىتتىن ئېيتقاندا، بۇ ئەسكەر چاقىرىش شۇ جىددىي ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلغان ھالدىكى چاقىرىق بولۇپ، كېرىيىنىڭ ئازادلىق تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق زور تارىخىي ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

هازىرغاقەدەر بۇ ئورۇندا تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

1 . بارات ئىمىننىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى كىرىيە ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا باشلانغان بولۇپ، دەسلەپكى ئەسەرلىرى مەكتەپ تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان. شۇ مەزگىللەردە يازغان «تەشۋىشتە قالغان باي»، «گۇمران بولغان جاھالەت»، «نادامەت» قاتارلىق دىرامىلىرى سەھنىلەردە ئوينالغان. ئۇنىڭ هازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەتبۇئاتلاردا 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ھېكايە، كلاسسىك ئەسەرلىرىدىن تاللانما، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتىغا ئائىت ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىدى. بىر قىسىم ئەسەرلىرى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى. بىر قىسىم ئەسەرلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئوقۇلۇپ، ياخشى باھا ۋە ئالقىشلارغا ئېرىشتى. ئۇ هازىر ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانىچىلىق ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ، خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. خوتەن شەھەرلىك ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى. بىز بۇ مۆھتىرەم قەلەم ساھىبىنىڭ كېيىنكى تەتقىقات ئىجادىيىتىگە ئۇتۇق تىلەيمىز.

بىرلىكىنى قوغداشنى ئەڭ ئالدىنقى خىزمەت بىلىپ 1951 - يىل 1 - ئايدا 400 نەپەر مىللىي ياشنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ، پىدائىيلىق سىپىگە قوبۇل قىلىنغانىدى.

كېرىيىدىن قوبۇل قىلىنغان بۇ 400 نەپەر پىدائىي جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق 5 - كورپۇس (جۈن) 13 - دېۋىزىيىسى (شى) خوتەندە تۇرۇشلۇق 39 - پولك (تۇەن) تەركىبىدە بولۇپ، «خەلق كۆلۈبى»دا (ھازىر بۇ كۆلۈپ كېرىيىدە يوق) كاتتا بىر كۈن خوشلىشىش زىياپىتى بېرىپ 1951 - يىل 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى خوتەنگە يولغا سېلىپ ئۇزاتقانىدى. يولغا چىققىنىمىزدا پۈتۈن كېرىيە خەلقى ئاق يول تىلەپ يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا تۇرۇپ خوشلاشقانىدى. شۇ كۈنى بىز پىيادە يول بېسىپ قاراقىرغا يېتىپ كەلگەندە قاراقىردا خىزمەت ئىشلەۋاتقان يولداش ئابدۇلقادىر تۆمۈر (بۇ كىشى كېيىنكى مەزگىللەردە كېرىيە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق ھاكىمى ئىدى. ھازىر خوتەندە خىزمەتتىن دەم ئېلىشقا چىققان) بۇ 400 نەپەر پىدائىيغا 400 دانە ئېشەك ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىش بىلەن يۈك - تاقلىرىمىزنى شۇ 400 ئېشەككە ئارتىپ، ئۆزىمىز پىيادە مېڭىپ خوتەنگە تۆت كۈندە يېتىپ كەلگەندۇق. شۇ چاغدا ئۈچىمىزدا ئۇزۇن چاپان، بېشىمىزدا سالۋا تەلپەك، ئايىغىمىز ئۆتەك - چورۇق، بەللىرىمىزگە ئۇزۇن پوتىلار باغلانغان بولسىمۇ، لېكىن روھىي ھالەت جەھەتتىن جۇشقۇن ئىدۇق.

خوتەنگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، خوتەندە تۇرۇشلۇق باش قىسىم رەھبەرلىكى ئالدىمىزغا چىقىپ قارشى ئېلىش ئېلىپ بېرىپ، ئۇستۋاشلىرىمىزنى يۆيۈندۇرۇپ، ھەربىي كىيىم -

شۇڭىمۇ بۇ قېتىم چاقىرىلغان ئەسكەرلەر «پىدائىي ئەسكەرلەر» دەپ ئاتىلىپ، 400 نەپەر پىدائىي تاللاپ چىققانىدى. مەن مانا شۇ 400 پىدائىينىڭ بىرسى بولۇپ، سالاھىيەت قاتارلىق ھەممە جەھەتتىن تامامەن مۇناسىپ كەلگەنىدىم. شۇ چاغدا مەن 17 ياشتا ئىدىم. ھازىر 67 ياشقا بېرىپ قالدىم. 1969 - يىلىغا كەلگەندە قىسىمدىكى «پېشقەدەم پىدائىي» لىق تارىخىي بۇرچۇمنى ئادا قىلىپ، شەرەپ بىلەن كەسىپ ئالمىشىپ دەم ئېلىشقا چىقىپ ھازىر خوتەندە ئولتۇۋاتىمەن.

مېنىڭ كېلىپ چىقىشىم ئەسلى كىرىيەلىك بولغانلىقىم ئۈچۈن شۇ شەرەپلىك ۋەتەن قوغداش پىدائىيلىق سېپىگە كىرىندىك قېتىم تۆكۈلگەن ئانا يۇرتۇم كىرىيە ئەينى ۋاقىتتا ئاق يول تىلەپ ئۇزاتقان ئىدى. مەن شۇ ئۇنتۇلماس يىللارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، كىرىيىنىڭ ئازادلىق تارىخىدىكى بۇ تۇنجى پىدائىيلىرى توغرىسىدا خاتىرەمدە ساقلانغانلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتۈش بىلەن «كىرىيە تارىخ ماتېرىياللىرى» سەھىپىسىدە بۇ توغرىدا تارىخ قالدۇرۇشنى ئويلاپ بۇ ئەسلىمىنى قىسقىچە يېزىپ چىقتىم.

مەلۇمكى، 1950 - يىلى ئامېرىكا جاھانگىرلىكى چاۋشەنگە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ، ۋەتىنىمىزنى بېسىۋېلىشقا ئۇرۇنغانىدى. شۇ چاغدىكى مەملىكەت ئىچىدىكى ئەڭ بىرىنچى ۋەزىپە - ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشەنگە ياردەم بېرىپ، ۋەتىنىمىزنى قوغداش، ھەر مىللەت جۇڭگو گىراژدانلىرىنىڭ ئالدىدىكى مۇقەددەس بۇرچى ۋە ۋەزىپىسى ئىدى.

كىرىيە گەرچە ئەڭ چەت ناھىيە بولسىمۇ، ۋەتىنىنىڭ

كەلدى ئاپەتلەرنىڭ يىغىلىپ،
بىزدە يوقتۇر يىغىلىش.

* *

خاراكتېر جەھەتتىن ھېس قىلغاندا، «پىدائىي قىسىم» ئاتالغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۈستىمىزگە ئېلىنىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلەر ئادەتتىكى ئەسكەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ يۇكسەك ئىدى. بۇنىڭدىن بىز يەنىمۇ پەخىرلىنەتتۇق ۋە ئۆزىمىزدە ئورۇنلاشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ شەرەپلىكلىكىنى چۈشىنەتتۇق. شۇڭىمۇ ئۆزىمىزنى ھەر مەھەل ھەر چاقىرىق، ھەر ئېھتىياجغا تەييار ھازىر ۋە قادىر ھېسابلاشتۇق. دېگەندەك، 1953 - يىلى 2 - ئايدا 13 - دىۋىزىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن خوتەندە تۇرۇشلۇق 39 - پولك قىسمىنى رەتلەپ، قەشقەر قۇرۇلۇش پولك قىزىل سۇ ئوبلاستى ئۇلۇغچات ناھىيە كانسۇ دۆلەت سانائەت ئوران ئىشلەپچىقىرىش ئورنىغا كېلىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئىشلەنگەندۇق. مەن ئۇ چاغلاردا ناھايىتى چاققان، زېرەك، چېچەن، مەسئۇلىيەتچان بولغانلىقىم ئۈچۈن قىسمىمنىڭ ۋە پۈتۈن زاۋۇت كان - ئوران رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەمىن ئېتىش، جان تىكىپ قوغداش ئۈچۈن پىدائىيلىق قىلاتتىم.

بىز تۇرغان قىسىم قاتمۇقات تاغ ئىچىدە بولۇپ، ياز پەسلىدە قاتتىق ئىسسىق، قىش پەسلىدە ئەشەددىي سوغۇق بولۇپ، بىر يېرىم مېتىر قېلىنلىقتا قار ياغاتتى. قاتتىق شىۋىرغان چىقىپ يەر ئۈستىدىكى چىدىر، نەرسە - كېرەكلەرنى ئۇچۇرۇپ، ستولبىلارنى يىقىتىپ، سىم - تانابلارنى ئۈزۈپ تاشلايتتى.

كېچەك، ئۆتۈك ـ بەتىنكە، لوڭگا ـ پايپاق، يوتقان ـ كۆرپىلەر تارقىتىپ بېرىپ ئورۇنلاشتۇرغان.

مەلۇم مەزگىل ھەربىي تۇرمۇش، كەسپىي مەشىق، سىياسىي تەلىم ـ تەربىيە ئالغۇزغاندىن كېيىن 2 ـ ئاي كىرىش بىلەن ھەربىي ئۆگىنىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا ئاتلاندۇرۇپ لوپ ناھىيىسىنىڭ راخمان پور، ھاڭگى، ئاق سىپىل، سىغىزكۆل بويلىرىدا بىنام ئېچىپ خەلق ئاممىسى بىلەن بىردەكلىك ئورنىتىپ ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىغا كۈچ قوشقان.

كېرىيە ئاق يول تىلەپ ئۇزاتقان 400 پىدائىي ئەينى ۋاقىتتا تۆۋەندىكى «پىدائىيلار شېئىرى»نى ئوقۇپ يول يۈرۈپ مەنزىللەر ئاتلىغان ئىدۇق.

سالام داھىمىز ماۋ جۇشى،
ئالىي باش قوماندانىمىز جۇ دې.
ياۋۇزلارنى يوقىتىشقا،
بۇيرۇق بەرسەڭ بىز تەييار.

«قىسىم شېئىرى» تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنى كەسپىي مەشىق مەزگىلىدە ئوقۇيتتۇق.

ئاق قار مۇز شىۋىرغانلاردا،
قاراڭغۇ كېچە تۇمانلاردا.
كۆكرەك كېرىپ ئالغا بېسىپ،
ئىلگىرىلەيمىز ياۋنى يېڭىپ.

بىزدە غەيرەت ـ بىزدە كۈرەش،
بىزدە يېڭىش ـ بىزدە ئۆرلەش.

يېڭى ۋەزىپە شىنجاڭغا كىرىپ «شىنجاڭ ئالىي رايونى» قۇرۇشقا ئاتلىنىش ۋەزىپىسى ئىدى. ۋەتەن بىزگە تاپشۇرغان بۇ ۋەزىپىنى جان تىكىپ ئادا قىلىش ئىرادىمىز بىلەن سەپەرگە ئاتلاندۇق. بىز شىنجاڭ سەپىرىگە ئاتلانغان شۇ دەقىقىلەردە پۈتۈن قەشقەر خەلقى قىزىل دەريا بويىغىچە سەپ تۈزۈپ تىزىلىپ پىدائىيلارنىڭ مەيدىلىرىگە گۈل تاقاشتى. سومكىلىرىمىزغا نان، توقاچ، پىششىق تۇخۇملارنى سېلىپ قويۇشاتتى. ماشىنىلارنىڭ ئۈستىگە ھەرخىل يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئاتاتتى. ئاقۋاش ئانىلار بويۇنلىرىمىزغا قول ئۇزىتىپ قۇچاقلاپ، مەڭزىمىزگە سۆيۈپ خەيرلىك بول بالام! دەپ كۆز يېشى قىلاتتى. ناغرا - سۇناي، داقا - دۇمباق ئاۋازى پەلەككە ياڭرىغانىدى. بىز بىر كۈن يول مېڭىپ تاغ ئىچىگە جايلاشقان سانجۇ رايونىغا ھەيۋەت بىلەن يېتىپ كەلگەندە بۇ يەردىكى كىشىلەر ۋە بۇ جايدىكى قىسىم «ياشىسۇن گوڭچەنداڭ! ياشىسۇن ماۋ جۇشى! ياشىسۇن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى!» دەپ شۇئارلارنى توۋلاپ، ناخشا ئوقۇپ، ئۇسسۇل ئويناپ قىزغىن قارشى ئالغانتى.

سانجۇغا يېتىپ كەلگىنىمىزدىن كېيىن، قىسىمنى قايتا رەتكە سېلىپ، ئەسلىدىكى قىسىمدا بەش مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرنى باسقان قىزىل ئارمىيە ۋە گومىنداڭدىن ھەقىقەتكە قايتقان ئارمىيە بىلەن بىزنىڭ پىدائىي قوشۇنىنى بىرلەشتۈرۈپ لىيەندۈي ۋە پىندۈيلەرگە ئايرىپ تەشكىللەپ، سىياسىي ھەربىي تەلىم - تەربىيە ۋە شىنجاڭ ئالىي رايونىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، شەرت - شارائىتى، شۇنداقلا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادەت ئالاھىدىلىكىگە قاتتىق دىققەت قىلىش قاتارلىق ئىشلار توغرىسىدا

شۇندىق ئەھۋالدا ئۆي - چېدىرلارنى قۇرۇشقا ئىمكان بولمىغانلىقى ئۈچۈن يەرنى ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كولاپ زىمىلاندا (يەر ئاستى گەمە - ئۆيلەرنى) ياساپ ياتاتتۇق.

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىمەنكى: بۇ مۇشكۈلاتلار مېنى كۆپ ئوڭايسىزلاندۇرسىمۇ، ئېغىر ئازابلارغا سالسىمۇ ئانا يۇرتۇم كېرىيىنىڭ ئاق يول تىلەپ ئۇزاتقان ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە بەرداشلىقىم ئېشىپ، پىدائىيلىقىم مېنى ئالغا ئۈندەيتتى.

«كېرىيە پىدائىيلىرى» دېگەن بۇ نام بىز ئۈچۈن بىر پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى قوزغايتتى. مۇشۇ نام بىلەن بىز پۈتۈن كېرىيە خەلقىنىڭ زور ئىشەنچ - ئۈمىدلىرىنى ئۈستىمىزگە ئېلىپ قىسمىدا شەرەپلىك ۋەزىپىلەرنى جان پىدالىق بىلەن ئورۇنداۋېتىپ دۆلەت ئالدىدا تۆھپە يارىتىپ ۋەتەنگە شان - شەرەپ كەلتۈرۈشنى كېچە - كۈندۈز ئويلايتتۇق. بىز قانچە كۆپ شەرەپ قۇچساق بۇ شەرەپلەر بىزنى ئۇزاتقان ئانا يۇرتىمىز كېرىيىگە مەنسۇپ. بۇلار كېرىيە تارىخىدا ئۆچمەس بىر سەھىپە بولۇپ سىزىلىدۇ، دەپ قارايتتۇق. شۇ مەقسەت، ئىرادىمىزنى ئەمەلىيەتتە نامايان قىلىپ يىل ئاخىرىدا دۆلەت سانائەت قۇرۇلۇشىدا ئالاھىدە 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن بولۇپ ئەنگە ئېلىندىم. مەن بۇ ئەنگە ئېلىنىشنى ئۆز ۋاقتىدا ئانا يۇرتۇم كېرىيىگە مەلۇم قىلىپ شەرەپ خەۋىرى يەتكۈزدۇم.

1954 - يىل 1 - ئايدا دۆلەت بىزگە يەنە يېڭىدىن ئېغىر ھەم زور شەرەپلىك ۋەزىپىلەرنى تاپشۇردى. پىدائىي ئۈچۈن ۋەتەننىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاشتىن ئارتۇق ئۇلۇغ ۋەزىپە يوق! بۇ قېتىمقى بۇ

يېتىپ كېلەركەن دېگەن تەشۋىش ھەر بىر كىشىدە كېزەتتى.
بىز ماڭغان شىزاڭ سەپىرىدىكى بۇ يول 6 ـ 7 مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ ئاق پاختىدەك بۇلۇتلار ئارىسىدىن كېزىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. تۆگە، قوتاز قاتناش قورالىمىز بولۇپ، بۇلارمۇ تىك داۋانلاردىن، قىيا تاشلاردىن ئۆتۈش ئۈستىدە سىيرىلىپ نەچچە مىڭ مېتىر ئاستىدىكى داۋانلار تېگىگە موللاق ئېتىپ چۈشۈپ كېتەتتى. بۇنىڭ بىلەن يۈك ـ تاق، يېمەك ـ ئىچمەكلىرىمىزدىن ئايرىلىپ ئاچ ھالدا جىددىي ۋەزىپىلەرنى ئاتقۇراتتۇق.
شىزاڭ ئالىي رايونى قۇرۇلۇپ شىزاڭ خەلقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئوخشاش ئازادلىققا ئېرىشتى.
جۇڭگىياڭ 1954 ـ يىلى شىزاڭ ئالىي بۇدۇي قىسىملىرىدىن ھال سوراش ئۈچۈن 22 كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىللەپ ئەۋەتكەن بولۇپ، بۇ جۇڭگىياڭ خىزمەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى جىڭ تۇەنجاڭ ئىدى. شۇ چاغدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مالىيە نازارىتىنىڭ تىڭجاڭى ماغاۋىيە (قازاق)، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى ياقۇپ ھاجىلار پۇتۇەنجاڭ ئىدى. شىنجاڭ تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ گوڭئەن جۈيجاڭى ئېزىز (تاجىك) قوغداش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، قالغانلىرىدىن يەتتە نەپەر سەنئەتچى، ئۈچ نەپەر رادىس، ئىككى نەپەر ئاشپەز مۇلازىمەتچى، ئىككى نەپەر جىڭۋېيىيەن، ئىككى نەپەر تەتقىقاتچى ۋە گورس ئىسىملىك نېپاللىق بىر زاتمۇ ئۆمەك تەركىبىدە ئىدى. شۇ ۋاقىتلاردا مەن شىزاڭ ئالىي

تەلىمگە ئىگە قىلىندۇق. بەلگىلىمە - نىزام، قائىدە شۇنداق چىڭ ئىدىكى، قىلچە بىخەستىلىك قىلىشقا مۇتلەق يول قويۇلمايتتى.

بۇ توغرىدا كىچىككىنە بىر مىسالنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

بىر جەڭچى ئۇقۇشماستىن بىر قاغىنى ئۆلتۈرۈپ قويغىنى ئۈچۈن شىزاڭنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى قوغداش يۈزىسىدىن ئۇ جەڭچىنى پۈتۈن شىزاڭ خەلق ئالدىدا ئېتىپ تاشلىغان. يول ئۇزۇن، شارائىتى ناچار، ھاۋا شالاڭ. بەزى جايلاردا مەڭگۈ ئېرىمەيدىغان قار - مۇزلار ئۈزۈلمەي تۇراتتى. قاتتىق شۇۋرغان نەرسە - كېرەكلەرنى ئۇچۇرتۇپ كېتەتتى.

شىددەتلىك قاتتىق سوغۇق ئاستىدا بۇرۇننىڭ سۇلىرى توڭلاپ جۇمەك باغلاپ كېتەتتى. ئوكسىگېن يېتىشمەي تىنىق توختاپ - توختاپ قالاتتى. ئوت قالىساق ئوت كۆيمەيتتى. تاماق پىشمايتتى. ھەر كۈنلۈكى ئىسلاپ ئۆلگەنلەر كۆپ ئىدى. بۇلارنى ئۆز كىيىملىرى بىلەن ئورۇن - كۆرپىلەرگە ئوراپ، كىچىك كاتەكلەرنى كولاپ، كۆمۈپ قويۇلاتتى. ئەگەر كاتەك كولاشقا ۋاقىت يېتىشمىسە قۇرام تاشلارغا باسۇرۇپ: «ۋەتىنىمىزنىڭ دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىدا قەھرىمانلارچە قازا تاپقان» دېگەن كىچىك - كىچىك بايراقچىلارنى تاش - تۇپراق بېشىغا سانجىپ قويۇپ ناھايىتى تېز - تېز مېڭىپ بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىشكە ئەندەرەتتۇق. ئەگەر سەل - پەل توختايدىغان بولساق بىزگىمۇ ئۆلۈم تەييار ئىدى. ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە ماتەم تۇتۇپ تۇرۇشقا تېخىمۇ پۇرسەت يوق ئىدى. ماڭىمۇ بۇ خەتەرلىك ئۆلۈم قاچان

ئالماشتۇرۇپ مىنىپ ئىككى ئۆزۈن سەپ بولۇپ، سەپ بېشىدا مەن قولۇمدىكى دۆلەت بايرىقىنى ئات ئۈستىدە كۆتۈرۈپ ئۇلار تۇرغان ئالدىمىزدا كۆرۈنگەن ئورگانغا يېتىپ باردۇق. بىزنى ئورگان قىسىملىرى داغدۇغا بىلەن قارشى ئېلىپ كۈتۈۋالدى. بىز بۇ ناھىيىنىڭ ھاكىمىنىڭ ئۆيىگە ئاق ئۆن، چاي قاتارلىقلارنى سوۋغا قىلىپ بەردۇق. ئۇلارمۇ بىزگە ھەرخىل نەرسىلەر بىلەن شىزاڭچە زىياپەت بەردى. ئويۇن قويۇپ بەردى.

شىزاڭنىڭ رىتو ناھىيە چېگرا مۇداپىئە قىسمىدا ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن يەنە ۋەزىپە يۆتكەپ ھىمالايا تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان بىلاڭزۇڭ قىسمىغا قاراپ ماڭدۇق. بىلاڭزۇڭ قىسمى يەنە بۇنىڭدىنمۇ قىزغىن قارشى ئالدى. جۇڭيالىڭ ھال سوراش ئۈمىكى ئېلىپ كەلگەن ئوردېن ۋە باشقا نەرسىلەر بىلاڭزۇڭدىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىلدى ھەم كىنو قويۇپ بېرىلدى.

بىر كۈنى بىلاڭزۇڭ خەلقىگە چاۋشەن ئۇرۇش كىنو فىلمىنى قويۇپ بەرگەندە، فىلىم كۆرۈنۈشلىرىدە توپ، زەمبىرەك، ئايروپىلانلار ئۇچۇپ بومبا تاشلاپ ئۇرۇش قىلىنىۋاتقان كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ قورقۇپ پات - پاراق بولۇپ قېچىشقاندا شۇ يەرنىڭ ساقچى باشلىقى ئات بىلەن قاچقان ئادەملەرنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ قوغلاپ ياندۇرۇپ كەلگەن. بۇ بىلاڭزۇڭ خەلقىنىڭ بۇنداق كىنو دېگەن نەرسىنى ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم كۆرگىنى ئىكەن. بىز خىزمىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ گومىنداڭ قىسىملىرىدىن ئەسىرگە چۈشكەن ۋە ۋەتەنگە قايتقانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى

رايوننىڭ رىتو ناھىيىسىدە ۋەزىپە ئۆتەشكە تەيىن بولدۇم. مەن ۋەزىپە ئۆتەشكە كەلگەن بۇ ناھىيىدە بىر كىلومېتىر يىراقلىقتا ئېگىز تاغ ئۈستىدە ئاجايىپ ئىمارەتلەر ئۈستىدە ھەرخىل ئالا - يېشىل بايراقلار لەپىلدەپ تۇراتتى. تۇرخۇنلاردىن ئىس چىقىپ تۇراتتى. كېلىۋېتىپ يىراقتىن يۇقىرىقىلارنى كۆرگەندىن كېيىن مېڭىشنى توختىتىپ سەپ بولۇپ تۇردۇق. مەن بەش يۇلتۇزلۇق دۆلەت بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، سەپنىڭ بېشىدا تۇردۇم.

مەن دۆلەت بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋېتىپ، شۇنداق ھاياجانغا كەلگەندىمكى:

«پەخىرلەن ئانا يۇرتۇم كېرىيە! پىدائىي ئوغلۇڭ نەچچە مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتە ساڭا ۋاكالىتەن دۆلەت بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ سەپ بېشىدا تۇرماقتىمەن! بۇ شەرەپ ساڭا مەنسۇپ!» دەپ كېرىيە تەرەپكە قاراپ توۋلىغان ئىدىم، ئاۋازىم تاغ - تاغلاردىن ئۆتۈپ بېرىپ كېرىيىنى شادلاندۇرغانلىقىنى بىلەتتىم.

بىر سائەتتىن كېيىن 30 نەچچىدەك ئاجايىپ كىيىم كىيگەن ئۈستىدە شىراقلىق مىلتىق، ئاتلىرىنى قىزىل شەلپەرلەردە باغلاپ جابدۇنغان كىشىلەر يېنىمىزغا كېلىپ ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، قاتار تىزىلىپ ئالدىمىزغا كەلگەندە، بىزنىڭ سېپىمىزدىكى جۇڭگياڭدىن كەلگەن ھال سوراش ئۆمىكىنىڭ تۇەنجاڭى، ئاشۇ ئالدىمىزغا كەلگەنلەرنىڭ باشلىقىغا بىرپارچە دۆلەت خېتى سۇندى. ھېلىقى كىشىلەر خەتنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ قوللىرىدىكى ئاق خادىنى ئاۋۋال تۇەنجاڭغا، ئاندىن قالغانلىرىمىزنىڭ بويۇنلىرىمىزغا ئېسىپ بولۇپ، كۆرۈشۈپ ئۆزلىرى جابدۇپ ئېلىپ كەلگەن ئاتلارنى

مارشال خې روڭجېن ئۆز قولى بىلەن تاقاپ قويغان «جۇڭياڭ جۇڭتۇي ھال سوراش ئۆمىكى» دېگەن شىنزاڭچە خەت يېزىلغان ئوردېن ھېلىمۇ بار. مەن ئۇنى پات - پات كۆرۈپ تۇرىمەن. ھەر كۆرگىنىمدە «مېنىڭ ئەمەس، ئانا يۇرتۇم كېرىيىنىڭ شەرىپى» دەپ ئېيتىمەن! دۆلەت ۋە ۋەتەن مېنى كېرىيىدىن ئىبارەت ئالەمنىڭ بىر بۇلۇڭ - پۇچقىقىدىن يۈكسەككە كۆتۈرۈپ، بېشىمنى كۆككە يەتكۈزدى. مېنىڭ بېشىمدا لەپىلدىگەن ۋە شىنزاڭ ئېگىزلىكلىرىدە پىدائىيلىق بەلۋېغىمنى بىلىمگە چىڭ باغلاپ، سەپ بېشىدا تۇرۇپ، كۆتۈرگەن دۆلەت بايرىقى، مېنى ئاپىرىدە قىلغان ھەم پىدائىيلىق سەپكە قاتقان ئانا يۇرتۇم كېرىيىنىڭ بەخت - سائادىتىنى، ئازادلىقىنى نامايان قىلغان بايراقتۇر! مېنىڭ بارلىق يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشۈم ئانا يۇرتۇم كېرىيىنىڭ مېنى شۇ شەرەپلىك سەپكە قاتقانلىقىدىن بولغان. شۇڭا كېرىيە پىدائىيلىرىنىڭ كېرىيە تارىخىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالسا تارىخنىڭ مەزمۇنىغا يەنە بىر مەزمۇن قوشۇلغۇسى، ئەلۋەتتە!

1956 - يىل 8 - ئايدا شىنزاڭ ئالىي بۇدۇي قىسىم تەركىبىدىن 22 نەپەر ياش قاۋۇل كادىرنى شىنجاڭ ھەربىي رايون باشقۇرۇشىدىكى ئىلى مىللىي ئوفىتسېرلارنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپىگە ئەۋەتتى.

مەن ئۈچ يىل بۇ ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە ئوقۇپ ئەلا نەتىجە بىلەن ئۇنى تاماملاپ 1958 - يىلى قەشقەر جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىلىكىبۇ سەپەرۋەرلىك بۆلۈمىگە ۋەزىپىگە تەقسىم قىلىنىپ شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تۇنجى قېتىم يولغا قويۇلغان خەلق

بىلەن 58 كۈن يول يۈرۈپ رىتو ناھىيىسىگە قايتىپ كەلدۇق.

يول ئۈستىدە ھاۋا شالاڭ بولۇپ، بىلاڭزۇڭ ناھىيىسىدىن بەش كۈنلۈك يول ئۈستىدە 24 بالا ئۆلۈپ قالدى. يەتتە كۈنلۈك يول ئۈستىدە مەن بىلەن بىللە سەپەرداش ئىتتىپاق ئەزاسى 22 ياشلىق رادىس قىز بىر توپا داۋاندىن ئۆتۈشىدە ئىسلاپ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنى ئۆزىنىڭ بارلىق نەرسە - كېرەكلىرى بىلەن قوشۇپ شېغىل تاشلىقنى كولاپ كۆمۈپ بېشىغا «دۆلەت مۇدىپىئە قۇرۇلۇشىدا قۇربان بولغان» دەپ خەت يېزىلغان بىر تېچمەك بايراقنى سانجىپ قويۇپ كەتتۇق. بىز شىمالىي تىبەت ئالىي رايون ترانسپورت قىسىملىرى 3 - ئاينىڭ ئاخىرى 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا تۆگە بىلەن يولغا چىقىپ، نەچچە ئۆلىغان ئەزىمەت باتۇرلارنى ۋە يۈز - يۈزلىگەن ئاق بۇلۇتتەك تۆگىلەرنى يول ئۈستىدە قالدۇرۇپ بەش ئايدىن كېيىن شىنجاڭ گۇما ناھىيە سانجۇ رايون قىسىملىرى ئورنىغا قايتىپ كەلدۇق. سانجۇ خەلقى ۋە ئالىي بۇدوي قىسىملىرى بىر كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سەپ تۈزۈپ ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناپ «ياشىسۇن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى! ياشىسۇن قەھرىمان قوشۇن! قەھرىمانلارغا سالام!» دەپ بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى.

شىنجاڭ ئالىي ترانسپورت قىسىم رەھبەرلىكى چوڭ يىغىن ئېچىپ، جۇڭگىياڭ جۇنۋي ھال سوراش ئۆمىكى تەيىنلىنىپ، ماۋ جۇشىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بەش يۇلتۇزلۇق نۇر چاقناپ تۇرغان ئوردېن، قەلەم، دەپتەر، خاتىرە كىيىم - كېچەك قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ماددى ۋە مەنىۋى مۇكاپات بەردى ۋە تەقدىرلىدى.

# كىرىيە ناھىيىسىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھەققىدە ئەسلىمە

ئابدۇقادىر ئابدۇۋەلى

كىرىيە ناھىيىسىدە، 1954 - يىلىدىكى ئاساسىي قانۇن ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، 1949 - يىلىدىن پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىغا قەدەر بولغان 30 يىلدا ئېچىلغان يەتتە نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدە دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىنمىغان. ئەينى ۋاقىتتىكى خەلق كومىتېتى تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي ئورگىنى بولۇپلا قالماي، يەنە شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بولغان. بۇ خىل ئۇسۇل «قاراپ چىقىش بىلەن ئىجرا قىلىش بىردەك» دەپ ئاتالغان. يەنى مەسىلىلەرنى قاراپ چىقىپ، قارار قىلىدىغان ئورگان بىلەن ئىجرا قىلىدىغان ئورگان بىر بولغان. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا «سولچىللىق» تۈپەيلىدىن، دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىققا ئەھمىيەت بېرىلمەي، دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشى قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكتىن، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى زور توسالغۇغا ئۇچرىغان. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ناھىيىمىز كىرىيەدىمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تاشلىنىپ قالغان. 1975 - يىلى «سولچىل»لىقنىڭ

ئەسكەرلىرى قۇرۇش، تەشكىللەش، تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئۆتىدىم.

1959 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك شۆبە ھەربىي رايون، خوتەن ناھىيىلىك خەلق ئەسكەرلىرى بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلاردا سەنمۇ ۋەزىپىلەردە بولۇپ، ئاخىر ئانا يۇرتۇم قاتقان پىدائىيلىق سەپتىكى يۇرچۇمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ 1972 - يىلى شەرەپ بىلەن كەسىپ ئالمىشىپ، 1993 - يىلى دەم ئېلىشقا چىقىپ ھازىر خوتەندە تۇرۇۋاتىمەن.

ئاخىرىدا شۇنى ئېيتىمەنكى، 1951 - يىلى كېرىيە 400 نەپەر ياشنى تاللاپ پىدائىيلىق سەپكە ئۇزاتقاندا ھەممىمىز تېخى ياشلار ئىدۇق. ھازىرمەن 67 ياشقا يەتتىم. ئەمدىكى بۇ ئۆمرۈمدە كېرىيىگە باقىدىغان بولسام، 50 - يىللاردىكى ئەھۋالغا تۇپتىن ئوخشىمايدۇ. ئالەمچە ئۆزگىرىشلەر، تەرەققىياتلار كېرىيىنىڭ قەيىرىگە باقسام شۇ يەردە بار!

ئانا يۇرتۇم كېرىيە! سەن مېنى كېرىيىنىڭ ئازادلىق تارىخىدا تۇنجى قېتىمقى پىدائىي قىلىپ يېتىشتۈردۈڭ. ھېلىمۇ مەن كېرىيىنىڭ بارلىق قۇرۇلۇش، تەرەققىيات ئىشلىرى سېپىدە يەنە مەڭگۈ پىدائىڭ مەن!

- سېنىڭ تارىخىڭ مېنىڭ تارىخىم!

- مېنىڭ پىدائىيلىق تارىخىم - سېنىڭ پىدائىيلار ياراتقان تارىخىڭ!

ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنىدىن باشلاپ، كىرىيە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىنغان.

دېمەك، كىرىيە ناھىيىسىدە 50 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئەينى يىللاردىكى خەلق ھۆكۈمىتى تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىملىق ئورگىنى ھەم شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بولدى. «قاراپ چىقىش بىلەن ئىجرا قىلىش بىردەك» دەپ ھېسابلانغان، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى «ئىنقىلابى كومىتېت» مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن «سولچىل» خاتالىقىنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىلگەن يىللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى 20 نەچچە يىلدا ھەر نۆۋەتلىك ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە شۇ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئاڭلىق ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ناھىيىمىزنىڭ دېموكراتىيە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئورنى ۋە رولىنى بىرقەدەر ياخشى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلدى. ھەر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. ۋەكىللەر ۋە ئەزالارنىڭ «ناھىيىمىزنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرىنى قارار قىلىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش،

يىتەكچىلىكىدە ئىككىنچى قېتىم تۈزۈلگەن ئاساسىي قانۇندا، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى كۈچەيتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت ئايرىلالماسلىقتەك ئاتالمىش «ئىنقىلابىي كومىتېت» مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنلىكتىن، 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئېچىلمىغان. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئازادلىقتىن بۇيانقى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇشنىڭ تارىخى تەجرىبىلىرى، بولۇپمۇ 10 يىللىق قالايمىقانچىلىقنىڭ ئاچچىق ساۋىقىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، قالايمىقانچىلىقنى تۈزەپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتەك ئاساسىي فاڭجېننى بەلگىلىدى. 1979 - يىلى 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، جايلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش، دۆلەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يۆتكەش ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئاساسىي قانۇننىڭ قىسمەن ماددىلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، يەرلىك تەشكىلىي قانۇنى قايتىدىن ئېلان قىلدى. ئۇنىڭغا «ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىنىدۇ» دېگەن بەلگىلىمە چىقىرىلىپ، 1981 - يىلى 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە ئېچىلغان كىرىيە

ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ شيەن ئېچىش نۇتقى سۆزلىگەن، ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى كاڭ يىڭ «خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ھەققىدە» دوكلات بەرگەن، مۇئاۋىن ھاكىم شۈي چىڭ جاڭ «دەسلەپكى قەدەمدە ئاشلىق بازىرىنى قۇرۇش توغرىسىدا» دوكلات بەرگەن. بۇ يىغىندا ۋەكىللەرنىڭ 130 پارچە تەكلىپ تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىر ـ تەلەپلەرنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان. (1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1954 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە مۇتەللىپ ھاكىم بولغان). 1954 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئېچىلغان 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 ـ يىغىنىدا سۇلايمان داۋۇت كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا سايلانغان. 1955 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئېچىلغان 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 5 ـ يىغىنىدا ۋەكىللەر مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ نېمە ئىسكەنلىكى مەسىلىسىنى نوقتىلىق مۇزاكىرە قىلغان. مۇشۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئېچىلغان 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 6 ـ يىغىنىدا ھاكىم سۇلايمان داۋۇت «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» نى بەرگەن. 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 7 ـ يىغىنىغا 45 نەپەر ۋەكىل قاتناشقان.

**2. كېرىيە ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى**
**(1956 .12 ـ 1958 .6)**

كېرىيە ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىنى 1956 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ناھىيە بازىرى ئىچىدە ئېچىلغان. بۇ يىغىنغا ئومۇمىي سايلانغان 96 نەپەر

ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش» سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ۋە ئۇلارنىڭ «بىر ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە»گە بولغان نازارىتىنى «قانۇن نازارەت قىلىش، ئىلمىي نازارەت قىلىش ۋە قوللاش، پىلان خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى قوللاش، مۇناسىۋەتلىك ئورگان ئورۇنلارنىڭ ئىسلاھات، خىزمەت تەدبىرلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىنى قوللاش»قا قويۇپ، كىرىيەنىڭ تەرەققىيات ئومۇمىيىتى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت مەركەزنىڭ توغرا يۆلىنىشى بويىچە ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر ساھە خىزمەتلەر ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى ۋە ئۆزىنىڭ ئورنى، جەمئىيەتتىكى شانلىق ئوبرازىنى كۈچلۈك نامايەن قىلىپ كەلدى.

تۆۋەندە مەن، كىرىيە ناھىيىسىدە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر بولغان ھەر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنى ۋە بۇ يىغىندا سايلانغان دۆلەت خادىملىرى ئەھۋالىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن:

### 1. كىرىيە ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى
### (1952. 4 ـ 1956. 12)

كىرىيە ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىنى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 1952 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ناھىيە بازىرى ئىچىدە ئېچىلغان. يىغىنغا 45 نەپەر ۋەكىل قاتناشقان. بۇ قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيى جەمئىي يەتتە قېتىم يىغىن ئۆتكۈزگەن. بۇ يىغىنلاردا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ،

كېيىندىن تەركىب تاپقان سايلام ھەيئىتى قۇرۇلغان، ئۇنىڭ تەركىبىدە سايلامغا رەھبەرلىك قىلىش ئىشخانىسى تەسىس قىلىنغان. رەئىسلىكنى ھاكىم قاسىم پاسار، ئىشخانا مۇدىرلىقىنى جۇچىلىڭ ئىشلىگەن. ئىككى ئاي پۇختا تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەش ئاساسىدا، كېرىيە ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنى 1958 - يىلى 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرى ئىچىدە ئېچىلغان. بۇ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا 95 نەپەر ۋەكىل سايلاپ چىقىلغان، بۇنىڭدىن ئەر 84 نەپەر، ئايال 11 نەپەر بولۇپ، پارتىيە ئەزاسى 56 نەپەر، دېموكراتىك زاتلار 16 نەپەر، ئىتتىپاق ئەزاسى 1 نەپەر، پارتىيىسىزلەر 22 نەپەر بولغان. بۇلاردىن 8 نەپىرى خەنزۇ، 87 نەپىرى ئاز سانلىق مىللەتتىن تەركىب تاپقان. ساھە ئايرىمىسى جەھەتتە دېھقان - چارۋىچىلار 33 نەپەر، ھەربى 1 نەپەر، ئىدارە - جەمئىيەت خىزمەتچىلىرى 42 نەپەر، مەدەنىي مائارىپ، سەھىيە سىستېمىسىدىن 4 نەپەر، سودا - سانائەت تىجارەتچىلەر 4 نەپەر ۋە باشقىلار 11 نەپەر بولغان. يىغىنغا ۋەكىللەردىن 76 نەپەر، سىرتتىن 24 نەپەر جەمئىي 100 نەپەر كىشى قاتناشقان. يىغىندا، ۋەكىللەر قاسىم پاسار بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»نى، قاسىم قادىر ھاكىم قاسىم پاسارنىڭ ھاۋالىسىغا ئاساسەن بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتى ھەققىدىكى يېڭى ھېسابات ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت پىكرى توغرىسىدا دوكلات»نى؛ ئەكرەم ئىمىن بەرگەن «كېرىيە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى

ۋەكىلدىن 73 نەپىرى قاتناشقان. يىغىندا ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى لى يۈشەن ئېچىلىش نۇتقىنى سۆزلىگەن. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى قاسىم پاسار «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات ۋە ھۆكۈمەت ھېساباتى توغرىسىدا» دوكلات بەرگەن.

يىغىندا ۋەكىللەر دوكلاتلارغا قاراپ چىقىپ، مۇناسىپ قارارنى ماقۇللىغان.

يىغىندا ۋەكىللەر يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق 2 - نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتى ھەيئەتلىرى، ناھىيىنىڭ ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملىرى، خەلق سوت مەھكىمە باشلىقىنى سايلاپ چىققان. تۇرسۇن ئاخۇنۇم، تۇرسۇنخان، جاپپار رەجەپ، ھەسەن قادىر، قادىر خويىز، ياسىن بوۋاق، ئىمىن تۇردى، ئوبۇلقاسىم روزى، جۇيلىڭ (خەنزۇ)، توختى يىگىباغ، لى پېيبياۋ (خەنزۇ)، لى يۈشەن (خەنزۇ)، ۋاڭ ياۋزۇڭ (خەنزۇ)، شى ناۋشياڭ (خەنزۇ)، ئاسىم قادىر، قاسىم پاسار، لياۋجىڭجياڭ (خەنزۇ)، مەتىمىن قارى، مەستىق ئەۋەز، مەتشىرىپ ھېلىم، قاسىم ھېلىمدىن ئىبارەت 21 نەپەر كىشىنى ھەيئەت ئەزالىقا، قاسىم پاسار ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىغا، لياڭ جىڭجياڭنى مۇئاۋىن ھاكىملىققا، ئەكرەم ئىمىننى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمە باشلىقلىقىغا سايلاپ چىققان.

### 3. كېرىيە ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى (1958.6 - 1961.2)

كېرىيە ناھىيىسىدە 1958 - يىلى 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى 12

قارا، مەمەت سىدىق ھەۋەش، مەتشىرىپ ئەلەم ئاخۇنۇملار ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلانغان.

بۇ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى داۋامىدا (پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قانات يايدۇرۇلغان خەلق گوڭشىسىنى ئوممۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەپ تاماملىغان. يەنى 1958 - يىلى 9 - ئايدىن 12 - ئايغىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 128 ئورۇندىكى ئالىي كوپېراتىپنى، 34 ئورۇندىكى باشلانغۇچ كوپېراتىپنى، 23 ئورۇندىكى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق كوپېراتىپنى بىرلەشتۇرۇپ، 7 ئورۇندا خەلق گوڭشىسىنى قۇرۇپ چىققان. ئەسلىدىكى يېزا، شاڭ، تەشكىلى ئاپىرات تۈزۈمى بىكار قىلىنغان).

## 4. كېرىيە ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى
## (1961.12 - 1963.7)

كېرىيە ناھىيىسىدە، 1960 - يىلى 12 - ئاينىڭ بېشىدا 13 كىشىلىك سايلام ھەيئىتى قۇرۇلغان. 2 - ئاي ئەتراپىدا يىغىن تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەنگەن. بۇ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى (خەلق كومىتېتى)غا 95 نەپەر ۋەكىل سايلاپ چىقىلغان. بۇنىڭدىن ئەر 83 نەپەر، ئايال 12 نەپەر.

يىغىندا ھاكىم قاسىم پاسار بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»نى، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى چىڭخەي بەرگەن «كېرىيە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات»نى، ئاڭلاپ مۇناسىپ قارار ماقۇللىغان.

ۋەزىپىلىرى توغرىسىدا دوكلات»نى، مەتتوختى نۇرىنىڭ ئەكرەم ئىمىنىنىڭ ھاۋالىسىغا ئاساسەن بەرگەن «خەلق سوتى ھەققىدە دوكلات»نى ئاڭلاپ چىقىپ مۇناسىپ قارار ماقۇللىغان.

يىغىن مەزگىلىدە ۋەكىللەر دوكلاتلارغا قاراپ چىققاندىن كېيىن، ناھىيىنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرى ئۈستىدە 36 تۈرلۈك تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىر بەرگەن. تەكلىپ تەكشۈرۈش ھەيئىتى بۇنىڭغا قاراپ چىقىپ، ئالتە تۈرلۈكنى رەسمىي تەكلىپ قاتارىدا، 29 تۈرلىكنى تەنقىد، تەۋسىيە، پىكىر قاتارىدا قوبۇل قىلىپ، بىر تۈرلۈكنى يۇقىرىدىن يوليورۇق سوراپ جاۋاب بېرىشكە قالدۇرغان.

يىغىن داۋامىدا، دېموكراتىك ئاساسدا سايلام ئېلىپ بېرىلغان. ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى (خەلق كومىتېتى)نىڭ ئەزالىرى ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملىرى؛ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى سايلاپ چىقىلغان. قاسىم پاسار ھاكىملىققا، لياڭ جىڭجياڭ، ئابدۇقادىر تۆمۈر، پەن جيەنفۇلار مۇئاۋىن ھاكىملىققا، ئەكرەم ئىمىن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلانغان؛ تۇرسۇن ئاخۇن، تۇرسۇنخان، جاپپار رەجەپ، ھەسەن قادىر، قادىر تۆڭگان، ياسىن بوۋاق، ئىمىن تۇردى، ئوبۇلقاسىم روزى، جۇيىڭ (خەنزۇ)، توختى ياڭاق، لى پېيبياۋ (خەنزۇ)، لى يۇسەن (خەنزۇ)، ۋاڭ يۈرۈڭ (خەنزۇ)، دوكۇشاڭ (خەنزۇ)، ئايىم قادىر، قاسىم پاسار، قاسىم ئەلەم، لياڭ جىڭجياڭ (خەنزۇ)، مۇھەممەت ئىمىن

ئەكرەم ئىمىن، سى باڭدى قاتارلىق 12 نەپەر كىشى ئىشخانا خادىملىرى بولغان. 1963 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ بېشىدىن 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەنگەن. بۇ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا 105 نەپەر ۋەكىل سايلاپ چىقىلغان. بۇنىڭدىن ئەر 87 نەپەر، ئايال 18 نەپەر بولۇپ، پارتىيە ئەزاسى 61 نەپەر، ئىتتىپاق ئەزاسى 2 نەپەر، دېموكراتىك زاتلار 19 نەپەر، ئامما 23 نەپەر بولغان. مىللەت ئايرىمىسى جەھەتتە ئۇيغۇر 94 نەپەرنى، خەنزۇ 10 نەپەرنى، مانجۇ بىر نەپەرنى تەشكىل قىلغان. كەسپىي جەھەتتە: كەمبەغەل دېھقان 29 نەپەر، ئوتتۇرا دېھقان 9 نەپەر، چارۋىچى 3 نەپەر، ھەربى 2 نەپەر، ئىشچى ـ خىزمەتچى 39 نەپەر، مائارىپ، سەھىيە ساھەسىدىن 3 نەپەر، پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدىن 1 نەپەر، سودا ـ سانائەتچى 3 نەپەر، ۋە باشقىلاردىن 16 نەپەرنى سايلاپ چىققان. كېرىيە ناھىيىلىك 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىنى 1963 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە ناھىيە بازىرى ئىچىدە ئېچىلغان. يىغىنغا 81 نەپەر ۋەكىل قاتناشقان.

يىغىندا، مۇئاۋىن ھاكىم پەن جيەنفۇ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن بەرگەن «ئۆتكەن ئىككى يىللىق ھۆكۈمەت خىزمىتى ھەققىدە دوكلات»نى، مالىيە بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى جۇفۇچىڭ بەرگەن «1961 ـ يىللىق مالىيە نەخ چوتى، 1962 ـ يىللىق مالىيە خام چوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە 1963 ـ يىللىق مالىيە خام چوتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى توغرىسىدا

يىغىن داۋامىدا، ۋەكىللەر يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق، كېرىيە ناھىيىلىك 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى (خەلق كومىتېتى) نىڭ 23 نەپەر ئەزاسى، ناھىيىلىك 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر نەپەر ھاكىم، ئىككى نەپەر مۇئاۋىن ھاكىم ۋە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بىر نەپەر باشلىقىنى سايلاپ چىققان. قاسىم پاسار ھاكىملىققا، پەن جيەنفۇ، ئابدۇقادىر تۆمۈر مۇئاۋىن ھاكىملىققا، مەخمۇت ھېيت مەھكىمە باشلىقلىقىغا؛ ئۇجىمىن، پەن جيەنفۇ، جاپپار رەجەپ، ساۋۇر بارات، ئىمىن تۇردى، ئاسىم قادىر، قاسىم پاسار، ياسىن بوۋاق، لى فېيبياۋ، تۇرسۇنخان، ۋاڭ ياۋزۇڭ، مەمتىمىن قارا، ئەمەت ھاجى، روزى مۇسەننىپ، ئاۋلا مۇدەررىس، ئابدۇقادىر تۆمۈر، سۈي جۇڭشاڭ، جاڭ ياۋدەي، دۇگوشاڭ، ئامان ئىمىن، مەمتىمىن، توختى ياغاقلار ئەزالىققا سايلانغان.

### 5. كېرىيە ناھىيىلىك 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى (1963.7 ـ 1965.12)

كېرىيە ناھىيىسىدە، 1963 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ بېشىدا 13 كىشىلىك سايلام ھەيئىتى قۇرۇلغان. قاسىم پاسار سايلام ھەيئىتىنىڭ رەئىسى، ئۇجىمىن، پەن جيەنفۇ، ئابدۇقادىر تۆمۈر، ئۇشالىڭ، جاپپار رەجەپ، ياسىن بوۋاق، تۇرسۇنخان، لى فېيبياۋ، مەستىق ئىبراھىم، مەمتىمىن قارا، مەمتىمىن پىچەت، روزى مۇسەننىپلەر ھەيئەت ئەزاسى بولغان. سايلام ھەيئىتى تەركىبىدە ئىشخانا تەسىس قىلىنغان. جوچىلىن ئىشخانا مۇدىرى،

## 6. كېرىيە ناھىيىلىك 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى
## (1965.12 ـ )

كېرىيەدە 1965 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ناھىيىلىك 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىنىنىڭ 12 كىشىلىك سايلام ھەيئىتى قۇرۇلغان، تەركىبىدە ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، مۇدىرلىقنى پەن جيەنفۇ، مۇئاۋىن مۇدىرلىقنى ليۇزىيۇ ئۆتىگەن. 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنلىرىگىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە يىغىن تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەنگەن. 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا جەمئىي 115 نەپەر ۋەكىل سايلاپ چىقىلغان. بۇنىڭدىن ئەر 92 نەپەر، ئايال 23 نەپەر بولۇپ، پارتىيە ئەزاسى 67 نەپەر، ئىتتىپاق ئەزاسى بىر نەپەر، دېموكراتىك زات 18 نەپەر، ئامما ۋەكىلى 28 نەپەر بولغان. مىللەت ئايرىمىسى جەھەتتە ئۇيغۇرلار 100 نەپەر، خەنزۇ 12 نەپەر، مانجۇ 2 نەپەر، خۇيزۇلار 1 نەپەر بولغان. ساھە ئايرىمىسى جەھەتتە كەمبەغەل دېھقان 40 نەپەر، ئوتتۇرا دېھقان 6 نەپەر، چارۋىچى 2 نەپەر، سودا ـ سانائەتچىلەر 4 نەپەر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 45 نەپەر ۋە باشقىلار 14 نەپەر بولغان. ئۇچىمىن، ئابدۇقادىر تۆمۈر، فەن جيەنفۇ، ئىمىن تۇردى، ئەيسا توختى يىغىنىنىڭ ئىجرائىيە رەئىسى بولغان. لى فېبياۋ باش كاتىپ، سى باڭدەي مۇئاۋىن باش كاتىپ بولغان. ۋەكىللەرنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى، ۋەكىللەرنىڭ سالاھىيىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، بىر نەپەر خەنزۇ ۋەكىل خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن يۆتكىلىپ كەتكەنلىكىنى، ئابدۇقادىر تۆمۈرچى، ھاۋاخان، تۇسۇننىياز ئەيسا، مەتتوختى

دوكلات»نى، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمە باشلىقى لى چىڭخەي بەرگەن «كىرىيە ناھىيىلىك خەلق سوتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات» نى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى گۇەن فىڭسەن بەرگەن «نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر توغرىسىدا دوكلات» نى ۋە «مالىيە نەخ چوت، خام چوت تەكشۈرۈشىدىن دوكلات» نى ئەستايىدىل قاراپ چىقىپ مۇناسىپ قارار ماقۇللىغان.

يىغىن داۋامىدا، ۋەكىللەر يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق، كىرىيە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملىرىنى، ناھىيىلىك 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى (خەلق كومىتېتى) نىڭ ھەيئەت ئەزالىرىنى ئىككى مەھكىمە باشلىقىنى، ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 نەپەر ۋەكىلىنى سايلاپ چىققان. ئابدۇقادىر تۆمۈر ھاكىملىققا، پەن جيەنفۇ، ئىمىن تۇردى مۇئاۋىن ھاكىملىققا؛ مەخمۇت ھېيىت خەلق سوت مەھكىمە باشلىقلىقىغا؛ ئابدۇقادىر تۆمۈر، ئۇجىمىن، پەن جيەنفۇ، گۇەن فىڭسەي، جاپپار رەجەپ، ساۋۇر بارات، ئىمىن تۇردى، ئاسىم قادىر، ياسىن بوۋاق، لى فېيبياۋ، تۇسۇنخان، ۋالىڭ باۋزۇڭ، ئىسمائىل قارا، مەتتىمىن قارا، سەيدى ئۆتەك، جۇبىڭيۇ، نىياز ئۆتەك، ئەمەت ھاجى، روزى مۇسەننىپ، تۇرسۇن مۇدەررىس، ئاۋلا مۇدەررىس، قۇربان مىراپ، توختى تالىپلار ھەيئەت ئەزالىقىغا؛ ئابدۇقادىر تۆمۈر، تۇسۇنخان، قۇربان تۇلۇم، سەيدى ئۆتەك، ئابدۇللا مۇدەررىس ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىكىگە سايلانغان.

مۇئاۋىن ھاكىملىرىنى؛ سوت مەھكىمە باشلىقى ۋە كېرىيە ناھىيىلىك 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى (خەلق كومىتېتى) نىڭ ھەيئەت ئەزالىرىنى سايلاپ چىققان. ئابدۇقادىر تۆمۈر 89 ئاۋازنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ناھىينىڭ ھاكىملىقىغا، ئىمىن تۇردى، سوڭ سىدەي، قاسىم توخسۇنلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 89 ئاۋازنىڭ قوشۇلىشى بىلەن مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا؛ مەخمۇت ھېيىت 89 ئاۋازنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقلىقىغا؛ ئۇجىمىن، گۇەن فىڭسەي، ئابدۇقادىر تۆمۈر، فەن جيەنفۇ، ئىمىن تۇردى، قاسىم توخسۇن، سۇڭ سىدەي، ئاسىم قادىر، لى فېيبياۋ، تۇرسۇنخان، ئىسمايىل قارا، مەتىمىن قارا، سەيدى ئۆتەك، جۇفىڭيى، نىياز ئۆتەك، ئەمەت ھاجى، روزى مۇسەننىپ، ئابدۇللا مۇدەررىس، تۇرسۇن مۇدەررىس، قۇربان مىراپ، مەتتوختى تالىپ، جۇفۇچىڭ، ئەيسا توختى، مەتتۇرسۇن روزى، ئىمىن قادىرلار ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاپ چىقىلغان.

### 7. كېرىيە ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

كېرىيە ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى فازىل تۇرسۇن بولغان. ئىمىن تۇردى، قاسىم توخسۇن، پەن جيەنفۇلار مۇئاۋىن ھاكىم بولغان.

ئەسكەرتىش: بۇ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئارخىۋى تېپىلمىدى («مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى مالىمانچىلىقتا خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلمىغان ياكى ئېچىلغان بولسىمۇ ئارخىپ

مۇپتىلارنىڭ سىياسىي ئىستىملى جەھەتتە مەسىلىسى بار ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەكىل بولۇشىغا سالاھىيىتى توشمايدۇ دەپ قارىغان. قالغان 110 نەپەر ۋەكىلنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى كۈچكە ئىگە قىلىنغان. كىرىيە ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنى 1965 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە ناھىيە بازىرى ئىچىدە ئېچىلغان. يىغىنغا 89 نەپەر ۋەكىل قاتناشقان.

يىغىندا، كىرىيە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ئۇجىمىن «كىرىيە ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنىنىڭ ئېچىلىش نۇتقى»نى سۆزلىگەن. ۋەكىللەر ھاكىم ئابدۇقادىر تۆمۈر بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» ۋە «1965 - يىللىق مالىيە خام چوت - نەخ چوتى، 1966 - يىللىق مالىيە خام چوت - نەخ چوت پىلان (لاھىيە) توغرىسىدا دوكلات» نى؛ مەھكىمە باشلىقى مەخمۇت ھېيىت بەرگەن «كىرىيە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى»نى قاراپ چىقىپ، مۇناسىپ قارارلارنى ماقۇللىغان. يىغىن مەزگىلىدە ۋەكىللەر جەمئىي 83 پارچە تەكلىپ تەۋسىيە تەنقىد - پىكىرلەرنى بەرگەن. بۇنىڭدىن شەخسلەرگە قارىتا 3 پارچە، خەلق گۇڭشىلىرىنىڭ ھەل قىلىشقا تېگىشلىكى 8 پارچە، چوڭ يىغىندا جاۋاب بېرىلگىنى 31 پارچە، كېيىنكى يىغىندا جاۋاب بېرىشكە قالدۇرۇلغىنى 40 پارچە بولغان.

يىغىن داۋامىدا، ۋەكىللەر يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق، كىرىيە ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىم،

مەتنۇرى هاشىم، گې باۋچۈەن، ئابدۇللا قۇربانلار مۇئاۋىن باش كاتىپ بولغان.

كېرىيە ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىنى 1981 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە ھۆكۈمەت يىغىن زالىدا ئېچىلغان. يىغىنغا 174 نەپەر ۋەكىل قاتناشقاندىن باشقا، يەنە سىياسى كېڭەش 6 ـ نۆۋەتلىك يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ھەيئەتلەر ۋە ناھىيىلىك پارتكوم 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ھەيئەتلىرىمۇ بۇ يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتۇرۇلغان.

يىغىندا، ۋەكىللەر كېرىيە ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى مەتتوختى جامال بەرگەن يىغىننىڭ ئېچىلىش نۇتقىنى، ھاكىم ئىسمايىل تۇردى بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» نى، مالىيە ئىدارىسى باشلىقى جوفۇچىڭ بەرگەن «كېرىيە ناھىيىلىك 1980 ـ يىللىق مالىيە ئاتچوت ئەھۋالى، 1981 ـ يىللىق مالىيە خامچوتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات» نى، مەھكىمە باشلىقى ئەكرەم ئىمىن بەرگەن «ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى» نى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى بەرگەن «ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات» نى ئاڭلاپ چىقىپ، مۇناسىپ قارارلارنى ماقۇللىغان.

يىغىن داۋامىدا، ۋەكىللەر يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق كېرىيە ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر، ئەزالىرىنى، ناھىيىنىڭ ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملىرىنى، ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ باشلىقىنى

تۇرغۇزۇلمىغان ياكى يوقۇتۇۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن).

## 8. كېرىيە ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى (1981.6 ـ 1984.6)

كېرىيىدە، 1980 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىنىنىڭ 13 كىشىلىك سايلام ھەيئىتى قۇرۇلغان، مۇدىرلىقنى پارتكوم شۇجىسى مەتتوختى جامال، مۇئاۋىن مۇدىرلىقنى ئىسمايىل تۇردى، ئەيسا ئىبراھىم، ۋاڭ سەندەي، جاڭ ئەيچىڭلەر ئۆتىگەن. تەركىبىدە ئىشخانا تەسىس قىلىنغان.

6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنلىرىگىچە يىغىن تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەنگەن. بۇ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ جەمئىي 174 نەپەر ۋەكىلى سايلاپ چىقىلغان. بۇنىڭدىن ئەر 123 نەپەر، ئايال 51 نەپەر بولۇپ، پارتىيە ئەزاسى 104 نەپەر، ئامما 70 نەپەر بولغان. ئۇيغۇر 162 نەپەرنى، خەنزۇ 10 نەپەرنى باشقا ئاز سانلىق مىللەت 1 نەپەرنى، خۇيزۇ 1 نەپەرنى تەشكىل قىلغان. ئىشچى، دېھقان، چارۋىچى 104 نەپەر، سودا ـ سانائەتچى 2 نەپەر، دۆلەت كادىرلىرى 41 نەپەر، دىنى زاتلار 6 نەپەر، زىيالىيلار 19 نەپەر بولغان.

مەتتوختى جامال، ئىسمايىل تۇردى، ئەيسا ئىبراھىم، ۋاڭ سەندەي، ۋاڭ خېيىڭ، ئىمىن تۇردى، قاسىم توخسۇن، ئەيسا تۇردى، پەن جيەنفۇ، ۋاڭ فېيىڭ، جاۋجىڭفىڭ، گې باۋچۈەن، مەتنۇرى ھاشىم، ئابدۇللا قۇربان يىغىن ئىجرائىيە رەئىسى بولغان، ئەيسا ئىبراھىم باش كاتىپ بولغان؛ جاۋجىڭفىڭ،

9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىنىنىڭ 15 كىشىلىك سايلام ھەيئىتى قۇرۇلغان، مۇدىرلىقنى مەتتوختى جامال، مۇئاۋىن مۇدىرلىقنى يەن جىڭيۇ، ئەيسا ئىبراھىم، ئابدۇراخمان قۇربان ئۆتىگەن. ھەيئەت ئەزالىقنى لى گويەن، قادىر كېرەم، لى چىڭخۇەي، ئىسمايىل قارى، ياۋيۇچىڭ، ئەبەيدۇللا ھەسەن، راشىدىن ھاشىم، خاسىيەتخان، تۇردى روزى، قاسىم سەيدۇللا، مەتتۇرسۇن بەردى ئۆتىگەن. 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنلىرىگىچە يىغىن تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەنگەن. بۇ يىغىنغا جەمئىي 148 نەپەر ۋەكىل سايلانغان. ئەر 119 نەپەر، ئايال 29 نەپەر بولۇپ، پارتىيە ئەزاسى 96 نەپەر، ئامما 52 نەپەر بولغان. ئۇيغۇرلار 138 نەپەرنى، خەنزۇ 9 نەپەرنى، خۇيزۇ 1 نەپەرنى تەشكىل قىلغان. زىيالىيلار 35 نەپەر، دېھقان ـ چارۋىچىلار 68 نەپەر، دىنى زاتلار 9 نەپەر، كادىرلار 34 نەپەر، مۇھاجىر 1 نەپەر، ئازادلىق ئارمىيە ۋەكىلى بىر نەپەر بولغان.

مەتتوختى جامال، ئەيسا ئىبراھىم، پەن جيەنفۇ، جۇفۇچىڭ، قاسىم توخسۇن، جاۋ جىڭفىڭ، قاسىم پاسار، داۋۇت ئەمەت، روزى ئوسمان، مەتقۇربان توختى، ھەسەن قۇربان، ئىمىن رەئىس ئاخۇنۇم، مەھەممەت سادىق، بۇۋى ھەجەرخان، لى چىڭخۇا، ئابدۇغىنى توختى، ئابدۇراخمان قۇربان، ئىسمايىل تۇردى، ۋاڭ سەندەي، ئەيسا نۇرى، ۋاڭ شۇي، ياۋيۇخىڭ، قۇربان روزى، ئەيسا پاششا، ھاجى مەتروزى، يۇسۇپ سەلەي، ئابدۇراخمان يۇسۇپ، مەتسىدىق ئاخۇنۇم، زېمىنىساخان، جاڭ لىشا، مەتىمىن ھاشىملار بىرىنچى يىغىن ھەيئەت رىياسەتچىلىرى

سايلاپ چىققان. ئەيسا ئىبراھىم مۇدىرلىققا، ئىمىن تۇردى، جاۋ چىڭفىلىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىققا؛ ئابدۇللا كېرەم، ۋاڭ جيەنجۇڭ، ئابلا مۇدەررىس، ئاۋلىز داموللا، جاۋچىڭفىلىڭ، پەن جيەنفۇ، ئىمىن تۇردى، ئىسمائىل قارا، مەتتوختى جامال، مەتروزى باۋدۇن، مەرەمخان ئەيسا، مەڭنىساخان مۇسا، تۇرسۇن روزى، زەينەپخان ئاۋلا، قاسىم روزى، ئەيسا ئىبراھىم، بارات نىيازلار ئەزالىققا؛ ئىسمائىل تۇردى ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىغا؛ قاسىم توخسۇن، ۋاڭ سەندەي، جۇفېيچىڭ، ئەيسا نۇرى مۇئاۋىن ھاكىملىققا؛ ئەكرەم ئىمىن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمە باشلىقلىقىغا؛ ئىبراھىم غازى ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلانغان.

مۇشۇ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپە ئۆتىگەن 3 يىلنىڭ ئاخىرقى بىر يىلىدا ناھىيىنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشېنى ئايرىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇرۇش خىزمىتى ئىشلىنىپ تاماملانغان. ئەسلىدىكى 8 گۇڭشېنى 14 يېزا - بازارغا ئۆزگەرتىپ قۇرۇپ چىققان. (1989 - يىلى دەريا بويى كەنتى يېزىغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ھازىرقى 15 يېزا - بازار بولغان) . شۇنىڭدىن باشلاپ يېزا - بازارلىق پارتكوم، يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يېزا - بازارلىق ھۆكۈمەت بارلىققا كەلگەن.

### 9. كېرىيە ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى
### (1984.6 ـ 1987.4)

كېرىيەدە، 1984 - يىلى 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ناھىيىلىك

كېرىيە ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر، ئەزالىرىنى، ناھىيىنىڭ ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملىرىنى؛ ئىككى مەھكىمە باشلىقىنى سايلاپ چىققان. ئەيسا ئىبراھىم مۇدىرلىقتا، جاۋجىڭفىڭ، قاسىم توخسۇن، جۇفۇچىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقتا؛ ئابدۇراخمان قۇربان ھاكىملىقتا، ۋاڭ شۇ، ئەيسا نۇرى، تاۋ يۇڭفىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقتا؛ ھەممەتجان غوپۇر ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمە باشلىقلىقىغا؛ ئىسمايىل موللا ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە ۋە يۇقارقى مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا مەتتوختى جامال، پەن جيەنفۇ، روزى ئوسمان، مەتروزى باۋدۇن، ئابدىغىنى توختى، زىمىنىساخان، بۇۋى ھەجەرخان بارات، ئايۇپ قەييۇم، داۋۇت ئەمەت، مەتتورسۇن ئابدىراخمان، ئاۋلا مۇدەررىس، ئابلىز داموللا، ئابدۇللا ئەيسا، خەلچەمخان ھاشىم، لى چىڭخۇالار ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاپ چىقىلغان.

### 10. كېرىيە ناھىيىلىك 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى (1987 .4 ـ 1990 .9)

كېرىيىدە، 1987 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ناھىيىلىك 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىنىنىڭ 17 كىشىلىك سايلام ھەيئىتى قۇرۇلغان. تەركىبىدە ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، مۇدىرلىقنى گەۋلىمىن، مۇئاۋىن مۇدىرلىقنى ئەيسا ئىبراھىم،

بولغان. ئابدۇراخمان قۇربان يىغىنىنىڭ باش كاتىپى، جاۋ جىڭفاڭ مۇئاۋىن باش كاتىپ بولغان.

يىغىندا، ئابدۇراخمان قۇربان يىغىنىنىڭ ئېچىلىش نۇتقىنى سۆزلىگەن. ۋەكىللەر ھاكىم ئىسمايىل تۇردى بەرگەن «تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرلەپ، ناھىيىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئومۇمىيۈزلۈك يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى» دېگەن تېمىدىكى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى؛ مالىيە ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى جۇفۇچىڭ بەرگەن «كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 1983 - يىللىق مالىيە ئەخ چوتى ۋە 1984 - يىللىق مالىيە خام چوتى توغرىسىدا دوكلات» نى؛ باش تەپتىش ئىسمايىل موللا بەرگەن «كېرىيە ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى» نى؛ سوت مەھكىمە باشلىقى مەھەممەتجان غوپۇر بەرگەن «ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات» نى؛ مۇدىر ئىيسا ئىبراھىم بەرگەن «كېرىيە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى» نى؛ مۇئاۋىن مۇدىر جاۋ جىڭفاڭ بەرگەن «ئالدىنقى يىغىندا ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرنىڭ بىجىرىلىش توغرىسىدا دوكلات» نى؛ مۇئاۋىن مۇدىر قاسىم توختۇن بەرگەن «تەكلىپ تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ تەكلىپلەرنى تەكشۈرگەنلىك توغرىسىدا دوكلات» نى ئاڭلاپ مۇناسىپ قارارلارنى ماقۇللىغان. 132 پارچە تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىر قوبۇل قىلىنغان.

يىغىن داۋامىدا، ۋەكىللەر يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق

خىزمىتىدىن دوكلات»نى، مۇدىر ئەيسا ئىبراھىم بەرگەن «خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى»نى، مۇئاۋىن مۇدىر قاسىم توخسۇن بەرگەن «9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىدا ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات»نى، مالىيە ئىدارىسى باشلىقى ئاۋەتخان بەرگەن «كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 1986 - يىللىق مالىيە ئەخ چوتى ۋە 1987 - يىللىق مالىيە خامچوت (لايىھە) توغرىسىدا دوكلات»نى، مەھەممەتجان غوپۇر بەرگەن «خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى»نى، ئىسمايىل موللا بەرگەن «خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى»نى مۇزاكىرە قىلىپ، مۇناسىپ قارارلارنى ماقۇللىغان.

يىغىن داۋامىدا، ۋەكىللەر يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق كېرىيە ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر، ئەزالىرىنى؛ ناھىيىنىڭ ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملىرىنى؛ ئىككى مەھكىمىنىڭ مەھكىمە باشلىقىنى سايلاپ چىققان. ئەيسا ئىبراھىم مۇدىرلىققا، قاسىم توخسۇن، جاۋ چىلىن مۇئاۋىن مۇدىرلىققا؛ ئابدۇراخمان قۇربان ھاكىملىققا، جاۋ جىڭفىڭ، ئەيسا نۇرى، ئەيسا توختى مۇئاۋىن ھاكىملىققا؛ مەھەممەتجان غوپۇر خەلق سوت مەھكىمە باشلىقلىقىغا؛ ئىسمايىل موللا خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە؛ يۇقىرىدىكى مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئابدۇللا مۇدەررىس ھاجىم، ئابلىز داموللام، ئەبەيدۇللا ھەسەن، ئەيسا ئىبراھىم، تۇردى تۇرسۇن، چىناخان

ئەبدۇراخمان قۇربانلار ئۆتىگەن. 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە يىغىن تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەنگەن. بۇ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا 165 نەپەر ۋەكىل سايلاپ چىقىلغان. بۇنىڭدىن ئەر 131 نەپەر، ئايال 34 نەپەر بولۇپ، پارتىيە ئەزاسى 106 نەپەر، پارتىيىسىزلەر 59 نەپەر. ئۇيغۇرلار 153 نەپەر، خەنزۇ 10 نەپەر، خۇيزۇ 1 نەپەر، قازاق 1 نەپەرنى ئىگىلىگەن. دېھقان ـ چارۋىچى 80 نەپەر، ئىشچى ـ خىزمەتچى 38 نەپەر، زىيالىيلار 35 نەپەر، دىنىي زاتلار 10 نەپەر، مۇھاجىرلار 1 نەپەر، ئازادلىق ئارمىيە ۋەكىلى 1 نەپەر بولغان.

گاۋلىمىن، ئەيسا ئىبراھىم، ئابدۇراخمان قۇربان، ۋاڭ شۈي، ئىسمايىل تۇردى، قاسىم توخسۇن، ئەيسا ئىبراھىم، تۇردى ئەخمەت، ئابدۇللا قارى، مەمتىلى سۇلايمان، تۇردى تۇرسۇن، ئابدۇۋېلى قۇربان، ئابدۇراخمان يۈسۈپ، ئابدۇللا مۇدەررىس ھاجىم، ئابلىز داموللا، مەرەمخان، مەتتۇرسۇن ئىزىز، مەتسىدىق روزى، يۈەن چاڭجىڭ، مەتتۇمۇر بارات، سەيدى ئابدۇۋېلى، مەتقاسىم ھاشىم، مەتتۇرسۇن باي، مەتقۇربان روزىلار 1 ـ يىغىن ھەيئەت رىياسەتچىلىرى بولغان، جاۋچىلىن يىغىننىڭ باش كاتىپى بولغان.

كېرىيە ناھىيىلىك 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىنى 1987 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يىغىن زالىدا ئېچىلغان، يىغىنغا 150 نەپەر ۋەكىل قاتناشقان.

يىغىندا، ھاكىم ئابدۇراخمان قۇربان بەرگەن «ھۆكۈمەت

ئەيسا ئىبراھىم باش كاتىپ، ئابدۇقادىر مەتقۇربان قاتارلىقلار مۇئاۋىن باش كاتىپ بولغان. كېرىيە ناھىيىلىك 11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنى 1990 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يىغىن زالىدا ئېچىلغان.

يىغىندا، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى گاۋلىمىن ئېچىش نۇتقى سۆزلىگەن. ۋەكىللەر ھاكىم ئابدۇراخمان قۇربان بەرگەن «ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، مۇقىملىقنى داۋاملىق ساقلاپ، ناھىيىمىز ئىگىلىكىنى ئۇدا مۇقىم، ماسلاشقان ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدىكى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى؛ مۇدىر ئەيسا ئىبراھىم بەرگەن «كېرىيە ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات»نى، مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاۋلىيەنفاڭ بەرگەن «كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئۈچ يىلدىن بۇيانقى كىرىم - چىقىم ئەھۋالى ۋە 1990 - يىلى كىرگەندىن بۇيانقى مالىيە خامچوتىنىڭ ئىجراسى توغرىسىدا دوكلاتى»نى؛ خەلق سوت مەھكىمە باشلىقى مەھەممەتجان غوپۇر بەرگەن «كېرىيە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلاتى»نى؛ خەلق تەپتىش مەھكىمە باشلىقى ئىسمايىل موللا بەرگەن «كېرىيە ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات» نى ئاڭلاپ، مۇناسىپ قارار ماقۇللىغان. يىغىن مەزگىلىدە ۋەكىللەر 69 پارچە تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىر بەرگەن.

ھاشىم، جاۋچىلىن، قاسىم توخسۇن، مەتتوختى جامال، مەتروزى باۋدۇن، مەسۇم سىدىق، ماجىنىدۇڭ، يۇلەنجىڭلەر كېرىيە ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاپ چىقىلغان.

## 11. كېرىيە ناھىيىلىك 11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى
## (1990 .9 ـ 1993 .2)

كېرىيىدە 1990 - يىلى 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ناھىيىلىك 11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنىنىڭ 19 كىشىدىن تەركىب تاپقان سايلام ھەيئىتى قۇرۇلغان. مۇدىرلىقىنى ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى گاۋلىمىن، مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ 3 نەپەر ھەيئەت ئەزاسى ئۆتىگەن. 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە يىغىن تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەنگەن. 160 نەپەر ۋەكىل سايلاپ چىقىلغان. ئەر 122 نەپەر، ئايال 38 نەپەر بولۇپ، پارتىيە ئەزاسى 98 نەپەر، پارتىيىسىزلەر 62 نەپەر بولغان. ئۇيغۇرلار 147 نەپەرنى؛ خەنزۇ 11 نەپەرنى ؛ خۇيزۇ 1 نەپەرنى؛ قىرغىزلار 1 نەپەرنى ئىگىلىگەن. ئىشچى - دېھقان، چارۋىچى 94 نەپەر، كادىرلار 38 نەپەر، زىيالىيلار 14 نەپەر، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات 12 نەپەر، مۇھاجىر 1 نەپەر، ئازادلىق ئارمىيە 1 نەپەر، يەككە ئەمگەكچى 1 نەپەر، ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى سەۋىيىلىكلەر 19 نەپەر، ئوتتۇرا تېخنىكوم سەۋىيىلىكلەر 37 نەپەر ۋە باشقىلار 104 نەپەر بولغان. چوڭ يىغىن ئىجرائىيە رەئىسلىكىنى گاۋلىمىن، ئەيسا ئىبراھىم، ئابدۇراخمان قۇربان، جاۋجىڭفىڭلار ئۆتىگەن.

قىلىشنى قارار قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ كومىتېتلار قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن.

### 12. كېرىيە ناھىيىلىك 12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى (1993. 2 ـ 1997. 12)

كېرىيىدە، 1992 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ناھىيىلىك 12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىنىنىڭ 17 كىشىدىن تەركىب تاپقان سايلام كومىتېتى قۇرۇلغان. مۇدىرلىقىنى گاۋلىمىن، مۇئاۋىن مۇدىرلىقنى ئەيسا ئىبراھىم، مەتنىياز رەجەپ، يۈبەيلىن، ئەيسا توختى ئۆتىگەن. 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگىچە يىغىن تەييارلىق خىزمىتى ئىشلەنگەن.

12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا 164 نەپەر ۋەكىل سايلاپ چىقىلغان. بۇنىڭدىن ئەر 123 نەپەر، ئايال 41 نەپەر؛ پارتىيە ئەزاسى 106 نەپەر، پارتىيىسىزلەر 58 نەپەر؛ ئۇيغۇر 152 نەپەر، خەنزۇ 11 نەپەر، خۇيزۇ 1 نەپەر؛ ئىشچى ـ دېھقان، چارۋىچى 82 نەپەر، كادىر 33 نەپەر، زىيالىي 33 نەپەر، دىنىي زات 11 نەپەر، مۇھاجىر 11 نەپەر، ئازادلىق ئارمىيە ۋەكىلى 1 نەپەر، يەككە ئەمگەكچى 3 نەپەر بولغان. كېرىيە ناھىيىلىك 12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىنى 1993 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 5 ـ كۈنىگىچە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يىغىن زالىدا ئېچىلغان. يىغىنغا 157 نەپەر ۋەكىل قاتناشقان.

يىغىندا ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى گاۋلىمىن يىغىنىنىڭ ئېچىلىش نۇتقىنى سۆزلىگەن. ۋەكىللەر ناھىيىنىڭ ھاكىمى

بۇنىڭدىن تەكلىپ تەكشۈرۈش ھەيئىتى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن بەش پارچىنى رەسمىي تەكلىپ، قالغان 64 پارچىسىنى تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىر قاتارىدا قوبۇل قىلغان.

يىغىن داۋامىدا، ۋەكىللەر يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق، كېرىيە ناھىيىلىك 11 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر، ئەزالىرىنى؛ ناھىيىنىڭ ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملىرىنى؛ ئىككى مەھكىمىنىڭ مەھكىمە باشلىقىنى سايلاپ چىققان. ئەيسا ئىبراھىم مۇدىرلىققا، يۈبەيلىن، ئەيسا نۇرى، قاسىم توخسۇن، جاۋچىلىنلەر مۇئاۋىن مۇدىرلىققا؛ يۇقىرىقى مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 نەپەر ئەزاسى سايلاپ چىقىلغان. ئابدۇراخمان قۇربان ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىغا؛ مەھەممەتجان غوپۇر ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقلىقىغا؛ مەتروزى تۇرسۇن ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە سايلاپ چىقىلغان.

يىغىننىڭ يېپىلىش نۇتقىنى ناھىيىلىك 11 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئەيسا ئىبراھىم سۆزلىگەن. تەشكىلىي قانۇندىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن 1991 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن 2 ـ سانلىق ھەيئەتلەر يىغىنى دائىمىي كومىتېت تەركىۋىدە قانۇنچىلىق خىزمەت كومىتېتى، مالىيە ـ ئىقتىسادى خىزمەت كومىتېتى، پەن ـ مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە خىزمەت كومىتېتى، ۋەكىللەر ـ كادىرلار، مىللىي ـ دىن ئىشلار خىزمەت كومىتېتى تەسىس

سايلاپ چىققان. ئەيسا نۇرى كېرىيە ناھىيىلىك 12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا؛ ياڭ جىڭگۇاڭ، ئەيسا توختى، مەتتۇرسۇن باي، ۋاڭ لىچۈن مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا؛ يۇقىرىقى مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، گاۋلىمىن، ئابدۇللا قارى، تۇنىسا رەخمىتۇللا، يۈبەيلىن، رەھىم نىياز، سەيدى ئابدۇۋەلى، مەتسىدىق ھاجى، مەمتىلى سۇلايمان قاتارلىق 13 كىشى ھەيئەت ئەزالىققا؛ مەتنىياز رەجەپ كېرىيە ناھىيىلىك 12 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىملىقىغا؛ جاڭ يىخۇڭ، ئابدۇللا قۇربان، چيەن يىسىڭ، تۇردى ئەخمەت مۇئاۋىن ھاكىملىققا ۋە جۇ گۇاڭرۇي پەن ـ تېخنىكا مۇئاۋىن ھاكىملىققا؛ ئۆتكۈر شاۋدۇن كېرىيە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمە باشلىقلىقىغا؛ مەتروزى تۇرسۇن كېرىيە ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمە باشلىقلىقىغا سايلاپ چىقىلغان. چوڭ يىغىننىڭ يېپىلىش نۇتقىنى ئەيسا نۇرى سۆزلىگەن.

**13. كېرىيە ناھىيىلىك 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى**
**(1997 .12 ـــ)**

1997 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ناھىيىلىك 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمىتى باشلىنىپ، 21 كىشىلىك سايلام كومىتېتى قۇرۇلغان. مۇدىرلىقنى لى بىڭ ئۆتىگەن. مۇئاۋىن مۇدىرلىقنى ئەيسا نۇرى، گېڭ يىڭ، مەتسەيدى خۇدا بەردى، تۇڭ ۋېدۇڭ ئۆتىگەن. 12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئەيسا

مەتنىياز رەجەپ بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» نى؛ مۇدىر ئەيسا ئىبراھىم بەرگەن «كېرىيە ناھىيىلىك 11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات» نى؛ پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ جىڭگۇاڭ بەرگەن «كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 1992 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە 1993 - يىللىق پىلان (لايىھىسى) توغرىسىدا دوكلاتى» نى؛ مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېشىت بەرگەن «1992 - يىللىق مالىيە ئاتچوتى ۋە 1993 - يىللىق مالىيە خامچوتى (لايىھە) توغرىسىدا دوكلاتى» نى؛ مەھكىمە باشلىقى ئۆتكۈر شاۋدۇن بەرگەن «ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى» نى؛ باش تەپتىش مەتروزى تۇرسۇن بەرگەن «ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى» نى ۋە تەكلىپ تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ئەيسا توختى بەرگەن «تەكلىپلەرنى تەكشۈرگەنلىك توغرىسىدا دوكلاتى» نى ئاڭلاپ مۇناسىپ قارارلارنى ماقۇللىغان.

يىغىن مەزگىلىدە، چوڭ يىغىن تەكلىپ تەكشۈرۈش ھەيئىتى ۋەكىللەر بەرگەن 58 پارچە تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىردىن تۆت پارچىنى رەسمىي تەكلىپ، قالغان 54 پارچىسىنى تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىر قاتارىدا قوبۇل قىلغان.

يىغىن داۋامىدا، ۋەكىللەر يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق كېرىيە ناھىيىلىك 12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنى، ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملىرىنى ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ باشلىقىنى

يىغىنى 1997 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يىغىن زالىدا ئېچىلغان.

يىغىنغا 159 نەپەر خەلق ۋەكىلى ۋە سىرتتىن 144 نەپەر كىشى بولۇپ جەمئىي 303 نەپەر كىشى قاتناشقان.

يىغىندا ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى لى بىڭ يىغىننىڭ ئېچىلىش نۇتقىنى سۆزلىگەن. ۋەكىللەر ھاكىم ئابدۇللا قۇربان بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» نى؛ ئەيسا نۇرى بەرگەن «ناھىيىلىك 12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلاتى» نى؛ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جاڭ خۇيشاڭ بەرگەن «كىرىيە ناھىيىسىنىڭ 1997 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە 1998 ـ يىللىق پىلان (لايىھە) توغرىسىدا دوكلات» نى؛ خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى نى جەنكاڭ بەرگەن «1997 ـ يىللىق مالىيە ئاتچوتى ۋە 1998 ـ يىللىق مالىيە خامچوت (لايىھە)سى توغرىسىدا دوكلات» نى؛ خەلق سوت مەھكىمە باشلىقى ئۆتكۈر شاۋدۇن بەرگەن «كىرىيە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات» نى؛ باش تەپتىش مەتروزى تۇرسۇن بەرگەن « كىرىيە ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ 1997 ـ يىللىق خىزمىتىدىن دوكلات» نى ئاڭلاپ، مۇناسىپ قارارلارنى ماقۇللىغان.

يىغىن مەزگىلىدە جوڭ يىغىن تەكلىپ تەكشۈرۈش ھەيئىتى ۋەكىللەرنىڭ بەرگەن 69 پارچە تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد،

نۇرى 1997 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى «نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا» تېلېۋىزىيە نۇتقى سۆزلىگەن. 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنلىرىگىچە يىغىن تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەنگەن.

كېرىيە ناھىيىلىك 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا 167 نەپەر ۋەكىل سايلاپ چىقىلغان. بۇنىڭدىن ئەر 126 نەپەر، ئايال 41 نەپەر؛ پارتىيە ئەزاسى 110 نەپەر، پارتىيىسىزلەر 57 نەپەر؛ ئۇيغۇر 146 نەپەر، خەنزۇ 20 نەپەر، خۇيزۇ 1 نەپەر؛ ئىشچى، دېھقان، چارۋىچى 81 نەپەر، كادىرلار 38 نەپەر، زىيالىي 29 نەپەر، دىن زات 11 نەپەر، مۇھاجىر 1 نەپەر، ئازادلىق ئارمىيە ۋەكىلى 2 نەپەر، قوراللىق ساقچى قىسىم ۋەكىلى 2 نەپەر، يەككە ئەمگەكچى 3 نەپەر بولغان. چوڭ يىغىن ھەيئەت رىياسەتتى رەئىسلىرى لى بىڭ، مەھەممەتجان غوپۇر، ئەيسا نۇرى، خۇجوڭيى، تۇردى ئەخمەت، سۇڭ كېيۇەن، ئابدۇراخمان مۇسا، ئەيسا توختى، مەتتۇرسۇن باي، گېڭ يىڭ، مەتسەيدى خۇدا بەردى، تۇڭ ۋېدۇڭ، گې جۇن، ئابدۇللا قۇربان، ليۇۋېي، مەتسەيدى ئىبراھىم، كېرەم مۇللا، ئىمىن ھاجىم، مەتتۇرسۇن ئېزىز، ئابدۇراخمان توختى، جۇرئەت داۋۇت، سەيدى يۇسۇپ، ۋېن جەنخې، جاڭ گېڭيۇ بولغان. چوڭ يىغىن ئىجرائىيە رەئىسى لى بىڭ، ئەيسا نۇرى، مەتسەيدى خۇدا بەردى، گېڭ يىڭ، تۇڭ ۋېدۇڭ بولغان. گې جۇن يىغىننىڭ باش كاتىۋى، خۇ جوڭيى، تۇردى ئەخمەت مۇئاۋىن باش كاتىپ بولغان.

كېرىيە ناھىيىلىك 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ

كومىتېتلىرىنىڭ يېتەكلەپ، خىزمەتلەرنى قولللىشى بىلەن «خەلقنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگىنى» بولۇشتىن ئىبارەت رولىنى ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى ۋەكىللەرنى ۋە ئەزالارنى پائال ھەرىكەتلەندۈرۈپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى؛ دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئاساسىي قانۇن ئاتا قىلغان قانۇن نازارەتچىلىك فۇنكسىيىسىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ھەم ۋەزىپىلەرنىڭ تەلەپ - ئېھتىياجىغا جىددىي ماسلىشىپ، «بىر ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە» تەركىبىدىكى خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش، «خەلق ھاكىمىيىتىنى خەلق قۇرۇش» بۆرچىنى ئادا قىلىپ، ناھىيىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت ئىشلەپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ قىزغىن ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچىسىگە سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە.

پىكىرىدىن ئىككى پارچىسىنى رەسمىي تەكلىپ، قالغان 67 پارچىسىنى تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىر قاتارىدا قوبۇل قىلغان.

يىغىن داۋامىدا، ۋەكىللەر يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق كېرىيە ناھىيىلىك 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر، ئەزالىرىنى؛ كېرىيە ناھىيىلىك 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملىرىنى؛ ئىككى مەھكىمىنىڭ مەھكىمە باشلىقلىرىنى سايلاپ چىققان. مەھەممەتجان غوپۇر مۇدىرلىققا، خۇ جوڭيى، تۇردى ئەخمەت، سۇڭ كېيۇەن، ئابدۇراخمان مۇسا مۇئاۋىن مۇدىرلىققا سايلانغان. يۇقىرىقى مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئابدۇراخمان توختى، ئايىمخان نىياز، ئەيسا نۇرى، كېرەم موللا، مەتتۇرسۇن باي، مەتنۇرسۇن بەردى، مەتسەيدى ئىبراھىم، مەتتۇرسۇن ئېزىز، مەتقۇربان قاسىم، مەتتىمىن مۇسا، ليۇ ۋېي، دۇەن چىلىن، گې جۇن، ئىبراھىم غوجىلار ئەزالىققا؛ ئابدۇللا قۇربان ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىغا، دولقۇن يۇسۇپ، نۇرى ئىمىن، رەن چىڭاڭ، ياڭ ۋېيپىڭ، چاڭ يۇمىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىققا؛ غالىپ ئابدۇللا كېرىيە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمە باشلىقلىقىغا؛ ئابلەت توختى كېرىيە ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە سايلاپ چىقىلغان.

دېمەك، كېرىيە ناھىيىسىدە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى يولغا قويۇلغان 50 يىلدىن بۇيان ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي

كېرىيىنىڭ ئالاھىدە ئەتىۋار بايلىقى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزنىڭمۇ قىممەتلىك كان مەھسۇلاتلىرىدىن بىرى.

مەلۇمكى، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ «ئالماس قاشتېشى كېنى» قارا قۇرۇم تېغىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، «قاشتېشى بايلىقى» نىڭ سۈپەتلىك ۋە موللىقى بىلەن «قاشتېشى قازغۇچىلىقى» دىكى ئاز تېپىلىدىغان مۆجىزىدۇر!

كېرىيە قاشتېشى ـ قېزىلىش تارىخىنىڭ مۇقەددەملىكى ۋە بىغۇبار سۈزۈكلۈكى، نەپىس، جۇلالىقلىقى، مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ساپلىقلىقى ھەم زاپىسىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارا ئىچە داڭلىق بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى يېتۈك زاكاۋىتى بىلەن ناھىيىمىزدە مەخسۇس «قاشتېشى كېنى» بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇ كان «قارا قۇرۇم تاغ تىزمىسى» دىكى «قارا تاغ» ئەتراپىغا جايلاشقان ناھىيە بازىرىدىن 160 كىلومېتىر يىراقلىقتا، دېڭىز يۈزىدىن 4500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى كوئىنلۇن تېغىدا، يوللىرى خەتەرلىك، ھاۋا كىلىماتى ئۆزگىرىشلىك بولۇپ، 6 ـ، 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا ئېچىشقا ئەپلىك.

گۈزەل، بىغۇبار، سۈزۈك كېرىيە قاشتېشى 2 ـ 3 مىڭ يىل ئىلگىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ئوتتۇرا يەر دېڭىزى رايونلىرىغا يەتكۈزۈلۈپ دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك گۆھەر دەپ ئاتالغان ۋە «ئالتۇننىڭ باھاسى بار، كېرىيە قاشتېشى بىباھادۇر» دەپ تەرىپ تارالغان.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى كېرىيىنىڭ «قاشتېشى كانلىرى» ئاساسەن شەخسلەرنىڭ ئىلكىدە بولۇشى بىلەن، ئىچكىرى

# كېرىيىنىڭ «داڭلىق قاشتېشى» توغرىسىدا

بارات ئىمىن

تارىختا كېرىيىنى زىيارەت قىلىپ قايتقان جاھان سەيياھلىرىنىڭ قايسىدۇر بىرى «ئەپسۇس! جان ئىلكىمدە ئەمەس، ئەگەر ئىلكىمدە بولسا ئىدى، جۇملە جاھاننى بىر پارچە داڭلىق كېرىيە قاشتېشىغا بەدەل قىلغان بولاتتىم» دېگەنىكەن. شۇنداقلا يەنە، مەملىكىتىمىزنىڭ تارىختىكى ئۇلۇغ ئالىملىرىدىن بىرى بولغان لى شىجېنمۇ «كېرىيە قاشتېشى ـ قاشتېشى ساھەسىدىكى ئەڭ ئېسىل، ئەڭ سۈپەتلىك، ئەڭ قىممەتلىك قاشتېشىدۇر» دەپ تارىخ سەھىپىسىدە يۈكسەك تەرىپ قالدۇرۇپ كەتكەن. مەلۇمكى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خان ئوردىسىغا قويۇلغان ساھىبجامال كېنىزەكنىڭ نادىر ھەيكىلىمۇ كېرىيىنىڭ «ئالماس قاشتېشى كېنىدىن» قىزنۇپلىنغان قاشتاشتىن ئويۇلۇپ ياسالغان بولۇپ، ئوردىغا شانۇ ـ شەۋكەت، سۈلكەت ئارتتۇرۇپ تۇرۇش بىلەن، ئۇزاق دەۋرلەردىن بېرى كېرىيە خەلقىنىڭ شۆھرىتى ۋە ئىپتىخارى بولۇپ كەلگەن.

دېمىسىمۇ، ھەرقانداق يۈكسەك تەرىپ ۋە تەۋسىپكە تامامەن مۇناسىپ بولغان كېرىيىنىڭ داڭلىق، سۈپەتلىك بۇ قاشتېشى، ئۆزىنىڭ شۇنداق نادىرلىقتا مەنزۇر ۋە مەزكۇرلۇقى بىلەن

كېنى» ، «خان يايلىقى قاشتېشى كېنى» ، «قارا توغرىغا قاشتېشى كېنى» ، «يىغلاڭغۇ قاشتېشى كېنى» . . . قاتارلىق قاشتېشى كانلىرى قېزىلىپ، ئويمىچىلىق زاۋۇتلىرىنى كۆپلەپ يەرلىك قاشتېشى خام ئەشياسى بىلەن تەمىنلىدى.

ئېيتىش كېرەككى، كېرىيە ناھىيىسى يۇقىرىقىدەك ئۆز ئەۋزەللىكلىرى بىلەن قاشتېشى ئىشلەپچىقىرىدىغان مۇھىم ئورۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن يەنە شۇنداق بولۇپ قېلىشتا شۈبھە يوق!

كېرىيە ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئۆز يېرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، 1991 - يىلى ناھىيىدە «قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتى» قۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەردىن قېزىۋېلىنغان قاشتېشى ئۆزىدە پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان بولدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمىگە ماسلىشىش، بازارغا يۈزلىنىش ئۈچۈن 1993 - يىلى بۇ ناھىيىدە «مەرمەر قاشتېشى تەرەققىيات شىركىتى» قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ناھىيىنىڭ «قاشتېشى ئويمىچىلىق» بىلەن «قاشتېشى ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇمى» نى سېتىش خىزمىتى تەڭ قەدەمدە راۋاجلىنىپ، ناھىيىنىڭ قاشتېشى كەسپىدە زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى.

شۇنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىشكە بولمايدۇكى، كېرىيىنىڭ بۇرۇنقى «قاشتېشى ئۇستىكارلىرى» دىن ھازىر كىشى قالمىدى. «سىدىقانىكام تاشچى» ، «نىزانىكام تاشچى» ، «جومىراخون تاشچى» لار ئىلگىرىكى ئەينى زامانلاردىكى كېرىيىنىڭ بىردىنبىر مۇتەخەسسىس، ماھىر، ئۇستىكارلىرى ئىدى. بۇلار ھاياتلىقىدا

ئۆلكىلەردىن كەلگەن تاپاۋەتچىلەر مەبلەغ سېلىپ ئېچىپ، قېزىۋېلىنغان قاشتېشىنى ياڭجۇ، شاڭخەي... قاتارلىق جايلاردىكى ئويمىچىلىق زاۋۇتلىرىغا يۆتكەپ ساتاتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، بۇ خىل شەخسىي ئىگىدارلىق قىلىنىشقا خاتىمە بېرىلىپ، «قاشتېشى كانلىرى» دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىندى. شۇنىڭ بىلەن 1957 ـ يىلى «كىرىيە ناھىيىلىك قاشتېشى كان ئىدارىسى» قۇرۇلۇپ، رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىدارە ھەر يىلى تاغقا ئادەم چىقىرىپ، قاشتېشى قېزىشقا تەشكىللەپ كەلدى. قېزىپ كېلىنگەن قاشتاشلارنى دەرىجىگە ئايرىپ، سېتىپ تىجارەت دۇكانلىرى تەسىس قىلىپ، ناھىيىگە ئىقتىسادىي كىرىم يارىتىپ كەلدى.

ھازىرغا قەدەر كىرىيىدىن «يېشىل قاشتېشى»، «قارا قاشتېشى»، «قىزىل قاشتېشى»، «كاۋاش قاشتېشى»، «سەيۋەرەڭ قاشتېشى»، «قىرلىق فارفور قاشتېشى»، «ئالماس»، «سەيدىقورام»، «ئىگىلەڭگۇ»... قاتارلىقلار قېزىلىپ، قاشتېشى ھۈنەر ـ سەنئەتچىلىكىدە مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ كەلمەكتە.

ئۈچىنچى ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇنلار ۋە ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلۈپ ئەھمىيەت بېرىشى نەتىجىسىدە، كىرىيىنىڭ «قاشتېشى كەسپى» زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، يېقىندىن «سېرىق قورام قاشتېشى كېنى»، «چىغانكۆل قاشتېشى

كى يولۇچىلارنىڭ ئايرىملىرى كېرىيىنىڭ زىيارەتچىلىرى، تىجارەتچىلىرى، ساياھەتچىلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ زوقلىنىدىغىنى، كۆرىدىغىنى، ئالىدىغىنى ئالدى بىلەن كېرىيىنىڭ «داڭلىق قاشتېشى» ۋە ئۇنىڭدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن نادىر بۇيۇملاردۇر. شۇڭا «كېرىيە قاشتېشى» ئۇچۇن دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىدىن بۇرۇن كېلەلمىگەنلەر ئەمدى كەلمەكتە. بۇنىڭ بىلەن كېرىيىنىڭ «داڭلىق قاشتېشى» تۆت جەھەت، بەش قىتئە جۇملە جاھاننىڭ دىققىتىنى تارتىپ، كېرىيىنىڭ شان - شۆھرىتى ۋە ئىپتىخارىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرماقتا. بۇ ھەقتە بۇ بىر رۇبائىي شۇنىڭغا مەنسۇپتۇر!

كېرىيىنى ئويلىساڭ ئىبارىسىغا باق،
سۇلىرى سۈپسۈزۈك دەرياسىغا باق.
كۆرۈشنى ئىستىسەڭ قاچانى ئۇنىڭ،
داڭلىق قاشتېشى سىماسىغا باق.

«داڭلىق كىرىيە قاشتېشى»نى ۋايىغا يەتكۈزۈپ پىششىقلاپ ئىشلەپ، «كىرىيە قاشتېشى»نىڭ لاتاپىتىنى، تۇرمۇشىدىكى ئىزىز ئورنىنى يەنىمۇ مۇكەررەم ئېتىپ ئۇنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەندى.

كىمكى كىرىيىنىڭ «قاشتېشى تارىخى»نى يازىدىكەن، ئالدى بىلەن بۇ ئۇستاز زاتلارنىڭ نامىنى ھۆرمەت بىلەن باش قۇرغا ئېلىپ سۆزلەپ، ئەسلەپ ئۆتۈشى لازىم! ئەگەرچە بۇ تۆھپىكارنىڭ جاپالىق يىللاردىكى تارىخىنى تاشلاپ، ئاتلاپ كېتىشىنىڭ ئۆزى ھەقىقىي، ئادىل قەلەم ئەھلىنىڭ ئىشى ئەمەس! ئېيتىش كېرەككى، ئۇلارنىڭ ئىزى ھەرقايسى تاش كانلىرىدا ساقلانغان بولسا، ھەرقايسى قاشتېشى چېھرىلىرىدە ئۇلارنىڭ قاشتېشىدەك نۇرانە يۈزلىرىنىڭ سىماسى ئەكس ئېتىدۇ، ئەلۋەتتە!

ئېنىقكى، قاشتېشىنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتىدا ئۇلارنىڭمۇ ئورنى، مۇبارەك نامى يادلىنىشقا تېگىشلىك! ھەربىر كىرىيە قاشتېشى ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى جاپالىق ئىشلىرىنىڭ بۈگۈنكى يورۇقلۇق كۆرگەن نامايەندىسى!

كىرىيە ۋە «كىرىيە قاشتېشى»نىڭ ئەمدىكى بىر تەنتەنىسى شۇكى، «ئوتتۇرا تارىم تاشيولى» ياسىلىپ، قاتناش ئىشلىرىنىڭ باشلىنىشى كىرىيە قاشتېشى سودىسىنىڭ يەنىمۇ زورىيىشىغا زور پايدىلىق شارائىت ئېلىپ كەلدى. كىرىيە ئىلگىرىكى «يىپەك يولى لىنىيىسى»نىڭ بىر تۈگۈنى بولغان بولسا، ئەمدى ئۇ «قاشتېشى سودا تىجارىتى تۈگۈنى» بولماقتا.

ھەر كۈنى كېلىۋاتقان ئۇزۇن يوللۇق قاتناش ئاپتوبۇسلىرىدا،

كېرىيىنىڭ خاملىرى، داكىلىرى، غەزنە، شايى چەكمەنلىرى، گۈللۈك سەرگەزلىرى، تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان رەختلىرى، قوزا كۆرپىلىرى، تۈلكە تېرىلىرى، قۇرۇق يېمىشلىرى، خۇشپۇراق زىرە، رەيھانلىرى، ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرى، ھېقىق ـ قاشتاشلىرى، داڭدار بۇيۇم، ئېسىل يەرلىك نەقىلياتلىرى ۋە مۇھاجىرلارنىڭمۇ ئۆزىنىڭ يەرلىك بۇيۇم ھەرخىل نەقىلياتلىرى بىر ـ بىرى بىلەن ئۆزئارا ئۆتۈشۈپ، ئالمىشىپ تۇرۇشاتتى. ئېنىقكى، قۇدىلىشىش ئىشلىرىمۇ مەۋجۇت بولۇپ كېرىيىدە بۇنىڭ بىلەن مۇھاجىرلار تاۋابىئاتلىرىمۇ كۆپەيگەن.

16 ـ ئەسىردىن كېيىنكى دەۋرلەردە كېرىيىدە مۇھاجىرچىلىق ئىلگىرىكى چاغلارغا قارىغاندا يەنە خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەشكە قاراپ مېڭىپ، بۇ ئارىدىكى مۇناسىۋەت ئىشلىرى بىرقەدەر زىچلاشقان، قويۇقلاشقان. ئەنە شۇنداق ئاۋۇن بولغان ئىش ھەم ئالاقىلەر تۈپەيلى كېرىيىدە مۇھاجىرلار مۇقىم ئۆي ئىگىلىك، روزىغار قىلىشىپ يەرلىكلىشىپ، بىر مىللىي ئاھالە تەركىبىنى تەشكىل ئەتكەن.

نەتىجىدە، بۇلار ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئۆز ئارا باغلىنىپ بىر ـ بىرىگە سىڭىشىپ ياشىشىپ، ئۆز مەدەنىيىتىنى، ئۆرپ ـ ئادىتىنى ساقلىغان ھالدا كېرىيىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى، مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ جۇلاسىغا جىلۋە، سەيقەل بېرىپ ئۆتكەن.

كۆپچىلىك مۇھاجىرلارنىڭ ئاغزى ئارقىلىق كېرىيىنىڭ مېھماندوستلۇقى، تۈز كۆڭۈللۈكى، ساددا، سەمىمىيلىكى، چاي

# كېرىيە ـ مۇھاجىرلارنىڭ ئىككىنچى ماكانىدۇر

بارات ئىمىن

كېرىيە جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن شەرقىي مېرىدىئان 81°30′ ـ 82°51′، شىمالىي پاراللېل 35°14′ ـ 39°29′ قا جايلاشقاچقا بىر قىسىم دۆلەتلەرگە يېقىن تام قوشنا بولۇپ، ئۇلار بىلەن ئىقتىسادىي، سودا ئىشلىرى، مەدەنىيەت ئالاقىلىرى، مۇناسىۋەت ۋە تەسىرلىرى بارلىققا كەلگەن. شۇڭىمۇ دۇنيا ئىنسانىيەت تارىخىدىكى مەشھۇر يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسى بولغان بۇ مۇھىم تۈگۈندىن مۇھاجىرلارنىڭ ئاياغ ئىزى ئۈزۈلمەي كەلگەن.

قەدىمكى سەمەرقەند، نەمانگان، بۇخارا، يەككەتوت، ئافغانىستان، شاش، ئەنجان، فەرغانە، تۈركمەن، پاكىستان، ھىندىستان، كەشمىر، تۈركىيە، سەئۇدى. . . مۇھاجىرلار كارۋانلىرى كېرىيە كارۋان سارايلىرىنىڭ دائىملىق مەنزىل تۇتقۇچىلىرى ئىدى. بۇ ھەقتە كېرىيە تارىخچىلىرىدىن موللا ئىمىن گوركىتى ۋە باشقىلار ئۆز ئەسەرلىرىدە، 1912 ـ يىللىرى «كېرىيىدە ھەر بازار كۈنى 500دىن ئارتۇق ئات ـ ئۇلاغ سودىسى بولۇپ تۇراتتى. كېرىيە تۈگمىسى، كېرىيە ئېتى يول يۈرۈشكە چىدامىلىق بولغاچقا تولىمۇ خېرىدارلىق ئىدى. كېرىيىدە 300 دىن ئارتۇق كارۋان سارىيى بولۇپ تەرەپ ـ تەرەپلەردىن كەلگەنلەر بىلەن تۇشۇپ كېتەتتى. . .» دەپ ئۇچۇر قالدۇرۇپ كەتكەن.

گوركىتى:

كونجى جاھان ئايۋانىدۇر، كىرىيە،
مۇھاجىرلار يارانىدۇر، كىرىيە.
كەڭ دەستۇرخان ھەريانىدۇر، كىرىيە،
پۈتمەس نىمەت ئاش ـ نانىدۇر، كىرىيە.

ئەنجان، سەمەرقەند، نەمانگانلاردىن،
سەئۇدى، ئابغان، ھىندىستانلاردىن.
تۈركىيە، لاھور ـ پاكىستانلاردىن،
ئەرجۇمەندلەر مىھمانىدۇر كىرىيە.

ھادى، ھەببى ئۆزئاراسىدا،
ھەكىم تەببى ئۆزئاراسىدا.
جانۇ ـ تەن كەبى ئۆزئاراسىدا،
دىل ئىچرە ۋىردى خوش ئاتىدۇر كىرىيە.

. . . . . .

دەپ مۇرەببە بونياد ئەتكىنىدە (بەلكىم)
بىكار ئىيتمىغان بولغىدى ئەلۋەتتە!

كىرىيە ئاھالىسى جاھاننىڭ بىر كونجى ـ خىلۋەت بۆلىكى بولغان بۇ نامى مۇئەززەم يۇرتتا ھازىرمۇ ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. ناھايەت ئۆتكەن دەۋرلەرنىڭ ھېچقاندىقىغا ئوخشىمايدىغان (باشقىچە) يېڭى بىر دەۋردە بىر كامال ئۆتەۋاتىدۇ. بۇ بەر كامال ئاھالىنىڭ ئىچىدە يەنە شۇ مۇھاجىر ۋە ئۇلارنىڭ تاۋابىئاتلىرى. . .

خۇمارلىقى، ئىشچانلىقى، مەشرەپ ۋە سەنئەتچانلىقى. . . قاتارلىقلار سىرتقى ئەللەردە قىسسە قىلىنىپ سۆزلەنسە، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزگىچىلىكلىرى كىرىيىدە يەنە شۇنداق تەلقىن قىلىناتتى.

دېمەك، كىرىيە خەلقى:

«چېگرا ھالقىپ يېتىپ بارغان قىسسەلەر بىزنىڭ» دېسە، مۇھاجىرلارمۇ:

«شۇنداقلىقىغۇ شۇنداق، ھەسسەلەر بىزنىڭ»

دېيەرلىك ھالدا، ھەسسىداش ۋە قىسسىداش ئىدى.

كىرىيىدىكى مۇھاجىرلار ۋە ئۇلارنىڭ چەت دۆلەتتىدە تەۋەللۇت بولۇپ كېيىن كىرىيىگە كېلىپ چوڭ بولۇپ بۇنىڭ بىلەن «ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار» دېگەن سالاھىيىتى ھازىرلىغانلىرى شۇنىڭدەك، ئۇلارنىڭمۇ تاۋابىئاتلىرى ھەممە - ھەممىسى كىرىيىدە بىر ئىتتىك قاتلامنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، كىرىيە ئۆز باغرىدىكى بۇ مۇھاجىرلارنىڭ ئىككىنچى ماكانىدۇر!

مەزكۇر قاتلام شۇ ياشاش تارىخى جەريانىدا كىرىيىنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ھەرخىل سۆيۈنۈشلىرىدىن تەڭ شادلانغان بولسا، ئاچچىق قىسمەتلىرىدىنمۇ يەنە ھەم تەڭ ئۆرتەنگەن!

ئەدناسى:

ياشاش يولىدا بىر - بىرىگە ھەمدەمدۇر،

پاراسەتلەردە، تەدبىردە تەڭ پەمدۇر.

شۇڭا ئەللامە، يېتۈك تارىخچى، ئىستىبداتلىق ئەدىب

ئىشلىرىنى يېڭى بىر بالداقتا كۆتۈرۈپ ئىلگىرىلىتىپ، ئۇنى گۈللەندۈرۈش، كېڭەيتىش، تەرتىپكە سېلىش ئىشلىرىدا كاتتا رول كۆرسەتكەن، تۆھپە قوشقان.

سۇلايمىنىكام ۋە زىرىپىخان ھاجىملار ئۆزبېك مۇھاجىرى بولۇپ، كىرىيىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى سەھىيە ئىشلىرى ئۈچۈن بىردىنبىر ھالدا پۈتۈن ناھىيىنىڭ داۋالاش ئىشلىرىنى ئۆتەپ سەھتى ـ سالامەتلىك ئۈچۈن:

دەرد ئەھلىگە داۋا دېگەن بىزلەر

رەنج ئەھلىگە شىپا دېگەن بىزلەر

دېگەن ئالىيجاناب روھىنى نامايان قىلىپ، جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ تۆھپە قالدۇرغان.

غولامەتخان كىرىيىدىكى مۇھاجىر زاتلارنىڭ غوللۇق ۋەكىلى، پېشۋاسى بولۇپ، نوپۇز جەھەتتە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەرباب بولۇش بىلەن، بۇ زات ناھىيە ئىچىدىكى ئاجىز ـ ئورۇق، يېتىم ـ يېسىرلەرگە، مىسكىنلەرگە خەيرىخاھ بولۇپ ئاتىدارلىق قىلاتتى. كىرىيىنىڭ ئىستىقبالى، خەلقلەرنىڭ ئازاد ـ ئەركىنلىكى جەھەتلەردە ئۆزىنى تەقدىم ئېتەرلىك دەرىجىدىكى ۋىجدان ئىگىسى ئىدى. . .

شۇنىڭدەك، كەمىنە، توختاۋسىز ھالدا تارىخنى ۋاراقلاپ، تۆۋەندىكى سەھىپىنى ئېچىپ، كىرىيىنىڭ ھازىرقى كىشىلىرىگە روھى ئۆلمەس، تۆھپىكار، ھەر ئىشتا بەردەم بىرقىسىم مۇھاجىرلارنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە يەنە تامامەن ھازىر ۋە قادىرمەن.

مەمەت رۇسۇلخان (پاكىستان)، شىر ئېلىخان ھاجىم

قاتارلىقلار ھېلىھەم بار. ئايانكى، روزغارلىرى دەخلى - تەرۈز سىز،
ئۆزى ئەمنىلىكتە دور!

كىرىيە تارىخىدا ئۆتكەن مۇھاجىرلار كىرىيىنىڭ بۈگۈنكى دەۋرى ۋە ئۇنىڭ روناقى ئۈچۈن تېگىشلىك بولغان ھەقىقەت كۈچ، ئەقىل - ئىدراكلار سەرپ ئېتىپ كەتكەن.

بۇنى ئېتىراپ قىلىش، تونۇش ئادىللىق ۋە ئاقىللىقتۇر! شۇڭىمۇ ئەسلەپ بېقىشقا تېگىشلىككى، ئەخمەتجان مەخسۇم (ئۆزبېك) مۇھاجىر بولۇپ، ئەينى زاماندا كىرىيىنىڭ ھاكىمى بولۇپ ئۆتكەن. كىرىيىنىڭ پەن - مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆزىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكى بىلەن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

ئابدۇغېنىجان ۋە ياسىنوفلار ئۆزبېك مۇھاجىرى بولۇپ، كىرىيىنىڭ مائارىپ، ئىلىم - پەن ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشما رەئىسلىكىنى ئىشلەۋېتىپ تۇرۇپمۇ بۇ جەرياندا زور مەدەتلەرنى بەرگەن. قوللاپ يېتەكچىلىك قىلغان. قەرەللىك كېلىپ، ئومۇمىي ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئىشلار ئۈستىدە پىلان، تەدبىر تۈزۈپ، بىر بۆلەك غوللۇق زاتلارنى كونكرېت ۋەزىپىلەرگە مەسئۇل قىلىپ چىقىپ، كىرىيە تارىخىدا مۇگەييەن نام قالدۇرغان.

ۋاسىلخان مەخسۇم (ئۆزبېك مۇھاجىرى) تالانتلىق سەنئەت ئۇستىسى بولۇپ، كىرىيىنىڭ ئەينى ۋاقتىدىكى «سانايىنەپىسە»

پەرزەنتلەر دۇنياغا كەلگەن.

مىرەجىنخاندىن رەھمىتۇللا ھاجىم دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، بۇ زات ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستاندا «دۇنيا ئىسلام جەمئىيىتى (رابىتول ئالىمىن ئىسلام)» دە خەلقئارالىق خىزمەت ئورنىدا بولۇپ، بۇ زاتتىن يەنە ئادىلجان، ئىنايىتۇللاجان، پەررۇخخان قاتارلىق پەرزەنتلەر دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، بۇلار ھازىر مەككىدە.

دېمەك، ئانىسى كىرىيىدىن بولغان بۇ يېتۇك زاتلار كىرىيە نامى بىلەن يېزىلىپ، دۇنيانىڭ بىر تاۋابگاھى دىيارى تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار گەرچە تاغ، دېڭىزلار ئاتلاپ نۇرغۇن مۇساپىرلا بېسىپ يېتىپ بارىدىغان كۆپ ئۇزاق دىياردا تۇرۇۋاتىسمۇ، سۆيۈملۈك ئانىسىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن كىرىيىنى ئەلۋەتتە ياد ئەتمەي تۇرالمايدۇ. كۆرگۈسى بار، كەلگۈسى بار. شۇڭا «شارائىت يار بەرسە، كىرىيىنىڭ يۈكسىلىشلىرى ئۈچۈن كۆپلەپ ھەسسىلەر قوشساق بولاتتى. بۇنداق قىلماقلىق بىزنىڭ ئانا يۇرتقا بولغان تۆلەشكە، ئاقلاشقا تېگىشلىك مۇقەددەس بۇرچىمىز ئىدى!...» دېيىشىدۇ.

گېزى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىپ كېتىش زۆرۈركى، ئوتتۇرىدىكى «توساق ـ قاشا» قانچىلىك بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇلار بىزنىڭ ناھىيىمىز كىرىيە قېنىمىدىن، كىرىيىلىك «ئانىدىن» تەۋەللۇت بولغاچقا ئەلۋەتتە بۇ ناھىيىدىن سۆيۈنىدۇ.. ئىپتىخارلىق ھېس قىلىدۇ! بىزمۇ كىرىيىلىك «ئانىدىن» تۆرىلىپ، دۇنيا سەھنىلىرىدە رول ئويناۋاتقان بۇ ئۆز كىشىلىرىمىزدىن، قانداش ـ قېرىنداشلىرىمىزدىن ماختانماي ئۆتەلمەيمىز! بۇنداق قىلىش ـ ئۆز كىشىلىرىمىزنى

(ئابغان)، ئابدۇمۇمىنخان (پاكىستان)، ئابدۇللاخان (شىر ئېلىخان ھاجىم ئوغلى) (ئابغان)، ئابدۇراخمانخان (ئابدۇللاخان ئوغلى)، زىيا ئېلىخان (ئابغان)، جامى روزىخان (زىيا ئېلىخان ئوغلى)، گۈلروزىخان، نەۋرۇزخان، ئابدۇللاخان (بۇلار بىر تۇغقان)، سالىجان (ئابغان)، دىلدىر شاخان (پاكىستان)، مەمتىمىنجان (كەشمىر)، مەمەت رۇسۇلخان (ئابغان)، بۇ ۋىجىنكام (ئۆزبېك)، زىرىپىخان ھاجىم (پاكىستان)، رىجەپخان (ئابغان)

ئىلاۋە: مەزكۇر رىجەپخاننى سوۋېتتىكىلەر كىرىيىدىكى «لەگزى» (يەنى ھازىرقى ناھىيىلىك ۋۇجاڭبۇنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى نامى شۇنداق دەپ ئاتىلاتتى) نىڭ كەينى تام تۈۋىگە تىرىك كۆمۈۋەتكەن. ئابباسخان (ھىندىستان)، ئابدۇساتتارخان (ھىندىستان)، بەدىردىنخان (ئابغان)، مىيەن ساھىپ (بەدىردىنخان ئوغلى)

مەلۇم بولسۇنكى، مەدىردىنخان ۋىلايەتلىك مۇھاجىرلار رەئىسى ئىدى. ئوغلى مىيەن ساھىپخانمۇ نوپۇزلۇق زات ئىدى. بۇلار غولامەتخان زاتقا ئوخشاش كىرىيە ئۈچۈن كۆپ جان پىدالىقلار كۆرسەتكەن.

ئۇچۇر بولۇپ قالسۇنكى، جاناب غولامەتخاننىڭ ئولتۇراق ئىگىلىكى «ئاق مەسچىت» (يەنى، مەرھۇم روزاخۇنۇم موسەننىپ مەدرىسى) يېنىدا بولۇپ، بۇ زات كىرىيە ئاھالىسىدىن «مەرەم خان» بىلەن تۇرمۇشلۇق بولۇپ نەتىجىدە ئانىسى كىرىيە قىبىلىدىن، ئاتىسى چەت ئەللىك قىبىلىدىن بولغان غولام ئەخمەدخان، غولام نەبىخان، غولام مەخمۇدخان، دۆلەتخان، مىرەجىخان قاتارلىق

«پالانى مىللەت» دەپ ھېسابلىغان كىشىلەرلا رويخەتكە ئېلىنغان.

ئازادلىقتىن كېيىن خەلق ھۆكۈمىتى مۇھاجىرلارنى بىر نەچچە قېتىم تەكشۈرۈپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن گوۋۇيۈەن ئۇقتۇرۇش قىلىپ 1997 ـ يىلىدىن باشلاپ مەملىكەت بويىچە «مۇھاجىر» ۋە «ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىر» ، «تاۋابىئات» قاتارلىق تۈرلەر بويىچە سالاھىيىتىنى بېكىتىپ، تەكشۈرۈپ گۇۋاھنامە تارقاتتى. گۇۋاھنامىدە ئۇلارنىڭ ھوقۇق، مەنپەئەت قانۇنى ئالاھىدە يېزىپ كۆرسىتىلىپ ئۆز قولىغا بېرىلدى.

بۇنىڭ بىلەن كىرىيىدە «مۇھاجىرلار قورۇلتىيى» چاقىرىلىش تەشكىلى ئاپپارات بارلىققا كەلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن كىرىيە پۈتۈن مۇھاجىرلار ۋە ئۇلارنىڭ تاۋابىئاتلىرى ئېنىق بەلگىلىمە، سىياسەت، تەشكىلى ئاساسقا ئىگە قىلىندى. ئەمدىكى تەرەققىيات ئىشلىرىدا مۇھاقىرلارنىڭمۇ بىر ئۇلۇش تېگىشلىك تۆھپىلىرى كىرىيىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخىدا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئېنىق سۆزلىنىپ تۇرىدۇ! ئىلگىرىمۇ كىرىيە مۇھاجىرلارنىڭ ئىككىنچى ماكانى بولغانىكەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە ھەم شۇنداق بولۇشتا شۈبھى يوق!

تونۇغانلىقىمىز، ھۆرمەتلىگەنلىكىمىز، قەدىرلىگەنلىكىمىز بولۇپ، بىزنىڭ ئۆز كىشىلىرىمىزگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق مەيدانىمىزنى، سەگەكلىكىمىزنى ئىپادىلەيدۇ، ئەلۋەتتە!

* *

كىرىيىدىكى ھەرقايسى ئەل مۇھاجىرلىرى توغرىسىدا بەزىلەر تۆۋەن، يۇزەكى قاراشلاردا بولۇپ «مۇھاجىرلار ئۆز دۆلەتلىرىدىكى شەكىللەنگەن يېڭى ئۆزگىرىش، يېڭى تۈزۈم، يېڭى ئىدىيە، يېڭى كۆزقاراشلار تۈپەيلىدىن مۇشۇ يېقىنقى يىللار ئىچىدە كىرىيىدە پەيدا بولغان، يېقىنقى يىللاردىن بۇرۇن كەلمىگەن» دېيىشىدۇ. تارىخ ئۇبدان ئەينەك، قاراپ ئۆتسەك 1949 - يىلىدىن بۇرۇنقى ستاتىستىكا بىلەن 1982 - يىلىدىكى 3 - نۆۋەتلىك نوپۇس تەكشۈرۈشتىكى سىلىشتۇرما بۇنىڭغا ياخشى جاۋابتۇر.

مىنگونىڭ 5 - يىلى (1916 - يىلى) ئېلان قىلىنغان پاكىتتا، كىرىيىدە 590 جان (ئاياللار 253) مۇھاجىر بار ئىدى.

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى تەرىپىدىن ستاتىستىكا قىلىنغان ساندا كىرىيىدە مۇھاجىرلار 409 ئىدى.

ئازادلىقتىن بۇرۇنقى مۇھاجىرلار سانىنى ئىگىلەش كىرىيىدە بىرقەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئېنىق مەلۇماتقا ئېرىشىش مۇشكۈل.

ئىككىنچى بىر تەرەپتىن، ئازادلىقتىن بۇرۇنقى كىرىيە كونا ھۆكۈمىتى مۇھاجىرلارنى مىللەت سانى بىلەن ئاتاپ، ئەكسىچە مۇھاجىرلار تۈركۈمى ياكى مۇھاجىرلار ستاتىستىكىسى ئېنىقلىمىسى بويىچە كۆرمىگەن. بۇنداق ئەھۋالدا ئۆزلىرىنى پەقەت

**1. كېرىيە دەرياسى**

بۇ دەريا كوئېنلۇن تېغىنىڭ كېرىيە تاغ ئېغىزىدىن باشلىنىدۇ. ھاسىل بولۇشتا ئاتامسۇ دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، ئاقتىساي دەرياسى، كوراپ دەرياسى، قاشتاش دەرياسى... قاتارلىق 12 تارماق ئېقىننىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان. ئېقىش يۆنىلىشى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئېقىپ، پۈتۈن كېرىيە ناھىيىسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن بولغان ئېگىزلىكى 6920 مېتىر، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 438 كىلومېتىر. ئوكلۇنى 3420 مېتىر، ۋادا كۆلىمى 7358 كۋادرات كىلومېتىر. دەريا قىنىنىڭ كەڭلىكى 20 مېتىردىن 150 مېتىرغىچە.

ئومۇمىي ۋادىنىڭ ئوتتۇرىچە تۆۋەنلەپ بېرىشى 291/1 گە توغرا كېلىدۇ. سۇ مەنبەسى جەھەتتە قارا سۇنى (بۇلاق) ئاساس، يامغۇر سۈيىنى قوشۇمچە قىلىدۇ.

دەريانىڭ سۈيى ئېقىش مۇساپىسى جەريانىدا پەيدىنپەي ئازلاپ بارىدۇ.

كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 22.15 كۇب مېتىر بولىدۇ.

كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 699 مىليون 20 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، بۇ پۈتۈن پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ مىقدارىنىڭ 76.08 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

دەرياغا يىللىق، پەسىللىك سۇ كېلىش مىقدارىدىكى پەرق چوڭ، يىللىق ئېقىن مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر مىليارد 76

# كېرىيىنىڭ دەريالىرى، بۇلاقلىرى، كۆللىرى، سۇ ئامبارلىرى ۋە سۇچىلىق ئىشلىرىدىكى تەرەققىياتى

مۇنەۋۋەر بارات

كېرىيە ـ ياۋروپا، ئاسىيا قۇرۇقلۇقى ئىچىدىكى ئەڭ قۇرغاق بەلۋاغقا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن «سۇ» بۇ ناھىيىنىڭ ئەڭ مۇھىم، ئەڭ قىممەتلىك بىردىنبىر مۇقەددەس بايلىقى بولۇپ، ئۇ پۈتۈن ناھىيىدىكى كۆللى ھاياتلىقنىڭ ياشاش ئاملى، شۇنداقلا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بەلگىلەپلا قالماستىن، بەلكى سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى جەھەتتىمۇ ئالدىنقى شەرتلەرنىڭ بىرى.

كېرىيە ناھىيىسىدە ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسىغا كىرىدىغان چوڭ ـ كىچىك 11 دەريا بولۇپ، بۇلاردىن پايدىلانغىلى بولىدىغىنى بەش دەريا، كۆللۈكلەردىن ئۈچى بار، تۆزلەڭلىك سۇ ئامبىرىدىن 13 سۇ ئامبىرى بار، تاغلىق سۇ رايونى ئامبىرىدىن بىرسى بار، بۇلاقتىن يەتتە بۇلاق بار.

تۆۋەندە شۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

ياشايدۇ. بەزىلەر ئۇلارنى قۇملۇق ئىچىدىكى «ئىپتىدائىي قەبىلە» دېيىشىدۇ. دۇنيا جامائەتچىلىكىمۇ بۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ كەلدى. بۇ يەر «دەريا بويى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەزى ئېكسپېدىتسىيىچىلەر كېرىيىدىن يولغا چىقىپ شىمالغا «دەريا بويى»غا يېتىپ بارغان. غەربكە 100 كىلومېتىر ئۆپچۆرىسىدە يول يۈرگەندىن كېيىن «مازار تاغ»قا قايتىپ بارغان. بۇ يول يۈرۈشى مۇشەققەتلىك، ئوتتۇرا قىسىمدا يول يوق، پۈتۈنلەي قۇم بارخانلىرى ئۈستىدىن يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. كېرىيە دەرياسىغا كېرىيە كۆۋرۈكى سېلىنغان، كېرىيە ناھىيە بازىرىدىن دەريا بويلاپ 230 كىلومېتىر يۈرگەندىن كېيىن «دەريا بويى يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى»گە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ.

**2. تومىيا دەرياسى**

بۇ دەريا دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىز بولغان «ئوتتۇرا تاغ بەلۋېغى»دىن باشلىنىدۇ.

تاغ ئېغىزىدىن چىقىپ 12 كىلومېتىر ئاققاندىن كېيىن ئىككى تارماققا ئايرىلىدۇ.

بىرسى غەربىي تارماق «ئويتوغراق يېزىسى»غا قاراپ ئاقىدۇ. يەنە بىرى شەرقىي تارماق «يېسىيولغۇن كەنتى»گە قاراپ ئاقىدۇ. غەربىي تارماقنىڭ سۈيى تۆت پەسىلدە ئۈزۈلمەي ئاقىدۇ. ھەر ئىككى تارماقنىڭ كەلكۈن مەزگىلىدىكى سۈيى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، شەرقىي تارماقنىڭ سۈيى قىش پەسلىدە ئۈزۈلۈپ قالىدۇ.

مىليون كۇپ مېتىر، ئەڭ ئاز بولغاندا 525 مىليون كۇپ مېتىر، ئەڭ ئاز كەلكۈن سېكۇنتىغا 78 مىليون كۇپ مېتىر، ئاز كەلكۈن سېكۇنتىغا 2.25 كۇپ مېتىر بولىدۇ.

سۇنىڭ تۆت پەسىلدىكى كېلىشى ئوخشاش ئەمەس، ئەتىياز پەسلىدە 11.7%، ياز پەسلىدە 66.5%، كۈز پەسلىدە 14.7%، قىش پەسلىدە 7.1% پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ.

كېرىيە دەرياسى سۇ مەنبەسىنىڭ سېلىشتۇرمىلىقى جەھەتتە:

قار سۈيى 67%، يەر ئاستى سۈيى 19%، يامغۇر سۈيى 14% نى تەشكىل قىلىدۇ.

ھەر كۇپ مېتىر دەريا سۈيىدىكى قۇم مىقدارى 4.7 كىلوگرام، دەريانىڭ ئېگىز ۋە ئوتتۇرا تاغ بەلۋاغلىرى «سىزغىم رايونى» دەپ ئاتىلىدۇ.

كېرىيە دەرياسىنىڭ سۇ ئېنېرگىيە زاپاس مىقدارى 474 مىڭ كىلوۋات، ئېچىشقا بولىدىغىنى 61 مىڭ كىلوۋات، ھازىرغىچە ئېچىلغىنى 4750 كىلوۋات.

ئېدىرلىق پەس تاغلاردا سۇ ئازراق بولىدۇ. سۇ تاغدىن چىقىش ئېغىزىدا ئەڭ كۆپ بولىدۇ. تاغ ئېغىزىدىن چىقىپ، بوستانلىققا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقى «سۇسىزلىنىش رايونى»، بوستانلىقنىڭ تۆۋەن تەرىپى «سۇ ئۈزۈلگەن رايون» دەپ ئاتىلىدۇ.

كېرىيە دەرياسىنىڭ تەكلىماكاننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈشى كىشىلەر قىزىققۇاتقان يەنە بىر يول بولۇپ قالدى. چۈنكى تارىختا كېرىيە «دەريا ئېقىنى» يىر بەگلىكىنىڭ مەركىزى بولغان. ھازىر بۇ دەريا ساھىلىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدا 800 دىن ئارتۇق ئائىلە

شەرقتىن غەربكە تاسما ھالەتتە سوزۇلغان. ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 1.88 مېتىر كېلىدۇ. ئەڭ چوڭقۇر يېرى 12 مېتىر كېلىدۇ.

سۈيى تاتلىق كۆلنىڭ شىمال تەرىپىدە يىل بويى قار قاپلىنىپ تۇرىدىغان ئېگىز تاغ بار. جەنۇب تەرىپىدە يانار تاغ ئىدىرلىقلىرى بار. بەنى شەكلى بەك چىرايلىق يانار تاغلار بار.

كېرىيەدىكى كۆللەر (1) «ئۇرايىم كۆلى». بۇ كۆل ئويمانلىقنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ ئارقىسىدا «مۇز تاغ» بار.

ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىردىن كۆپرەك، كۆلىمى 11.2 كۋادرات كىلومېتىر، شەكلى تاسما شەكىلدە، چوڭقۇرلۇقى 0.9 مېتىر. ئەڭ چوڭقۇر يېرى تەخمىنەن ئۈچ مېتىر كېلىدۇ.

ھەر يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مۇز توڭلايدۇ. مۇزنىڭ قېلىنلىقى 0.6 مېتىردىن تەخمىنەن ئىككى مېتىرغىچە، سۈيىنىڭ سۈپىتى ياخشى (ئىچىشكە بولىدۇ). كۆلنىڭ يۈزى جەنۇبتىن شىمالغا يانتۇ شەكىلدە، كۆلگە 10 يەردىن قار سۈيى كىرىدۇ. تاغ ئالدىدىن كۆل ياقىسىغىچە بولغان ئارىلىقتا تەكشى تاشلىق چۆل - جەزىرە چاتقاللىقلار بار. كۆل ئەتراپىدا ئازگال ۋە لاتقا يەرلەر بار. ھاۋاسى شالاڭ.

كىلىماتى كۆپ ئۆزگىرىشچان، ئېگىز تاغ ئېكسپېدىتسىيە مەنزىرە ساياھەت رايونى قۇرۇشقا بولىدۇ.

(2) ئۇلۇغكۆل

بۇ كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى سەككىز كىلومېتىر، ئەڭ كەڭ يېرى ئۈچ كىلومېتىر، كۆلنىڭ ئەتراپى خىلمۇ خىل ياۋايى ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغان، بۆرە كۆپ، ئېگىز تاغ ساياھەت مەنزىرە

### 3. پىشكە دەرياسى

بۇ دەريا «تومىيا دەرياسى» نىڭ غەربىدىن 24 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ «قارانتاش تېغى» نىڭ شەرقىي قىسمىدىن باشلىنىدۇ. سۇ مىقدارى تۇراقلىق ئەمەس، ياز، كۈز پەسىلدىكى كەلكۈن مىقدارى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى «ئاچچان يېزىسى» نىڭ «پىشكە كەنتى» نى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ.

### 4. ئاچچان دەرياسى

بۇ دەريا «ئاچچان تېغى» دىن باشلىنىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 1.54 كۇب مېتىر، ئەتىياز پەسلىدە 9.46، كۈز پەسلىدە 7.48، قىش پەسلىدە 0.48 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاساسلىقى «ئاچچان»، «كوئىنلۇن»، «تەسكەنلىك» كەنتلىرىگە ئېقىپ بارىدۇ.

كۆلىمى 14.84 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. جەنۇب تەرىپى ئېگىز تاغقا يېقىن، شىمال تەرىپى ئېدىرلىق، كۆل بىرقەدەر چوڭقۇر. چوڭقۇرلۇقى 20 مېتىر كېلىدۇ. ئەڭ چوڭقۇر يېرى 38 مېتىر كېلىدۇ.

كۆلگە غەربىي جەنۇب ۋە شەرقىي شىمال تەرەپتىكى بۇلاقتىن سۇ كىرىدۇ. سۇيى تاتلىق، ئىچىشكە بولىدۇ. كۆلگە ئۇلاغ بىلەن كەلگىلى بولىدۇ.

(3) كىچىك كۆل

بۇ كۆل ئۇلۇغكۆلگە يېقىن بولۇپ «كىرىيە دەرياسى» نىڭ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ.

كۆلىمى 11.5 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، يۇزىلىشى

ئاساسەن «ئۈچ يەر ئاستى سۇ رايونى» بەلۋېغىغا بۆلۈشكە بولىدۇ.
(1) يەر ئاستى ئېقىن بولۇۋىغى بۇ بەلۋاغ تاغ ئالدىدىكى تىنىمنىڭ يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقان.
(2) سۇ سىزىپ چىقىش بەلۋېغى. بۇ بەلۋاغ تىمىننىڭ تۆۋەن ئاستى قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىقى ئاجىز، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكىتى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ.
③ يەر ئاستى سۈيىنىڭ تارقىلىپ يوقىلىش بەلۋېغى.
بۇ بەلۋاغ بۇلاق سۈيى بىلەن سۇغىرىش رايونىنىڭ شىمالىي چۆل بەلۋېغىدا يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى 5. مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بولۇپ، زور مىقداردىكى يەر ئاستى سۈيى كۆچلۈك پارغا ئايلىنىپ تارقىلىپ يوقىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سۇ تەركىبىدىكى مۇز مىقدارى كۆپىيىپ، سۇ سۈپىتى ناچارلىشىدۇ.

## كېرىيىنىڭ سۇ ئىشلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەت نەتىجىلىرى

كېرىيە ناھىيىسى يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىشتا مۇئەييەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ناھىيە بولۇپ، 1984 - يىلى ۋە ئويتوغراقتا «سۇ مەنبەسى بازىسى» ياسىدى، بىۋاسىتە سۇغىرىلىدىغان ئېتىز 45 مىڭ موغا، ياخشىلانغان سۇغىرىش كۆلىمى 65 مىڭ موغا يەتتى.
1991 - يىلىدىكى ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 316 مىڭ 300 مو، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يەر كۆلىمى 7. 1 مو، ئومۇمىي تېرىش كۆلىمى 413 مىڭ 800 مو (ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ 1800 مو). بۇنىڭدىن بۇغداي كۆلىمى 145 مىڭ مو، قوناق كۆلىمى 121 مىڭ 400 مو، شال

رايونى قۇرغىلى بولىدۇ.

### كېرىيەنىڭ تۈزلەڭلىك سۇ ئامبىرى

كېرىيە ناھىيىسىدە 13 تۈزلەڭلىك سۇ ئامبىرى بولۇپ، تاغلىق سۇ رايونى ئامبىرىدىن بىرسى بار.

ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 24 مىليون 300 مىڭ كۇب مېتىر كېلىدۇ (بۇ كېرىيە دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئىككى سۇ ئامبىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). ئۇنىڭ سىغىمچانلىقى تۆت مىليون 600 مىڭ كۇب مېتىر كېلىدۇ.

### كېرىيەنىڭ ئاساسىي بۇلاقلىرى

مەلۇمكى كېرىيىدە ئاساسىي بۇلاقتىن ئالتىسى بار، بۇلار قاراقىر بۇلىقى، لاي سۇ بۇلىقى، باشكۆل بۇلىقى، بوستان بۇلىقى، يېڭى باغ بۇلىقى، يوغان توغراق بۇلىقىدىن ئىبارەت.

بۇلاق سۇلىرىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 303 مىليون 670 مىڭ كۇب مېتىر. بۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ 124 مىليون 190 مىڭ كۇب مېتىر. ئۇ ئەتىياز پەسلىدە 21.9 پىرسەنتنى، ياز پەسلىدە 15 پىرسەنتنى، كۈز پەسلىدە 13.4 نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇلاق سۈيىنىڭ يىللار ئارا ئۆزگىرىش چوڭ ئەمەس.

كېرىيەنىڭ يەر ئاستى سۇ زاپىسى مول بولۇپ يەر ئاستىدىكى 209 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى «كېرىيە دەرياسى» نىڭ غەربىدىكى كونۇسسىمان تىنمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەر شەكلى، يەر تۈزۈلۈشى، تاغ جىنسلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىغا

سىڭەسلەشتۈرۈشتىن ئىلگىركى 0.7 دىن 0.95 گە يەتتى. ئەتىياز پەسلىدە تېجەپ قىلىنغان سۇ 4 مىليون 290 مىڭ كۇپ مېتىر، چىپىلغان زەيدان 221 بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 260 كىلومېتىر، كوئىنلۇن ئىلىشى بېشى قايتا ئىشلەش قۇرۇلۇشىنىڭ «ئۈچنى راۋانلاشتۇرۇش، بىرنى تۈزلەش» ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمىتىنى ئۆز ۋاقتىدا تاماملاندى. سۇغىرىش رايونىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش يۈزىسىدىن ياسالغان قۇرۇلما 1077، رېمونت قىلىنغان غول ئۆستەڭ ۋە سۇغىرىش ئۆستىڭى 58.8 كىلومېتىر، سۇ ئامبىرى ئىككى، كۆپەيتىلگەن سۇ قاچىلاش ئىقتىدارى 2 مىليون كۇپ مېتىر، رېمونت قىلىنغان كەلكۈن چۈشۈرگىسى 4.

كېرىيە ناھىيىسى 1991 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ «تە٪ رتاغ لوگقىسى»نى تاللىشش ئېتىز ـ ئېرىق سۇ ئىنشائاتى ئاساسىي قۇرۇلۇش مۇسابىقىسىدا 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغان.

كېرىيىنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن دەريا، كۆل، بۇلاق، سۇ ئامبىرى... قاتارلىق سۇ ئاساسلىرى تارىختىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، بۇلار يېڭى مۇھاپىزەت، يېڭى قۇرۇلۇش، يېڭى باشقۇرۇش، يېڭى پايدىلىنىشتىن ئىبارەت يېڭى ئىش كۆرۈش ئاساسىدا يىلمۇ يىل يۈكسەلدى ۋە يۈكسىلىۋاتىدۇ. ئىستىقبالى پارلاق، سۇ ... ن كېرىيە بوستانلىقى يەنىمۇ گۈزەللىشىدۇ، تۇرمۇشـ... ـمۇ مول مەئىشەتلەرگە ئېرىشتۈرۈلىدۇ. سۇنىڭ راۋانلىـ... – يۇرتنىڭ پاراۋانلىقى!

كۆلىمى 31 مىڭ مو، باشقا كۆلەم 4300 مو، كېۋەز 62 مىڭ 400 مو بولغان بولۇپ، بۇلار كېرىيە سۇلىرىنىڭ ھاياتبەخشلىكىدە ياشارتىلغان ۋە ھوسۇل بەرگەن.

يەنە شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، كېرىيىنىڭ دەريا بويلىرىدا «ئولا» بار بولۇپ، ئۇ كەم ئۇچرايدىغان قوغدىلىدىغان قۇشلار قاتارىدا مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ. شۇنداقلا يەنە دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن «ھىمالايا» (بۇ 3400 مېتىردىن 5500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغ جىلغىسىدا ۋە مۇز قار بولغان نەملىك يەرلەردە ئۆسىدۇ)، قوچاق گۈل (بۇ دېڭىز يۈزىدىن 3300 ـ 1500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى دەريا جىلغىسىنىڭ نەملىك ئاز بولغان جايلىرىدا ۋە تاغنىڭ تەسكەي تەرىپىدە ئۆسىدۇ)، چۇچۇكبۇيا (بۇ كېرىيە دەريا ساھىلىدا ئۆسىدۇ)، ما كاپ، پاقا يوپۇرمىقى (بۇلار دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئازگال، قىر، تېرىلمىغان يەرلەردە ئۆسىدۇ). بۇلاردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە توشقان زەدىكى قاتارلىقلار بار. (ئۇ ئاساسلىقى دەريا بويى يېزىسىدىكى «يۇلغۇنلۇق» ئارىلىدىن چىقىدۇ)، چاكاندا (بۇ تاغ ئالدىدىكى چۆل ـ جەزىرىدە ئۆسىدۇ).

كېرىيە 1991 ـ يىلى ئېتىز ـ ئېرىق سۇ ئىنشائاتلىرى ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا دۆلەتنىڭ 2 مىليون 680 مىڭ يۈەن ئىقتىسادى بىلەن مەبلەغ سالدى، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي سېلىنغان ئەمگەك كۈچى 1 مىليون 242 مىڭ 300 ئىش كۈنى بولۇپ ئورۇندالغان تۇپا ـ تاش 7 مىليون 319 مىڭ 400 كۇب مېتىر، ياسالغان سۇ سىڭمەس ئېرىق ـ ئۆستەڭ 198 كىلومېتىر، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىن پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى سۇ

# 于田文史资料

中国人民政治协商会议于田县委员会文史资料室编

地址:于田县新城路2号　　邮编:848400

乌鲁木齐市晓名纸品印刷有限公司

32开本　　数量:2000

2002年9月第1版　　2002年9月第1次印刷

新疆维吾尔自治区内部资料准印证(2002)399号

باش مۇھەررىر: ئەيسا توختى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: نۇرى ئىمىن، جۇرئەت داۋۇت،
مەھەممەتئەيسا قۇربان
مەسئۇل مۇھەررىر: مەتتۇرسۇن ئوبۇلقاسىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# كېرىيە تارىخ ماتېرىياللىرى

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى كېرىيە
ناھىيىلىك كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللار ئىشخانىسى تۈزدى
ئادرېسى: كېرىيە ناھىيە يېڭىشەھەر يولى 2 - نومۇر    پوچتا نومۇرى: 848400

2002 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى
2002 - يىلى 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى

ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ رۇخسەت نومۇرى (2002) 399